صرف معزى

عوامل حركات

نحو تلخيص

# عتبة اللغة العربية

## ئەرەب تىلى بوسۇغۇسى

(5 ــ 6 ـ قىسىم)

عتبة اللغة العربية

ئەرەب تىلى بوسۇغۇسى

صرف معزى

عوامل حركات

نحو تلخيص

## فَضَائِلُ الْفِقْهِ

تَفَقَّهْ فَاِنَّ الْفِقْهَ اَفْضَلُ قَائِدٍ * اِلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوٰى وَاَعْدَلُ قَاصِدِ

وَكُنْ مُسْتَفِيْدًا كُلَّ يَوْمٍ زِيَادَةً * مِنَ الْفِقْهِ وَاسْبَحْ فِى بُحُوْرِ الْفَوَائِدِ

فَاِنَّ فَقِيْهًا وَاحِدًا مُتَوَرِّعًا * اَشَدُّ عَلَى الشَّيْطَانِ مِنْ اَلْفِ عَابِدِ

مَا الْفَضْلُ إِلَّا لِاَهْلِ الْعِلْمِ اَنَّهُمُ * عَلَى الْهُدٰى لِمَنِ اسْتَهْدٰى اَدِلَّآءُ

وَوَزْنُ كُلِّ امْرَأٍ مَا كَانَ يُحْسِنُهُ * وَالْجَاهِلُوْنَ لِاَهْلِ الْعِلْمِ اَعْدَآءُ

فَفُزْ بِعِلْمٍ وَلَا تَجْهَلْ بِهِ اَبَدًا * اَلنَّاسُ مَوْتٰى وَاَهْلُ الْعِلْمِ اَحْيَآءُ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى تورىسى
www.uyghurkitap.com

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَـٰنِ ٱلرَّحِیمِ

# عَتَبَةُ اللُّغَةِ الْعَرَبِيَّةِ

## ئەرەب تىلى بوسۇغۇسى

(5 — 6- قىسىم)

اَللّٰهُمَّ أَلْهِمْنِيْ رُشْدِيْ وَأَعِذْنِيْ مِنْ شَرِّ نَفْسِيْ وَارْزُقْنِيْ فَهْمَ النَّبِيِّيْنَ وَحِفْظَ الْمَلٰئِكَةِ الْمُقَرَّبِيْنَ.

## كىرىش سۆز

قولىڭىزدىكى «عتبة اللغة العربية» (ئەرەب تىلى بوسۇغۇسى) نام-
لىق بۇ كىتاب دىنىي ئوقۇغۇچىلار دەسلەپتىلا ئوقۇشى زۆرۈر بول-
غان ئەرەب تىلى مورفولوگىيىسى («علم الصرف»، «معزى»)، ئەرەب
تىلى گراماتىكىسى («عوامل»، «حركات الاعراب»، «تسهيل النحو»)،
ئەرەب تىلى ئىستىلىستىكىسى («مختصر تلخيص المفتاح») قاتارلىقلارنى
ۋە ئۇلارنىڭ شەرھىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ، يېڭىدىن ئوقۇشقا
كىرگەن طالب العلملەرنىڭ دەرسلىك ھاجىتىدىن چىقىدۇ. شۇنداق-
لا ئۇستازلارنىڭ ئۆگىتىش جەريانىدا قىينالغان يەرلىرىنى ئاسان-
لاشتۇرىدۇ.

بۇ كىتابنى ئۇستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپلا كىشىگە ئەسقاتماي-
دىغان پايدىسىز نەزەرىيە بىلەن قەغەزنى قارا قىلماستىن، بەل-
كى ئوقۇتۇش جەريانىدا ھاسىل قىلغان ئەمەلىي تەجرىبىلىرىم-
گە ئاساسەن، دەرسلىك تىلى ئىستىلاھى بويىچە، ئوقۇغۇچىلار
ئاسان چۈشىنەلەيدىغان ھەم ئاسان ئەستە ساقلىيالايدىغان، تىلى
يەڭگىل، قوللانما قىلىشقا يارايدىغان قىلىپ تۈزۈپ چىقىشقا
تىرىشتىم.

بۇ كىتاب پەرۋەردىگارىمنىڭ ياردىمى، ئىلھامى ۋە كۈچ-
قۇۋۋەت بېرىشى بىلەن مۇشۇ ھالەتكە كەلدى. بۇ خىزمىتىم
پەرۋەردىگارىمنىڭ كەمىنىگە بەرگەن ئىلىمدىن ئىبارەت زور نىئ-
مىتى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

ئازماسلىق پەقەت بۈيۈك ۋە سەلتەنەتلىك پەرۋەردىگارىمىز
اللّٰهقىلا خاستۇر. كىتابىمنى ئۇنداق ياكى مۇنداق كەمچىلىك-
لەردىن خالىي دېيەلمەيمەن. ئەگەر خاتالىق بايقالسا، پايدىلانغۇچى-
لارنىڭ كۆڭلى-كۆكسىنى كەڭرى تۇتۇپ، تۈزىتىپ ئوقۇشىنى
تەۋسىيە قىلىمەن.

—— مۇئەللىف.

ھ 1423- يىلى رەجەب

# مۇندەرىجە

## تسهيل النحو

بىرىنچى دەرس علم النحو ........................................ 3
ئىككىنچى دەرس كلام ........................................ 5
ئۈچىنچى دەرس مُعْرَب ۋە مَبْنِى ........................................ 8
تۆتىنچى دەرس اعراب ۋە ئۇنىڭ قىسىملىرى .................... 9
بەشىنچى دەرس منصرف ۋە غير منصرف ............................ 14
صرف ئېتىلىشتىن مەنئىي قىلىنىدىغان سەۋەبلەر ........ 14
ئالتىنچى دەرس سوئاللار ........................................ 20
يەتتىنچى دەرس جملة اسميّة ........................................ 22
سەككىزىنچى دەرس جملة اسميّةنى مەشىق قىلىش .............. 27
توققۇزىنچى دەرس نواسخ جملة ........................................ 28
ئونىنچى دەرس افعال مُقَارَبَة ........................................ 32
ئون بىرىنچى دەرس حُرُوْف مُشَبَّهَة بِالْفِعْل ........................ 34
ئون ئىككىنچى دەرس «اِنَّ» ۋە «اَنَّ»نىڭ ئىشلىتىلىشى-
-دىكى پەرق ........................................ 36
ئون ئۈچىنچى دەرس لَيْسَگە ئوخشىغۇچى «مَا» ۋە «لَا» ........ 37
ئون تۆتىنچى دەرس جملة فعليّة ........................................ 40
فاعل ۋە فعلنىڭ ئەھكاملىرى ........................................ 40
مفعول مَا لَمْ يُسَمَّ فَاعِلُه (نائب فاعل) ........................................ 43

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com




ئون بەشىنچى دەرس جملة فعليةنى مەشىق قىلىش ............. 44
ئون ئالتىنچى دەرس مفاعيل خمسة .................................. 46
ئون يەتتىنچى دەرس حال ۋە تمييز ................................ 53
ئون سەككىزىنچى دەرس مستثنى ................................ 55
ئون توققۇزىنچى دەرس اَسْمَآء عَدَدنىڭ تمييزى ..................... 57
يىگىرمىنچى دەرس مَجْرُورَات ................................ 59
يىگىرمە بىرىنچى دەرس جملةنىڭ بۆلەكلىرىنى تەقسىم قىلىش..... 63
يىگىرمە ئىككىنچى دەرس حكاية مەشىقى .................... 65
يىگىرمە ئۈچىنچى دەرس سوئاللار ................................ 67
يىگىرمە تۆتىنچى دەرس توابع ...................................... 69
يىگىرمە بەشىنچى دەرس مبنى اسملار ............................ 75
يىگىرمە ئالتىنچى دەرس اسماء الاشارة والموصولات .................... 77
يىگىرمە يەتتىنچى دەرس اسماء الافعال ............................ 80
يىگىرمە سەككىزىنچى دەرس حكاية مەشىقى.................... 82
يىگىرمە توققۇزىنچى دەرس الصوت والمركب والكناية .................. 83
ئوتتۇزىنچى دەرس ظُرُوْف مَبْنِيّة ................................ 86
ئوتتۇز بىرىنچى دەرس سوئاللار ................................ 91
ئوتتۇز ئىككىنچى دەرس معرفة ۋە نكرة ............................ 93
ئوتتۇز ئۈچىنچى دەرس مؤنثات سماعيّة ............................ 96
ئوتتۇز تۆتىنچى دەرس تذكير ۋە تأنيثكە ئائىت جۈملە ۋە حكايةلەر ...... 98
ئوتتۇز بەشىنچى دەرس فعلگە ئوخشىغۇچى اسم عامللار ....... 100
ئوتتۇز ئالتىنچى دەرس صفة مشبّهة ................................ 103
ئوتتۇز يەتتىنچى دەرس اسم تفضيل ................................ 105
ئوتتۇز سەككىزىنچى دەرس سوئاللار ............................ 107
ئوتتۇز توققۇزىنچى دەرس فعلنى تەقسىم قىلىش ........... 109





قىرىقىنچى دەرس فعل مضارعنى نصب قىلغۇچى عامللار ........ 113
قىرىق بىرىنچى دەرس فعل مضارعنى جزم قىلغۇچى عامللار ..... 115
قىرىق ئىككىنچى دەرس شرط ۋە جزاء كەلىمىلىرى ......... 117
قىرىق ئۈچىنچى دەرس افعال قلوب ................................ 120
قىرىق تۆتىنچى دەرس افعال مَدْح وذَمّ ۋە فعل تعجُّب ................ 122
قىرىق بەشىنچى دەرس حكاية مەشىقى ........................ 124
قىرىق ئالتىنچى دەرس جۈملىنىڭ تۈرلەرگە بۆلىنىشى .... 126
قىرىق يەتتىنچى دەرس جملة انشائيةنىڭ تۈرلەرگە بۆلىنىشى........ 128
جۈملىلەرنىڭ تەركىبى ........................................ 130
ھەرپىنىڭ بايانى ............................................ 133


## مختصر تلخيص المفتاح


مقدمة: فصاحة ۋە بلاغة توغرىسىدا ئۇقۇم ......................... 155
الفن الاول علم المعانى .................................................... 160
بىرىنچى باب اسناد خبرىنىڭ ئەھۋالى ......................... 161
ئىككىنچى باب مسند اليەنىڭ ئەھۋالى ......................... 169
ئۈچىنچى باب مسندنىڭ ئەھۋالى ............................ 187
تۆتىنچى باب فعلنىڭ متعلقاتلىرىنىڭ ئەھۋالى ........... 196
بەشىنچى باب قصر ............................................ 199
ئالتىنچى باب انشاء ............................................ 204
يەتتىنچى باب فصل ووصل .................................... 214
سەككىزىنچى باب ايجاز، اطناب ۋە مساواة ...................... 226

الفن الثاني علم البيان ........ 238
التشبيه ........ 240
الحقيقة والمجاز ........ 268
استعارة بالكناية ........ 286
استعارة توغرىلىق مۇھىم خۇلاسە ........ 287
كناية ........ 289
الفن الثالث علم البديع ........ 296
ئۈچىنچى پەننىڭ خاتىمىسى: سرقات شعرية توغرىسىدا ..... 336

بۇ كىتابنىڭ بېسىش ھوقۇقى چەكلەنمەيدۇ. بېسىش ۋە تارقىتىش شارائىتى بار كىشىلەرنىڭ كىتابنىڭ مەزمۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا بېسىشى ۋە تارقىتىشىغا رۇخسەتتۇر.

## 5 ـ قىسىم

# تسهيل النحو

﴿ إِنَّآ أَنزَلۡنَٰهُ قُرۡءَٰنًا عَرَبِيًّا لَّعَلَّكُمۡ تَعۡقِلُونَ ﴾

﴿سىلەرنى (ئۇنىڭ مەنىسىنى) چۈشەنسۇن دەپ، بىز ئۇنى ھەقىقەتەن ئەرەبچە قۇرئان قىلدۇق﴾

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com







بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿وَمَن يَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱللَّهِ فَهُوَ حَسۡبُهُۥٓ﴾

## بىرىنچى دەرس علم النحو

**علم النحو** ــــ اسم، فعل ۋە حرفتىن ئىبارەت ئۈچىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرىنىڭ ھالەتلىرىنى① بىلىش كەيفىيىتى مەلۇم بولىدىغان علمدۇر.

علم النحو ئوقۇشنىڭ پايدىسى: كۈندىلىك سۆزلىشىش، ئەرەبچە ئىبارىلەرنى ئوقۇش ۋە يېزىش قاتارلىقلاردا ھەر تۈرلۈك خاتالىقلاردىن ساقلىنىپ قېلىشتۇر.

**لفظ** ــــ ئىنساننىڭ ئېغىزىدىن چىققان تاۋۇشنى دەيدۇ.

**لفظ** مەنە ئېتىبارى بىلەن ئىككى قىسىمدۇر: بىرى مُفْرَد، يەنە بىرى مُرَكَّب.

**مفرد** ــــ يەككە مەنە ئىپادىلەيدىغان يەككە سۆز بولۇپ، بۇ كلمةمۇ دېيىلىدۇ.

① ھالەتلەر ــــ كلمةنىڭ معرب ۋە مبنىلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**كلمة ئۈچ قىسىم:** اسم، فعل، حرف[①].

**مركَّب** ــــ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن زىيادە كلمەدىن بىرىككەن لفظدۇر.

**مركّب ئىككى قىسىم:** مُفِيْد، غير مفيد.

**مركَّب مفيد** ــــ تولۇق ئاياغلاشقان ئوي-پىكىر ئىپادىلەنگەن بىرىكمىنى دەيدۇ. بۇ كلاممۇ دېيىلىدۇ. مەسىلەن: جَآءَ زَيْدٌ (زيد كەلدى). جِئْ بِالْمَآءِ (سۇ كەلتۈر). مانا بۇ ئىككى جۈملە ئاڭلىغۇچىغا نىسبەتەن تولۇق بىر ئوي-پىكىرنى ئۇقتۇردى.

**مركّب غير مفيد** ــــ تولۇق ئاياغلاشقان ئوي-پىكىرنى ئىپادىلىيەلمىگەن بىرىكمىنى دەيدۇ. بۇ مركّب نَاقِصْمۇ دېيىلىدۇ. مەسىلەن: غُلَامُ زَيْدٍ (زيدنىڭ غۇلامى). مانا بۇ مركّبتە ئاڭلىغۇچىلارغا نىسبەتەن تولۇق ئوي-پىكىر ئۇقتۇرۇلمىدى.

---

① بۇنىڭ مىساللىرى «علم الصرف»تە كۆرسىتىلگەن.



# ئىككىنچى دەرس كلام

**كلام** ــــ تولۇق ئاياغلاشقان ئوي-پىكىرنى بىلدۈرگەن، شۇنداقلا ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق كلمەدىن بىرىككەن اِسْنَادلىق لفظدۇر.

**اِسْنَاد** ــــ بىر كلمة ئارقىلىق يەنە بىر كلمەگە ھۆكۈم قىلىش مۇناسىۋىتىدۇر.

ھۆكۈم قىلىنغۇچى ئىگە مُسْنَدٌ اِلَيْه، ھۆكۈم قىلغۇچى كېيىن مُسْنَد دېيىلىدۇ.

بىرىككەن ئىككى كلمەنىڭ ئىككىلىسى اسم ياكى بىرى اسم، يەنە بىرى فعل بولىدۇ. مەسىلەن، زَيْدٌ كَاتِبٌ (زيد يازغۇچى) بىر كلام بولۇپ، بۇنىڭ ئىككىلى بۆلىكى اسمدۇر. بىرىنچىسى ــــ مسند اليه، ئىككىنچىسى ــــ مسندتۇر. بۇنداق جُمْلَة ــــ جُمْلَة اسمية (اسملىق جۈملە) دەپ ئاتىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، قَامَ زَيْدٌ (زيد قوپتى)مۇ بىر كلام بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى بۆلىكى فعل، ئىككىنچى بۆلىكى اسمدۇر. فعل ــــ مُسْنَد، اسم ــــ مسند اليەدۇر. بۇنداق جُمْلَة ــــ جملة فِعْلِيَّة (فعللىق جۈملە) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاگاھ بولۇڭكى، مسند اليه ھەردائىم اسم بولىدۇ. مسند بەزىدە اسم، بەزىدە فعل بولىدۇ.

حرفنىڭ مسند اليه ھەم مسند بولۇش سالاھىيتى يوق.

مركب ناقص بىر قانچىگە بۆلۈنىدۇ: 1) مركّب اِضافى (اضافىلىك بىرىكمە). بۇنىڭدا بىرىنچى اسم ــــ مُضَاف (ئېنىقلانغۇچى)، ئىككىنچى اسم ــــ مُضَافٌ اِلَيْه (ئېنىقلىغۇچى) بولىدۇ. مەسىلەن: غُلَامُ زَيْد (زەيدنىڭ غۇلامى).

2) مركّب تَوْصِيْفِى (صفەتلىك بىرىكمە). بۇنىڭدا بىرىنچى اسم ــــ مَوْصُوف (صفەتلەنگۈچى)، ئىككىنچى اسم ــــ صفة (صفەتلىگۈچى) بولىدۇ. مەسىلەن: رَجُلٌ فَاضِلٌ (پەزىلەتلىك ئەر).

مركب ناقصنىڭ بۇ ئىككىسىدىن باشقىمۇ يەنە بىر قانچە تۈركۈملىرى بار، ئۇ تَوَابِعنىڭ بايانىدا كېلىدۇ، ان شاء الله تعالى.

## كلمەلەرنىڭ تۈرلىرىنى تونۇتىدىغان ئالامەتلەر:

ھەرقانداق جملة ئىككى لفظدىن كەم بولمايدۇ. مەيلى ئۇ لفظًا بولسۇن (زَيْدٌ كَاتِبٌدەك)، ياكى تَقْدِيْرًا (پەرەزى) بولسۇن (اِضْرِبْ «ئۇرغىن»دەك)①.

جملة ئاۋادا ئىككىدىن ئارتۇق كلمەدىن بىرىككەن بولسا، ئۇ چاغدا اسم، فعل ۋە حرف قاتارلىقلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ بېرىدىغان ئالامەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىش ھالەتلىرىنى بىلىش زۆرۈردۇر، ئاندىن مسند ۋە مسند اليه ئىكەنلىكىنى تونۇماق ئاسان بولىدۇ.

① چۈنكى، اِضْرِبْ دېگەن بۇ جۈملىدە (اَنْتَ) يوشۇرۇندۇر.



**اسمنىڭ ئالامىتى:** 1) كلمەنىڭ ئەۋۋىلىگە «الف لام» داخىل بولۇش. مەسىلەن: اَلرَّجُل. 2) حرف جَرّ داخىل بولۇش. مەسىلەن: بِزَيْد. 3) ئاخىرىدا تنوين (قوش حركة) بولۇش. مەسىلەن: زَيْدٌ. 4) مُضَاف بولۇش. مەسىلەن: غُلَامُ زَيْد. 5) مسند اليه بولۇش. مەسىلەن: زَيْدٌ قَائِمٌ. 6) موصوف بولۇش. مەسىلەن: رَجُلٌ عَاقِلٌ. 7) تثنية بولۇش. مەسىلەن: رَجُلَان. 8) جمع بولۇش. مەسىلەن: رِجَالٌ. 9) نسبەتلىك بولۇش. مەسىلەن: بَغْدَادِىٌّ. 10) كىچىكلەتمە بولۇش. مەسىلەن: قُرَيْشٌ، رُجَيْلٌ. 11) ئاخىرىغا مؤنثنىڭ حركەتلىك تاءسى كېلىش. مەسىلەن: مُسْلِمَةٌ.

**فعلنىڭ ئالامىتى:** 1) كلمەنىڭ ئەۋۋىلىگە «قَدْ»، «س»، «سَوْفَ» قاتارلىقلارنىڭ بىرسى كېلىش. مەسىلەن: قَدْ ضَرَبَ، سَيَضْرِبُ، سَوْفَ يَضْرِبُ. 2) ئاخىرى جَزْم بولۇش. مەسىلەن: لَمْ يَضْرِبْ. 3) مُسْنَد بولۇش. مەسىلەن: قَامَ زَيْدٌ. 4) ضمير مرفوع تۇتاشقان بولۇش. مەسىلەن: ضَرَبْتُ. 5) مؤنثنىڭ ساكىنلىق «تْ»سى قوشۇلغان بولۇش. مەسىلەن: ضَرَبَتْ.

**حرفنىڭ ئالامىتى:** اسم ياكى فعلنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرەرسىمۇ بولمىغان كلمة بولۇپ، بۇ ئىككى اسم ياكى بىر اسم ۋە بىر فعل ئارىلىقىنى باغلاش رولىغا ئىگە. مەسىلەن: زَيْدٌ فِى الدَّارِ (زەيد ئۆيدە). كَتَبْتُ بِالْقَلَمِ (قەلەم بىلەن يازدىم).

# ئۇچىنچى دەرس مُعْرَب ۋە مَبْنِى

كلمەنىڭ ئاخىرى ئۆزگىرىش ئېتىبارى بىلەن ئىككى قىسىم:

1) مُعْرَب ـــ ماضى، لامىسىز امر ۋە حرفتىن ئىبارەت ئۈچىدىن بىرەرسىگە ئوخشاشلىقى يوق كلمە بولۇپ، بۇنىڭ ئاخىرى داۋاملىق ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. بەزىدە ضمةگە، بەزىدە فتحةگە، بەزىدە كسرةگە ئۆزگىرىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: جَـآءَ زَيْدٌ، رَأَيْتُ زَيْدًا، ذَهَبْتُ اِلٰى زَيْدٍ. بۇ مىساللاردا «زَيْـد» معرب بولۇپ، ئاخىرى ئۈچ خىل ھالەتتە ھەر خىل حركةكە ئۆزگەردى.

2) مَبْنِىّ ـــ حرفكە ئوخشاشلىقى بار كلمة بولۇپ، ئاخىرى ئۆزگىرىشچان بولمايدۇ. مەسىلەن: جَـآءَ هٰـؤُلَآءِ، رَأَيْـتُ هٰؤُلَآءِ، ذَهَبْتُ اِلٰى هٰؤُلَآءِ. بۇ مىساللاردا «هٰـؤُلَآءِ» مـبنى بولۇپ، ئاخىرى ئۈچىلى ھالەتتىمۇ ئۆزگەرمەي بىر خىل تۇردى.

دىققەت: اسملارنىڭ ئىچىدە كۆپ ساندىكىلىرى معرب، ئاز ساندىكىلىرى مبنىدۇر. فعللارنىڭ ئىچىدە مضارعلا معربتۇر. فعل ماضى، لامىسىز امر ۋە حرف قاتارلىقلار مبنىدۇر. بۇ يەردە اسم معربنىڭ ئەھكاملا بايان قىلىنىدۇ. فعلغا ئائىت ئەھكاملار كېيىن كېلىدۇ، ان شآء الله.



# تۆتىنچى دەرس اعراب ۋە ئۇنىڭ قىسىملىرى

اِعْرَاب ـــ اسم معربنىڭ ئاخىردا بەلگىلىك ئۆزگىرىش بولغانلىقتۇر.

شۇ ئۆزگىرىشكە سەۋەب بولغان نەرسە عَامِل دېيىلىدۇ.

اسمنىڭ اعرابى ئۈچ: رَفْع، نَصْب ۋە جَرّ.

اسمدا رفع بولسا مَرْفُوع، نصب بولسا مَنْصُوْب ۋە جر بولسا مَجْرُوْر دېيىلىدۇ. اسمنىڭ عَامِلى ۋە اعرابى دېگەنلەرنى تۆۋەندىكى مىسالدا كۆرستىمىز:

1) رفعلىك ھالەت (باش كېلىش): جَآءَ زَيْدٌ. بۇنىڭدا «جَـآءَ» عَامِل، «زيد»نىڭ اعرابِى رفعدۇر.

2) نصبلىك ھالەت (چۈشۈم كېلىش): رَأَيْتُ زَيْدًا. بۇنىڭدا «رَأَيْتُ» عامل، «زيد»نىڭ اعرابى نصبدۇر.

3) جرلىك ھالەت (ئىگىلىك كېلىش): ذَهَبْتُ بِـزَيْدٍ. بۇنىڭدا «ب» عامل، «زيد»نىڭ اعرابى جردۇر.

مۇھىم نۇقتا: اسم معرب ۋە اسم مبنىنىڭ ئاخىرقى ھالەتلىرىنى ئاشكارىلاشنىڭ يولى ئومۇمەن ئېيتقاندا بىر بولسىمۇ،

www.uyghurkitap.com



لېكىن حركەتلەرنىڭ نامىدا پەرق بار. اسم معــربنىــڭ ئاخىرغا كەلگەن حركەتلەر ـــــ رفع، نصب ۋە جر دەپ ئاتالسا، اسم مبنىنىڭ ئاخىرغا كەلگەنلىرى ـــــ ضَم، فَتْح ۋە كَسْر دەپ ئاتىلىدۇ.

اسم معربنىــڭ اعرابى بــەزىدە حركــة (زىــر، زەبــەر، پــىش) بىلەن بولسا، بەزىدە حرف (واو، الف، ياء) بىلەن بولىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

1) مفرد صحيح، جَارِى مَجْرى صحيح[1] ۋە جمــع مُكَسَّــر ـــــ ئۇچىنىڭ اعرابى رفعلىكى پىش بىلەن، نصبلىكى زەبەر بىلــەن، جرلىكى زىر بىلەن بولىدۇ.

| | حالة الرفع | حالة النصب | حالة الجر |
|---|---|---|---|
| اسم مفرد صحيح | هٰذَا زَيْدٌ | رَأَيْتُ زَيْدًا | مَرَرْتُ بِزَيْدٍ |
| جارى مجرى | هٰذَا دَلْوٌ | رَأَيْتُ دَلْوًا | مَرَرْتُ بِدَلْوٍ |
| صحيح | هٰذَا ظَبْىٌ | رَأَيْتُ ظَبْيًا | مَرَرْتُ بِظَبْىٍ |
| جمع مكسَّر | هٰذِهِ رِجَالٌ | رَأَيْتُ رِجَالًا | مَرَرْتُ بِرِجَالٍ |

2) تَثْنِيَة (مەسىلەن: رَجُلَانِ)، لفظ جەھەتتىن تثنيةنىڭ ئوخشىشى (مەسىلەن: اِثْنَانِ)، معنى جەھەتتىن تثنيــةنىــڭ ئوخشىشى (مەسىلەن: كِلَا، كِلْتَا) ـــــ ئۇچىنىڭ اعرابى رفــعلىكى

---

[1] نەھۋشۇناسلارنىڭ ئىستىلاھىدا صحيح دەپ ئاخىردا حــرف علــة يوق اسمنى دەيدۇ. مەســىلەن: زَيْدٌ. جارى مجرى صحيح دەپ ئاخىردا «واو» ياكى «ياء» بولۇپ، ماقبلىسى ســاكن بولغان اســمنى دەيــدۇ. مەسىلەن: دَلْــوٌ (چېلەك)، ظَبْىٌ (كىيىك).



«الف» بىلەن، نصب ۋە جرلىكى ماقبلىسى مفتوح بولغان «يـــاء» بىلەن بولىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| تثنية | جَآءَ رَجُلَانِ | رَأَيْتُ رَجُلَيْنِ | مَرَرْتُ بِرَجُلَيْنِ |
| تثنيةنىڭ | جَآءَ اِثْنَانِ | رَأَيْتُ اِثْنَيْنِ | مَرَرْتُ بِاثْنَيْنِ |
| ئوخشىشى | جَآءَ كِلَاهُمَا | رَأَيْتُ كِلَيْهِمَا | مَرَرْتُ بِكِلَيْهِمَا |

دىققەت: بىلىۋېلىڭكى، مــەزكۇر «كِلَا»، «كِلْتَـــا» هــەر دائــم ضميرغا مضاف بولۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

3) جمع مذكَّر سَالِم (مەسىلەن: مُسْلِمُوْنَ)، لفـــظ جەھــەتتىن جمع مذكر سالمنىــڭ ئوخشىشــى (مەســىلەن: عِشْــرُوْنَ)، معــنى جەھەتتىن جمع مذكر سالمنىڭ ئوخشىشى (مەسىلەن: اُوْلُوْ) ـــــ ئۇچىنىڭ اعرابى رفعلىكى ماقبلىسى مضموم بولغان «واو» بىلــەن، نصب ۋە جرلىكى ماقبلىسى مكسور بولغان «ياء» بىلەن كېلىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| جمع مذكر سالم | جَآءَ مُسْلِمُوْنَ | رَأَيْتُ مُسْلِمِيْنَ | مَرَرْتُ بِمُسْلِمِيْنَ |
| جمع مذكر سالمنىڭ | جَآءَ عِشْرُوْنَ | رَأَيْتُ عِشْرِيْنَ | مَرَرْتُ بِعِشْرِيْنَ |
| ئوخشىشى | جَآءَ اُوْلُوْ مَالٍ | رَأَيْتُ اُوْلِىْ مَالٍ | مَرَرْتُ بِاُوْلِىْ مَالٍ |

4) جمع مؤنَّث سالم ـــــ رفعلىكى پىش بىلــەن، نصب ۋە جرلىكــى زىر بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: جَآءَنِىْ مُسْلِمَاتٌ، رَأَيْتُ مُسْـــلِمَاتٍ، مَرَرْتُ بِمُسْلِمَاتٍ.

واحد، تثنية ۋە جمع قاتارلىقلارنىڭ اعــراب هالـەتلىرىدە قـانداق ئۆزگىرىشــلەر بولىدىغــانلىقى تــۋۆەندىكى جــەدۋەلدىن مــەلۇم بولىدۇ. بۇنى ياخشى پەرق ئېتىۋېلىڭلار.

| | | حالة الرفع | حالة النصب | حالة الجر |
|---|---|---|---|---|
| مذكر | واحد | مسلِمٌ | مسلمًا | مسلمٍ |
| | تثنية | مسلمان | مسلمَيْنِ | مسلمَيْنِ |
| | جمع | مسلمُوْنَ | مسلميْنَ | مسلميْنَ |
| مؤنث | واحد | مسلمةٌ | مسلمةً | مسلمةٍ |
| | تثنية | مسلمَتَانِ | مسلمتَيْنِ | مسلمتَيْنِ |
| | جمع | مسلماتٌ | مسلماتٍ | مسلماتٍ |

5) تۆۋەندىكى اَبٌ (ئاتا)، اَخٌ (ئەر قېرىنداش)، حمٌ (ئـەرنىڭ ئەر قېرىندىشى)، هَنٌ (جىنسىي ئەزا)، فَــمٌ (ئېغىز)، ذُوْ (ئـىگە)دىن ئىبارەت بۇ ئالتە اسم، متكلمنىڭ يــاءسىدىن باشقا كلمةگە مضاف بولۇپ كەلسىلا، ئۇلارنىڭ رفعلىكى مــاقبلىسى مضموم بولغان «واو» بىلەن، نصبلىكى «الف» بىلەن ۋە جرلىكى ماقبلىسى مكسور بولغان «ياء» بىلەن كېلىدۇ.

| | حالة الرفع | حالة النصب | حالة الجر |
|---|---|---|---|
| اَبٌ | هٰذَا اَبُوْكَ | رَأَيْتُ اَبَاكَ | مَرَرْتُ بِاَبِيْكَ |
| فَمٌ | هَذَا فُوْكَ | رَأَيْتُ فَاكَ | نَظَرْتُ فِيْ فِيْكَ |
| ذُوْ | هٰذَا ذُوْ مَالٍ | رَأَيْتُ ذَا مَالٍ | مَرَرْتُ بِذِىْ مَالٍ |



6) اسم مفرد غير مُنْصَرِفنىڭ اعرابى ــــ رفعلىكى پىش بىلەن، نصب ۋە جرلىكى زەبەر بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: جَآءَنِيْ اَحْمَدُ، رَأَيْتُ اَحْمَدَ، مَرَرْتُ بِاَحْمَدَ.

7) اسم مَنْقُوْص ــــ ئاخىرى «ياء»، ئۇنىڭ ئالدىدىكى هەرپ زىر ئوقۇلغان اسمدۇر. بۇنىڭ اعرابى ــــ رفعلىكى ضمةنى پەرەز ئېتىش بىلەن، جرلىكى كسرةنى پەرەز ئېتىش بىلەن، نصبلىكى لفظ جەھەتتىن فتحة بىلەن كېلىدۇ. مەسىلەن: جَآءَنِى الْقَاضِى، رَأَيْتُ الْقَاضِىَ، مَرَرْتُ بِالْقَاضِى.

8) اسم مَقْصُوْر (ئاخىرى قىسقا الف بىلەن كەلگەن اسمدۇر) ۋە متكلمنىڭ ياءسىغا مضاف بولۇپ كەلگەن اسم ــــ ئىككىسىنىڭ اعرابى ئۈچىلى هالەتتە تَقْدِيْرِى (پەرەز بىلەن) بولىدۇ.

اسم مقصورنىڭ مىسالى: جَآءَنِى مُوْسٰى، رَأَيْتُ مُوْسٰى، مَرَرْتُ بِمُوْسٰى.

متكلمنىڭ ياءسىغا مضاف بولۇپ كەلگەن اسمنىڭ مىسالى: جَآءَنِى غُلَامِىْ، رَأَيْتُ غُلَامِىْ، مَرَرْتُ بِغُلَامِيْ.

## بەشىنچى دەرس منصرف ۋە غير منصرف

اسم معرب ئىككى قىسىم: بىرى منصرف، يەنە بىرى غير منصرف.

**منصرف** ــــ ئاخىرى ئۈچ حركة ۋە تنوين بىلەن كەلگەن اسمدۇر. مەسىلەن: زَيْدٌ.

**غير منصرف** ــــ (غير منصرف بابىدا تونۇلغان) توققۇز سەۋەبتىن ئىككىسى بىرلا ۋاقىتتا تېپىلغان ياكى شۇ ئىككى سەۋەبنىڭ ئورنىنى باسىدىغان كۈچلۈك بىر سەۋەب تېپىلغان ھەمدە ئاخىرى كسرة ۋە تنوين بولمايدىغان، شۇنداقلا كسرةنىڭ ئورنىدا ھەر دائىم فتحة بولىدىغان اسمدۇر. مەسىلەن: جَاءَنِيْ عُمَرُ، رَأَيْتُ عُمَرَ، مَرَرْتُ بِعُمَرَ.

### صرف ئېتىلىشتىن مەنئىي قىلىدىغان سەۋەبلەر

بۇ توققۇز سەۋەبتۇر:

مَوَانِعُ الصَّرْفِ تِسْعٌ كُلَّمَا اجْتَمَعَتْ * ثِنْتَانِ مِنْهَا فَمَا لِلصَّرْفِ تَصْوِيْبُ

عَدْلٌ وَّوَصْفٌ وَّتَأْنِيْثٌ وَّمَعْرِفَةٌ * وَعُجْمَةٌ ثُمَّ جَمْعٌ ثُمَّ تَرْكِيْبُ

وَالنُّوْنُ زَائِدَةً مِنْ قَبْلِهَا اَلِفٌ * وَوَزْنُ الفِعْلِ وَهٰذَا الْقَوْلُ تَقْرِيْبُ



1) **عَدْلٌ** ــــ ئۆزىنىڭ دەسلەپتىكى ئەسلى صىيغەسىدىن، شاذمۇ بولمىغان، قىياسمۇ بولمىغان يەنە بىر صيغةگە چىقىرىۋېتىلگەن اسمدۇر①.

ئۇ بەزىدە ساناقتىن چىقىرىۋېتىلىدۇ. مەسىلەن: ثُلَاثَ ۋە مَثْلَثَ. بۇ، ھەر بىرىنىڭ مەنىسى «ئۈچ-ئۈچ» دېگەنلىكتۇر. قىياس بويىچە بولغاندا مەنىسى ئۈچ دېگەنلا بولىدۇ. بۇنىڭدىن بۇ ئەسلىدە «ثَلَاثَةٌ ثَلَاثَةٌ» ئىدى دېگەنلىك چىقتى. چۈنكى معنىنىڭ تەكرار بولۇشى لفظنىڭ تەكرار ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. بۇ عدل تَحْقِيْقِي دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بىر سەۋەبتۇر، يەنە بىر سەۋەب بولسا صفةتۇر. مانا بۇ ئىككى سەۋەب تېپىلىپ مەزكۇر اسم ــــ غير منصرف بولدى.

بەزىدە اسمنىڭ ۋەزنىسىدىن عدلنىڭ ۋەزنىسگە چىقىرىۋېتىلىدۇ. مەسىلەن: عُمَرَ ۋە زُفَرَ. بۇ اسمنى ئەرەبلەر غير منصرف قىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ غير منصرف بولۇشىغا عَلَم بولۇشتىن باشقا سەۋەب يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ اسملارنى «عَامِر» ۋە «زَافِر» دېگەن صيغەدىن «عُمَرَ» ۋە «زُفَرَ» دېگەن صيغةگە چىقىرىۋېتىلگەن دېگەننى پەرەز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ عَدْل تَقْدِيْرِى دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭدا عدل تقديرى ۋە علم بولۇش دېگەن ئىككى سەۋەب بىراقلا تېپىلىپ مەزكۇر اسم غير منصرف بولدى.

---

① عدلگە مۇنداق ئىككى شەرت بار: 1) ئەسلى صيغة ئەمەلىيەتتە مەۋجۇد بولۇشى لازىم. 2) عدل قىلىنغانلىقىنى تونۇتىدىغان بىر ئالامەت تېپىلىشى لازىم. بۇ ئالامەت بولسا، عدلنىڭ ئالتە ۋەزنىسىدىن بىرىدۇر.

عدلگه خاس ئالته ۋەزن بار: فَعَالَ مِثْلُ قَطَامَ، فُعَالَ مِثْلُ ثُلَاثَ، مَفْعَلَ مِثْلُ مَثْلَثَ، فُعَلَ مِثْلُ عُمَرَ، فَعْلِ مِثْلُ اَمْسِ، فَعَلِ مِثْلُ سَحَرِ.

2) **صفة** ـــ ئەسلىدە صفة مەنىسىگىلا تەئيىن قىلىنغان لفظدۇر. مەسىلەن: اَحْمَر (قىزىل رەڭ)، اَسْوَد (قارا رەڭ). بۇنىڭدا بىر سەۋەب وزن فعل، يەنە بىر سەۋەب صفەتتۇر.

3) **تأنيث** ـــ ئاخىردا لفظ جەھەتتىن مۇئەننەسلىك «ة»سى بار عَلَمدۇر (مەسىلەن: طَلْحَةُ ‹ئەر ئىسمى›، مَكَّةُ ‹شەھەر ئىسمى›) ياكى، معنى جەھەتتىن مۇئەننەسلىكى بار كلمة بولۇپ، ھەرپلىرى ئۈچتىن ئارتۇق، ياكى ئۈچ ھەرپلىك بولسا، ئوتتۇرىسى حركەتلىك بولغان علمدۇر (مەسىلەن: زَيْنَبُ ‹ئايال ئىسمى›، سَقَرُ ‹دوزاخ ئىسمى›). ياكى، الف مقصورة بولغان مۇئەننەسلىك اسم (مەسىلەن: حُبْلٰى ‹ھامىلدار ئايال›) ياكى، الف ممدودة بولغان مۇئەننەسلىك اسم (مەسىلەن: صَحْرَآءُ ‹باياۋان›)دۇر.

مەزكۇر مۇئەننەسلىكى بار اسملاردىن «الف» بىلەن بولغان مۇئەننەسلىك اسم ئىككى سەۋەبنىڭ ئورنىنى باسالايدۇ.

يۇقىرىدىكى مۇئەننەسنىڭ «ة»سى بار ياكى معنى جەھەتتىن مۇئەننەسلىكى بار اسملارنىڭ غير منصرف بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب بولسا، عَلَمدۇر.

4) **مَعْرِفَة** ـــ علمىلىكلا ئىرادە قىلىنغان اسمدۇر. مەسىلەن: زَيْنَبُ. بۇنىڭدا بىر سەۋەب علم، يەنە بىر سەۋەب تأنيث.

5) **عُجْمَة** ـــ باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان علم بولۇپ، بۇ ئۈچ ھەرپتىن ئارتۇق بولۇشى (مەسىلەن: اِبْرَاهِيْمُ ‹پەيغەمبەر



ئىسمى›) ياكى ئۈچ ھەرپلىك بولغان بولسا، ئوتتۇرىسى حركەتلىك بولۇشى لازىم (مەسىلەن: شَتَرُ ‹قورغان ئىسمى›). بۇنىڭدا يەنە بىر سەۋەب عَلَمدۇر.

**مۇھىم نۇقتا:** ئۆزى ئۈچ ھەرپلىك، ئوتتۇرىسى ساكن، ئەجەم[①] تىلىدىن بولماي ئەرەب تىلىدىن بولغان مۇئەننەس اسم علمنى منصرف ۋە غير منصرف ئىككى خىل ئوقۇش جائىزدۇر. مەسىلەن: هِنْدٌ ۋە هِنْدُ (ئايال ئىسمى).

ئەگەر ئۇنداق مۇئەننەس اسم علم ئەجەم تىلىدىن بولسا، غير منصرف قىلىش ۋاجىب. مەسىلەن: مَاهُ ۋە جُوْرُ (ئەجەملەردىكى ئىككى شەھەرنىڭ ئىسمى).

6) **جَمْع** ـــ چېكىگە يېتىپ بولغان صيغة بولۇپ، «مَفَاعِل» ياكى «مَفَاعِيْل» ۋەزنىسىدە كەلگەن اسمدۇر. مەسىلەن: مَسَاجِدُ ۋە مَصَابِيْحُ.

جمع ئىككى سەۋەبنىڭ ئورنىنى باسىدىغان كۈچلۈك بىر سەۋەبتۇر. ئەگەر ئاخىردا «ة» بولسا (مەسىلەن: صَيَاقِلَةٌ ۋە بَرَاكِمَةٌ)، ئۇ چاغدا بۇ غير منصرف بولمايدۇ.

7) **تركيب** ـــ اضافة ۋە اسنادتىن خالىي ھالدا بىرىككەن ئىككى كلمەدۇر. مەسىلەن: بَعْلَبَكُّ (شەھەر ئىسمى). بۇ «بَعْل» ۋە «بَكّ»دىن بىرىككەن كلمة بولۇپ، بۇنىڭدىكى ئىككىنچى سەۋەب عَلَمدۇر.

① ئەرەب تىلىدىن باشقا تىللار ئەجەم تىلى دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



8) **الف نون زائِدة** ـــ عَلَمنىڭ ئاخىردا ئارتۇق «الف نــون» بار اسمدۇر (مەسلەن: عُثْمَانُ. بۇنىڭدىكى ئىككىنچى سەۋەب عَلَمدۇر)؛ ياكى فَعْلَان ۋەزنىسىدىكى، ئاخىردا ئارتۇق «الف نــون» بولغان ھەمدە مۇئەننەسىدە «ة» بولمىغان ۋە ياكى مۇئەننەسلىكى يوق صفةتۇر (مەسلەن: سَكْرَان، رَحْمٰــنُ). بۇنىڭدىكى ئىككىنچى سەۋەب صفةتۇر①.

9) **وَزْن فِعْل** ـــ فعل ۋەزنىسىدىلا بولغان اسمدۇر (مەسـ ـلەن: دُئِلَ ‹قەبىلە ئىسمى›، يەنە بىرى شَمَّرَ ‹ئاتنىڭ ئىسمى›)؛ ياكى ئالدى تەرەپتە مضارع ھەرپىدىن بىرەرسى كەلگەن اسم (مەسلەن: اَحْمَدُ ‹ئەر ئىسمى›، تَغْلِــبُ ‹قەبىلە ئىسمى›)دۇر. بۇنىڭدىكى ئىككىنچى سەۋەب عَلَمدۇر.

وزن فعلگە خاس ۋەزنى: اَفعلُ، نَفعلُ، يَفعلُ، تفعلُ، فَعَّــلَ، فُعِلَ، إِفْعَلْ.

نكرة اسمدا غير منصرفقا خاس بەش سەۋەب تېپىلىدۇ: عدل تحقيقى، وزن فعلنىڭ بىرىنچى خىلى، «الف» بىلەن بولغان تأنيث، چېكىگە يەتكەن جمع، مۇئەننەسلىكى فَعْلَانَةٌ بولمىغان فَعْلَان ۋەزنىلىك صفة.

معرفة اسمدا غير منصرفقا خاس ئالتە سەۋەب تېپىلىدۇ: عدل تقديرى، «ة» بىلەن بولغان تأنيث، عجمــة، تــركيب، وزن فعلنىڭ ئىككىنچى خىلى، علم بولغان فَعْلَان.

① سَكْرَان ـــ مۇئەننەسىدە «ة» بولمىغان الف نون زائدةسى بار صفة، رَحْمٰــنُ ـــ مۇئەننەسلىكى يوق صفةتۇر.



مۇھىم نۇقتا: ھەر قانداق غير منصرفقا «الــف لام» داخىل بولسا، ياكى ئىككىنچى بىر اسمغا مضــاف بولۇپ كەلسە، ئۇ منصرفنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. مەسلەن: ذَهَبْتُ اِلَى مَسَاجِدِكُمْ ياكى اِلَى الْمَسَاجِدِ.

# ئالتىنچى دەرس سوئاللار

ا. 1) اعراب دەپ نېمىنى دەيدۇ؟ ئۇ نەچچە قىسىم؟

2) مبنى بىلەن معربنىڭ پەرقى نېمە؟

3) صرف ۋە نحو ئۆلىمالىرى صحيح دەپ نېمىنى دەيدۇ؟

4) قَاضِىنىڭ اعرابى رفعلىك ۋە نصبلىك ھالەتتە قانداق كېلىدۇ؟

5) غير منصرف دەپ نېمىنى دەيدۇ؟ ئۇنىڭ اعرابى قانداق كېلىدۇ؟

ب. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىڭلار ھەم ئاستىغا سىزىق سىزىلغان لفظلەرنىڭ اعرابىنى چۈشەندۈرۈڭلار.

1) رَأَيْتُ مُسْلِمَاتٍ. ذَهَبْتُ بِعُمَرَ. جَآءَ غُلَامِيْ.

2) ذَهَبَ اثْنَانِ. ﴿كَانَتَا تَحْتَ عَبْدَيْنِ﴾①. خَرَجْتَ بِكِلَيْهِمَا.

3) ﴿لَا يَتَّخِذِ الْمُؤْمِنُوْنَ الْكَافِرِيْنَ اَوْلِيَآءَ﴾②. ﴿وَكَانَ بِالْمُؤْمِنِيْنَ رَحِيْمًا﴾③.

① 66- سۈرە تەھرىم 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 3- سۈرە ئال ئىمران 28- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 33- سۈرە ئەھزاب 43- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



4) ﴿كَانَ اَبُوْهُمَا صَالِحًا﴾①. ﴿جَآؤُا اَبَاهُمْ عِشَآءً﴾②. ﴿اِرْجِعُوْا اِلٰى اَبِيْكُمْ﴾③.

5) حُكِىَ اَنَّ رجلا يسمَّى احمدَ دَخَلَ فى بيتِ امرأةٍ فقالت انْصَرِفْ انْصَرِفْ فقال الرجلُ انا احمدُ واحمدُ لا يَنصرفُ فقالت نَعَمْ اذا نُكِّرَ انْصَرَفَ.

ج. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ اعرابىنى توغرىلاڭلار.

1) هُنَّ مُسْلِمَاتَ. مَرَرْتُ بِاَحْمَدٍ. رَأَيْتُ غُلَامِيْ.

2) جَآءَ اباهما. رأيت ابيهم. ذهبت بابوك .

3) جآء الرجلين. رأيتُ الرجلان. مررت بكلاهما.

4) يَا عَمَّ وَرَمَتْ رِجْلَيْهِ. ثم قال وَصَلَ الورمُ الى رُكْبَتَاهُ.

① 18- سۈرە كەھف 82- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 12- سۈرە يۇسۇپ 16- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 12- سۈرە يۇسۇپ 81- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com



# يەتتىنچى دەرس جملة اسميّة

**جملة اسمية ـــ بىرىنچى بۆلىكى اسم بولغان جۈملىدۇر.**
مەسىلەن: زَيْدٌ كَاتِبٌ. بۇنىڭدا «زَيْدٌ» مُسْنَدٌ اليه بولۇپ، بۇ مُبْتَدَأ دەپ ئاتىلىدۇ. «كَاتِبٌ» مُسْنَد بولۇپ، بۇ خبر دەپ ئاتىلىدۇ.

مبتدأ ۋە خبر ئىككىلىسى مرفوع ئوقۇلۇپ، بۇلارنىڭ عاملى (پېش ئوقۇتىدىغان سەۋەبچىسى) ھەر دائىم معنوى بولىدۇ. مەسىلەن: زَيْدٌ كَاتِبٌدا ھەر بىرى مرفوع بولۇپ، بۇلاردا لفظًا عامل يوق.

**مبتدأ ۋە خبرگە خاس اَحكام:** مُبْتَدَأ ھەر دائىم معرفة بولىدۇ. بەزىدە خاسلاشتۇرۇلغان نكرەمۇ مبتدأ بولۇشقا يارايدۇ. خاس نكرة ـــ مبتدأ بولۇشقا يارىمايدۇ.

خبر كۆپىنچە نكرة بولۇپ، بەزىدە معرفةمۇ بولۇپ قالىدۇ.

تۆۋەندىكى مىساللارغا ياخشى نەزەر سېلىڭلار.

1) معرفةنىڭ مبتدأ بولغانلىق مىساللىرى: زَيْدٌ كَاتِبٌ (بۇنىڭدا «زيد» مبتدأ معرفةدۇر). اَلْعَدْلُ مَحْمُوْدٌ (بۇنىڭدا «اَلْعَدْلُ» مبتدأ معرفةدۇر).



2) خاسلاشتۇرۇلغان نكرةنىڭ مبتدأ بولغانلىق مىساللىرى:
﴿وَلَعَبْدٌ مُّؤْمِنٌ خَيْرٌ مِّن مُّشْرِكٍ﴾ «مۇئمىن قۇل ئەلۋەتتە مۇشرىكتىن ياخشى»①. بۇنىڭدا ﴿عَبْدٌ﴾ دېگەن نكرة ﴿مُّؤْمِن﴾ دېگەن صفة بىلەن خاسلاشتۇرۇلۇپ مبتدأ بولدى.

أَرَجُلٌ فِي الدَّارِ اَمِ امْرَأَةٌ (بۇ ھويلىدىكى ئەرمۇ ياكى ئايالمۇ)؟ بۇنىڭدا «رَجُلٌ» دېگەن نكرة سوئال ھمزةسى بىلەن قەيتلىنىپ، خاسلاشتۇرۇلۇپ مبتدأ بولدى.

مَا اَحَدٌ خَيْرٌ مِنْكَ (ھېچكىم سەندىن ياخشى ئەمەس). بۇنىڭدا «اَحَدٌ» دېگەن نكرة ـــ نفى ھەرپىنىڭ يېنىدا كەلگەن سەۋەبلىك، خاسلاشتۇرۇلۇپ مبتدأ بولدى.

سَلَامٌ عَلَيْكَ ئەسلىدە «سَلَامِي عَلَيْكَ» ئىدى (ساڭا سالامىمنى يوللايمەن). بۇنىڭدا «سلام» متكلمنىڭ ياءسىغا مضاف بولغانلىق سەۋەبىدىن، خاسلاشتۇرۇلۇپ مبتدأ بولدى.

3) خبر ئومۇمەن ئېيتقاندا مفرد ھالەتتىلا كېلىدۇ (مۇشۇنداق كېلىش ئەسلىدۇر). خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مىساللاردەك. لېكىن بەزىدە خبر جۈملە بولۇپمۇ كېلىدۇ. بۇ چاغدا شۇ جۈملىدە مبتدأنى كۆرسىتىدىغان بَارِز (ئاشكارا) ضمير ياكى مُسْتَتِر (يوشۇرۇن) ضمير بولىدۇ. مەسىلەن: زَيْدٌ اَبُوْهُ قَائِمٌ (زيدنىڭ ئاتىسى ئۆرە تۇرغۇچىدۇر). بۇنىڭدا «اَبُوْهُ»دىكى بارز ضمير مبتدأ بولغان «زيد»نى كۆرسىتىدۇ. زَيْدٌ يَضْرِبُ (زيد ئۇرىدۇ).

① 2- سۈرە يۇسۇپ 221- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ جايدا «يَضْرِبُ»دىكى مُسْتَتِر ضمير «هُوَ» ـــ «زيد»نى كۆرسىتىدۇ.

4) خَبَر ـــ مُشْتَقّ اسم (ياسالما ئىسىم) ياكى نسبي اسم بولغاندا، مذكّرلىك، مؤنثلىك، واحدلىق ۋە جمعلىكتە مبتدأغا ئەگىشىدۇ.

خبر مفرد مذكرنىڭ مىسالى: اَلرِّزْقُ مَقْسُوْمٌ (رىزق تەقسىم قىلىنغۇچى).

خبر مفرد مؤنثنىڭ مىسالى: اَرْضُ اللهِ وَاسِعَةٌ (الله تعالىنىڭ زېمىنى كەڭ).

خبر تثنية مذكّرنىڭ مىسالى: طَلْحَةُ ۋە زُبَيْرٌ صَحَابِيَّانِ (طلحة ۋە زبير ئىككىلىسى ساھابە).

خبر جمع مذكرنىڭ مىسالى: ﴿ٱلرِّجَالُ قَوَّٰمُونَ عَلَى ٱلنِّسَآءِ﴾ (ئەرلەر ئاياللارغا ھۆكۈمراندۇر)[1].

خبر جمع مؤنثنىڭ مىسالى: نِسَآءُ الْحَيِّ جَمِيْلَاتٌ (حى قەبىلىسىنىڭ ئاياللىرى گۈزەلدۇر).

تۆت ئورۇندا مبتدأنى خبردىن ئىلگىرى كەلتۈرۈش ۋاجىب:

1) مبتدأ كلامنىڭ بېشىدا كېلىش زۆرۈر بولغان كلمة بولسا. مەسىلەن: مَنْ اَبُوْكَ (سېنىڭ ئاتاڭ كىم؟).

2) مبتدأ ۋە خبر ئىككىلىسى معرفة بولسا. مەسىلەن: زَيْدٌ اَخُوْكَ (زيد سېنىڭ قېرىندىشىڭ).

---

[1] 4- سۈرە نسا 34- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



3) مبتدأ ۋە خبر خاسلىقتا باراۋەر بولسا. مەسىلەن: اَفْضَلُ مِنِّى اَفْضَلُ مِنْكَ (مەندىن افضل سەندىنمۇ افضل).

4) مبتدأنىڭ خبرى فعل بولسا. مەسىلەن: زَيْدٌ قَامَ (زيد قوپتى).

ئۈچ ئورۇندا خبرنى مبتدأدىن ئىلگىرى كەلتۈرۈش ۋاجىب:

1) خبر ـــ كلامنىڭ بېشىدا كېلىش زۆرۈر بولغان كلمة بولسا. مەسىلەن: اَيْنَ زَيْدٌ (زيد نەدە؟).

2) خبر ـــ ظرف ياكى جار مجرور بولۇپ، مبتدأ ـــ نكرة بولسا. مەسىلەن: (عِنْدِى مَالٌ. فى الدَّارِ رجلٌ).

3) خبرگە تەۋە نەرسىنى كۆرسىتىدىغان ضمير مبتدأدا بولسا. مەسىلەن: (عَلَى التَّمْرَةِ مِثْلُهَا زُبْدًا).

بەزىدە بىر مبتدأنىڭ بىردىن ئارتۇق خبرىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: زَيْدٌ عَالِمٌ عَاقِلٌ.

ئەگەر مبتدأدا شرط مەنىسى تېپىلسا، خبرگە «ف» كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: ﴿مَنْ عَمِلَ صَٰلِحًا فَلِنَفْسِهِۦ﴾ (كىمكى ياخشى ئىش قىلسا، ئۆز پايدىسى ئۈچۈن قىلىدۇ)[1].

خبر ـــ ظرف ياكى جارّ مجرور بولسا، ئۇنىڭ ئالدىغا فعل ياكى فعلنىڭ ئوخشىشىدىن بىرى پەرەز ئېتىلىدۇ. مەسىلەن: عِنْدِىْ مَالٌ اى مَوْجُوْدٌ. زَيْدٌ فى الدَّارِ اى اِسْتَقَرَّ.

ئەگەر مبتدأنىڭ نىمە ئىكەنلىكىگە ئائىت ئالامەت تېپىلسا، مبتدأنى حَذْف قىلىۋېتىش جائىز. مەسىلەن: اَلْهِلَالُ وَاللهِ. بۇ

---

[1] 41- سۈرە فۇسسىلەت 42- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يەردە «هٰذَا» دېگەن مبتدأ محذوفتۇر (الله تعالى بىلەن قەسەمكى، بۇ يېڭى ئايدۇر).

بەزىدە خبرمۇ محذوف بولىدۇ. مەسىلەن: خَرَجْتُ فَاِذَا السَّبُعُ. بۇ يەردە «وَاقِفٌ» دېگەن خبر محذوف (مەن سىرتقا چىقسام، تۇساتتىنلا بىر يىرتقۇچ تۇرۇپتۇ).



# سەككىزىنچى دەرس جملة اسميّةنى مەشىق قىلىش

1) تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى مبتدأ ۋە خبرنى تونۇڭلار، ئاندىن ئۇنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭلار.

اَللّٰهُ غَنِيٌّ. اَلشَّمْسُ طَالِعَةٌ. اَلثَّوْبُ جَدِيْدٌ. اَلْعِمَامَةُ عَتِيْقَةٌ. اَيْنَ بَيْتُ مَحْمُوْدٍ. مَنْ فِى الْحَدِيْقَةِ. فِى السَّمَآءِ رِزْقُكُمْ. اَبُوْنَا اٰدَمُ.

2) تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى حذف قىلىنىپ كەتكەن خبر لفظنى ئاشكارىلاڭلار.

عِنْدَنَا كِتَابٌ. مَنْ بِالْبَابِ. نَحْنُ فَوْقَ الْاَرْضِ. اَنْتُمْ تَحْتَ السَّمَآءِ.

3) زَيْدٌ قَامَ اَبُوْهُدا خبر قايسى؟ مَنْ جَآءَ فَلَهٗ دِرْهَمٌدىكى «ف»نىڭ كەلتۈرۈلۈش سەۋەبى نېمە؟

4) تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى خبرنى توغرىلاڭلار.

(1) زَيْنَبُ صَالِحٌ. طَلْحَةُ قَائِمَةٌ. (2) هُمْ ظَالِمٌ. هُوَ مُؤْمِنُوْنَ. نَحْنُ عَالَمِيْنَ. (3) زَيْنَبُ وِرُقِيَّةُ قَاعِدَاتٌ. (4) رِجَالُ الْحَبَشِ اَسْوَدُ.

# توققۇزىنچى دەرس نواسخ جملة

جملة اسميةگە بىر قىسىم فعللار ۋە حرفلەرمۇ داخىل بولۇپ قالىدۇ. مبتدأ ئۇلارنىڭ اسمىسى، خبر ئۇلارنىڭ خبرى دېيىلىدۇ. بۇلار نواسخ جملة دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇلار بەش قىسىم: اَفعال ناقصة، اَفعال مقاربة، حروف مُشَبَّهَة بالفعل، لَيْسَگە ئوخشايدىغان «مَا» ۋە «لَا»، لا نفى جنس.

**افعال ناقصة** ــــ فاعىلغا ئېرىشىش بىلەنلا جۈملە بولماستىن، بەلكى فاعىلنىڭ صفةتىنى بايان قىلىش زۆرۈر بولىدىغان تولۇقسىز فعللاردۇر.

فاعلى اسم، صفتى خبر دەپ ئاتىلىدۇ. بارچە افعال ناقصة ۋە ئۇنىڭدىن ياسىلىپ چىققانلار اسمىنى رفع ۋە خبرىنى نصب قىلىدۇ. بۇ سان جەھەتتە ئون ئۈچ فعل بولۇپ، ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

1) **كَانَ** ــــ ئۆز اسمىسىنىڭ خبرىنى ئۆتكەن زامانغا باغلاش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەيلى ئۇ ئۇزۇك بولسۇن. مەسىلەن: كَانَ زَيْدٌ قَائِمًا (زَيْد ئۆرە ئىدى). مەيلى ئۇ دائىمىي بولسۇن. مەسىلەن:



﴿وَكَانَ ٱللَّهُ عَلِيمًا حَكِيمًا﴾ (الله تعالى ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئىدى)①.

ئەگەر «كان»نىڭ جزم قىلىنغان مضارعىدا ضمير منصوب بولمىسا ياكى ساكىنغا يولۇقۇپ قالمىسا، ئۇنىڭ نونىنى حذف قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَلَمۡ أَكُ بَغِيًّا﴾②. بۇ ئەسلىدە لَمْ اَكُنْ ئىدى.

لېكىن لَمْ يَكُنْهُ ۋە ﴿لَمۡ يَكُنِ ٱلَّذِينَ﴾③دە «نون»نى حذف قىلىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، «لَمْ يَكُنْهُ»دا ضمير منصوب بار، ﴿لَمۡ يَكُنِ ٱلَّذِينَ﴾دا ساكىنغا يولۇقۇش بار.

2) **صَارَ** ــــ ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: صَارَ الطِّيْنُ خَذْفًا (سېغىز لاي ساپال قاچا بولۇپ قالدى).

3) **اَصْبَحَ**، 4) **اَمْسَى**، 5) **اَضْحى** ــــ ئۈچى جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى ھەرقايسىسى ئۆز ۋاقتىغا، يەنى سەھەرگە، كەچكە، چاشگاھ ۋاقتىغا باغلاش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: اَصْبَحَ زَيْدٌ قَائِمًا (زيد سەھەردە قوپقان ئىدى). قالغان ئىككىسىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش.

6) **ظَلَّ**، 7) **بَاتَ** ــــ ئىككىسى جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ ۋاقتىغا، يەنى كۈندۈزگە ۋە كېچىگە باغلاش

---

① 4- سۈرە نىسا 170- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 19- سۈرە مەريەم 20- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 98- سۈرە بەييىنە 1- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇچۇن كېلىدۇ. مەسىلەن: ظَلَّ زَيْدٌ صَائِمًا (زيد روزا تۇتتۇەردى). بَاتَ زَيْدٌ نَائِمًا (زيد كېچىچە ئۇخلىدى).

مۇھىم نۇقتا: يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان بەش فعل بەزىدە صَارَ مەنىسىدە كېلىپ قالىدۇ. مەسىلەن: اَصْبَحَ زَيْدٌ غَنِيًّا (زيد باي بولۇپ قالدى). بۇنىڭدا پەقەتلا ھالەتنى ئۆزگەرتىش مەقسەت بولۇپ، سەھەر ۋاقتى دېگەنگە ھېچقانداق مۇناسىۋەتى يوق.

دىققەت: افعال ناقصەدىن ئەمەس بەزى فعللار «صار» مەنىسىدە كەلگەنلىكتىن، ئۇلارمۇ صارگە قوشۇلۇپ كەتكۈچىلەر دەپ ئاتىلىدۇ. اِرْتَدَّ، تَحَوَّلَ ۋە باشقىلار. مەسىلەن: فَارْتَدَّ بَصِيْرًا (ئۇ كۆرىدىغان بولۇپ قالدى).

8) مَازَالَ، 9) مَابَرِحَ، 10) مَافَتِئَ، 11) مَاانْفَكَّ ـــ بۇ تۆت فعل خبرنىڭ ئىزچىللىق تۇسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئالدىغا قوشۇلغان «ما» نافية (بولۇشسىز)دۇر. مەسىلەن: مَازَالَ زَيْدٌ غَنِيًّا (زيد ھەر زامان باي تۇردى).

12) مَادَامَ ـــ مەلۇم بىر ئىشنىڭ ۋاقتىنى تەئيىن قىلىش ئۇچۇن «...لا ئىكەن، ... بولسىلا، ... سىلا» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: اَخْدَمُ الاسلامَ مَا دُمْتُ حَيًّا (مەن ھاياتلا ئىكەنمەن، ئىسلام ئۇچۇن خىزمەت قىلىمەن).

13) لَيْسَ ـــ جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى يوققا چىقىرىش (بولۇشسىز قىلىش) ئۇچۇن كېلىدۇ. مەسىلەن: لَيْسَ زَيْدٌ قَائِمًا (زيد ئۆرە ئەمەس).



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەگەر ليسنىڭ خبرىگە «ب» كەلسە، خبر ـــ مجرور بولىدۇ. مەسىلەن: لَيْسَ زَيْدٌ بِعَالِمٍ (زيد ئالىم ئەمەس). «لَيْسَ» ئەسلىدە «لَيِسَ» ئىدى. ئىشلىتىلىشى كۆپ بولغانلىقتىن «لَيْسَ» بولۇپ قالغان. لَيْسَنىڭ ماضىدىن باشقا صيغةسى كەلمەيدۇ.

مۇھىم نۇقتا: كَانَ بەزىدە تَامَّة بولىدۇ، يەنى فاعل بىلەنلا كۇپايىلىنىدۇ. بۇ چاغدا ثَبَتَ ۋە حَصَلَ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَإِن كَانَ ذُو عُسْرَةٍ﴾ (ئەگەر كەمبەغەل بولسا) ①.

دەل مۇشۇ ھالەت اَصْبَحَ ۋە بۇنىڭدىن باشقا بەش فعلغا خاس بولۇپ، ئۇنىڭدىن دخول فى الوقت مۇراد بولغان تەقدىردە، شۇنداق تامّة بولىدۇ.

---

① 2- سۈرە بەقەرە 280- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# ئونىنچى دەرس افعال مُقَارَبَة

عَسٰى، كَادَ، كَرَبَ، اَوْشَكَ‌دىن ئىبارەت تۆت فعل خەبرىنىڭ يېقىنلىششى ئۈچۈن تەيىن قىلىنغان. بۇلار اسمنى رفع، خبرنى نصب قىلىپ، خبرى ھەر دائىم فعل مضارع بولۇپ كېلىدۇ. بۇلارنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

1) عَسى ــــ ئۈمىد ـ ئارماننى بىلدۈرۈپ كېلىپ، خبرى كۆپ ۋاقىتلاردا مصدر خاراكتېرلىك «اَنْ» بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: عَسَى اللهُ اَنْ يَأْتِىَ بِالْفَتْحِ (الله تعالى نۇسرەت كەلتۈرۈپ بەرسە ئىكەن). بۇ فعل تۈرلەنمەيدىغان فعلدىن بولۇپ، ماضىدىن باشقا صيغة بىلەن كەلمەيدۇ.

2) كَادَ ــــ خبر ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاز قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىپ، بۇنىڭ خبرى كۆپىنچە «اَنْ»سىز بولىدۇ. مەسىلەن: كَادَ الْمَاءُ يَغْلِى (سۇ قاينىغىلى ئاز قالدى).

دىققەت: عَسٰى‌نىڭ خبرىدىن بەزىدە «اَنْ» حَذْف بولۇپ كېتىپ، كَادَنىڭ خبرىگە «اَنْ» داخىل بولۇپ قالىدۇ. لېكىن



بىرىنچىسىنىڭ خبرىگە «اَنْ»نى كەلتۈرۈش، ئىككىنچىسىنىڭ خبرىدىن «اَنْ»نى حذف قىلىۋېتىش تېخىمۇ ياخشى.

3) كَرَبَ ۋە اَوْشَكَ ــــ خبر ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشكە باشلىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىپ، بىرىنچىسىنىڭ خبرى «اَنْ»سىز، ئىككىنچىسىنىڭ خبرى «اَنْ» بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: كَرَبَ الْقَلْبُ يَذُوْبُ (دىل ئېرىپ كېتەي دېدى). اَوْشَكَ زَيْدٌ اَنْ يَأْتِىَ (زيد كەلگىلى قوپتى).

مۇھىم نۇقتا: طَفِقَ، جَعَلَ، اَخَذَ قاتارلىقلارمۇ افعال مقاربةدىن بولۇپ، بۇلار مضارع صيغةسىدىمۇ كېلىدۇ. لېكىن، بۇلارنىڭ خبرىگە «اَنْ»نى ئەكېلىش چەكلىنىدۇ. مەسىلەن: طَفِقَ خَلِيْلٌ يَقْرَأُ القراٰن (خليل قۇرئان ئوقۇشقا باشلىدى). جَعَلَ الْمُدَرِّسُ يُلْقِى عَلَيْنَا سُؤَالًا (ئۇستاز بىزدىن سوئال سوراشقا باشلىدى). اَخَذْتُ اَكْتُبُ (مەن يازغىلى‌ۋاتىمەن).

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



# ئون بىرىنچى دەرس حُرُوْف مُشَبَّهَة بِالْفِعْل

حُرُوْف مُشَبَّهَة بِالْفِعْل ئالتە: اِنَّ، اَنَّ، كَاَنَّ، لٰكِنَّ، لَيْتَ، لَعَلَّ. بۇلارنىڭ فعلغا ئوخشايدىغان ھەرپلەر دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، بۇلاردا فعلنىڭ مەنىسى تېپىلىپ، اسمىسىنى نصب ۋە خبرىنى رفع قىلىدۇ. ئىشلىتىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

اِنَّ ۋە اَنَّ ــــ جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى تـأكىدلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ (الله تعالى ھەقىقەتەن مەغفىرەت قىلغۇچى ۋە رەھىم قىلغۇچىدۇر)①. بَلَغَنِيْ اَنَّ زَيْدًا قَائِمٌ (زيدنىڭ ھەقىقەتەن ئۆرە تۇرغانلىقى ماڭا يەتتى).

كَاَنَّ ــــ تأكيد ۋە ئوخشىتىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: كَاَنَّ زَيْدًا اَسَدٌ (زيد گويا شىر).

لٰكِنَّ ــــ مەزمۇن جەھەتتە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىپ، ئالدىدىكى جۈملىنىڭ مەزمۇنىدىكى گۇماننى كەتكۈزۈش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: غَابَ زَيْدٌ لٰكِنَّ بَكْرًا حَاضِرٌ (زيد يوق، لېكىن بكر بار).

① 8- سۈرە ئەنفال 69- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



لَيْتَ ــــ ئۈمىدنى بىلدۈرۈپ كېلىپ، بۇ ئۈمىد مۇمكىن بولسۇن ياكى مۇمكىن بولمىسۇن ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا قىزىقىدىغانلىق تەرزىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: لَيْتَ زَيْدًا قَائِمٌ (زيد قوپقان بولسا ئىكەن) ــــ مۇمكىن بولىدىغىنى. لَيْتَ الشَّبَابَ رَاجِعٌ (ياشلىق يانسىچۇ كاشكى) ــــ مۇمكىن بولمايدىغىنى.

لَعَلَّ ــــ ھاسىل بولۇشى مۇمكىن بولىدىغان ئارزۇ-ئارمانىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿لَعَلَّ ٱلسَّاعَةَ قَرِيبٌ﴾ (قىيامەت يېقىن بولسا ئىدى)①.

مەزكۇر ئالتە ھەرپتىن كېيىن «مَـا كَافَّـة» كەلسە، «مَـا» ئۇلارنىڭ نصب ۋە رفع قىلىش ئەمىلىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. مەسىلەن: ﴿إِنَّمَا ٱللَّهُ إِلَٰهٌ وَٰحِدٌ﴾②. بۇ چاغدا بۇ ھەرپلەر فعلغىمۇ داخىل بولىدۇ. مەسىلەن: اِنَّمَا قَامَ زَيْدٌ (زيد راستتىنلا قوپتى). كَاَنَّمَا يَحْمِلُوْنَ اَرْوَاحَهُمْ عَلٰى اَكُفِّهِمْ (ئۇلار گويا جانلىرىنى ئالقانلىرىغا ئېلىپ قويغاندەك).

① 42- سۈرە شۇرا 17- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 4- سۈرە نىسا 171- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# ئون ئىككىنچى دەرس «اِنَّ» ۋە «اَنَّ»نىڭ ئىشلىتىلىشىدىكى پەرق

اِنَّ مكسورة ـــ كـلامنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ اسمىسى ۋە خبرى بىلەن بىرىكىپ، پۈتۈن بىر كلامغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن: اِنَّ زَيْدًا قَائِمٌ. بۇ يەردە «اِنَّ» ئۆزىنىڭ اسمىسى ۋە خبرى بىلەن بىرلىشىپ جملة اسمية بولدى.

اَنَّ مفتوحة ـــ كلامنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ اسمىسى ۋە خبرى بىلەن بىرىكىپ، مفردنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا فعل ياكى اسمنىڭ كېلىشى زۆرۈر. بۇ چاغدا «اَنَّ» ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى نەرسىنىڭ معمولى بولىدۇ. مەسىلەن: بَلَغَنِىْ اَنَّ زَيْدًا قَائِمٌ ۋە عَلِمْتُ اَنَّ زَيْدًا فَاضِلٌ.

مۇھىم نۇقتا: اِنَّ (مكسورة)نىڭ خبرىگە بەزىدە «لام» تأكيد مفتوحة كېلىدۇ. مەسىلەن: اِنَّ زَيْدًا لَقَائِمٌ.

عَلِمَ ۋە ئۇنىڭ ياسالمىلىرىدىن كېيىن، «اَنَّ» (مفتوحة)نىڭ خبرىگە لام كەلسە، «اَنَّ»مۇ مكسورة بوپكېتىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ إِنَّكَ لَرَسُولُهُۥ﴾①.

---

① 63- سۈرە مۇنافىقۇن 1- ئايەتىنىڭ بىر قىسمى.



# ئون ئۈچىنچى دەرس لَيْسَگە ئوخشىغۇچى «مَا» ۋە «لَا»

بۇ ئىككى بولۇشسىز ھەرپ جملة اسميةگە داخىل بولۇشتا لَيْسَگە ئوخشايدۇ. اسمنى رفع ۋە خبرنى نصب قىلىدۇ. ئىشلىتىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

«مَا» ـــ معرفة ۋە نكرة ئىككىلىسىگە داخىل بولىدۇ. مەسىلەن: مَا زَيْدٌ قَائِمًا (زيد ئۆرە ئەمەس). مَا رَجُلٌ مُنْطَلِقٌ (بىرمۇ ئادەم ماڭغان ئەمەس).

«لَا» ـــ ھەر دائىم نكرةگە داخىل بولىدۇ. مەسىلەن: لَا رَجُلٌ اَفْضَلَ مِنْكَ (سەندىن ئەۋزەلراق بىرمۇ ئادەم يوق).

ئەگەر «ما»نىڭ خبرى اسمىسىدىن ئىلگىرى كەلسە ياكى خبرىگە حرف استثناء (إِلَّا) داخىل بولۇپ قالسا، «ما»نىڭ ئەمىلى بىكار بوپكېتىدۇ. مەسىلەن: مَا قَائِمٌ زَيْدٌ . مَا مُحَمَّدٌ إِلَّا رَسُولٌ.

ئەگەر «لا»نىڭ ئاخىرىغا «ت» قوشۇلۇپ «لَاتَ» بولسا، ئۇنىڭغا حِيْنَ لفظ ئەگىشىش زۆرۈردۇر. مەسىلەن: ﴿وَّلَاتَ حِيْنَ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مَنَاصٍ﴾[1] (بۇ قۇتۇلۇپ قالىدىغان ۋاقىت ئەمەس). بۇ يەردە «لَات»نىڭ ئىسمىسى اَلْحِيْنُ محذوفتۇر.

دېمەك، تقديرى مۇنداق: لَات الْحِيْنُ حِينَ مَنَاصٍ

جىنسنى يوق قىلىش ئۈچۈن بولغان «لا» ھەرپى ـــ نكرة ئىسمغە داخىل بولۇپ، ئىسمىنى نصب (تنوينسىز) ۋە خبرىنى رفع قىلىدۇ. بۇ نكرەنىڭ ئۆزى كۆپىنچە مضاف ياكى مضافنىڭ ئوخشىشى بولىدۇ. مەسىلەن: لَا غُلَامَ رَجُلٍ ظَرِيْفٌ. لَا عِشْرِيْنَ دِرْهَمًا لَكَ. ئالدىنقىسى مضافنىڭ، كېيىنكىسى مضافنىڭ ئوخشىشىنىڭ مىسالى.

«لا»نىڭ ئىسمىسى مفرد نكرة كەلسە، فتحلىك مبنى بولىدۇ. مەسىلەن: لَا رَجُلَ فِى الدَّارِ.

ئەگەر «لا»نىڭ ئىسمىسى معرفة كەلسە، «لا» معرفة اسم بىلەن بىرگە ئىككىنچى قېتىم يەنە تەكرارلىنىشى لازىم. بۇ چاغدا «لا»نىڭ ھېچقانداق ئەمەلى بولماستىن، معرفة اسم ـــ مرفوع بولىدۇ. مەسىلەن: لَا زَيْدٌ فِى الدَّارِ وَلَا عَمْرٌو.

ئەگەر ئىككىلى «لا»دىن كېيىن، مفرد نكرة اسم بىرگە تەكرار كەلسە، ئىختىيارلىق بار. ئۇ مەيلى تنوينسىز نصب بولسۇن ﴿فَلَا رَفَثَ وَلَا فُسُوقَ﴾[2]گە ئوخشاش، مەيلى تنوينلىك رفع بولسۇن ﴿يَوْمٌ لَّا بَيْعٌ فِيهِ وَلَا خُلَّةٌ﴾[3]گە ئوخشاش.

① 38ـ سۈرە ساد 3ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 2ـ سۈرە بەقەرە 197ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 2ـ سۈرە بەقەرە 254ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



نحوى ئۆلىمالىرى مەزكۇر قائىدىگە ئاساسەن «لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللهِ»دا بەش ۋەجھىنى جائىز كۆردى.

1) لَا حَوْلَ ولَا قُوَّةَ ـــ ھەر ئىككىسى فتح، ئىككىلى جايدا لا نفي جنس.

2) لَا حَوْلٌ وَلَا قُوَّةٌ ـــ ھەر ئىككىسى رفع، ئىككىلى جايدا «لا» ليس مەنىسىدە.

3) لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةٌ ـــ بىرىنچىسى فتح، ئىككىنچىسى رفع، بىرىنچى «لا» نفي جنس، ئىككىنچىسى ليس مەنىسىدە.

4) لَا حَوْلٌ وَلَا قُوَّةَ ـــ بىرىنچىسى رفع، ئىككىنچىسى فتح، بىرىنچى «لا» ليس مەنىسىدە، ئىككىنچىسى نفي جنس.

5) لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةً ـــ بىرىنچىسى فتح، ئىككىنچىسى نصب، بىرىنچى «لا» نفي جنس، ئىككىنچى «لا» زائِدة.

# ئون تۆتـنچى دەرس جملة فعليّة

جملة فعلية ـــــ بـرنچى بۆلكى فعــل بولغـان جۇملـدۇر. مەسلەن: قَامَ زَيْدٌ. بۇنـگدا «قَامَ» مُسْنَد بولـۇپ، فعل دېيىلـدۇ. «زَيْدٌ» مُسْنَد اِلَيْه بولۇپ، فَاعِل دېيىلدۇ. هـەرقانداق فعل ـــــ لازم بولسۇن ياكى مُتَعَدِّى بولسۇن، ئۆزىنىڭ فاعلنى رفــع قلـدۇ. متعدى بولسا، يەنە مفعولنى نصبمۇ قلـدۇ. مەسـلەن: ضَرَبَ زَيْدٌ عَمْرًوا.

## فاعل ۋە فعلـنڭ ئەهكاملـرى

فـاعل ـــــ فعل يـاكى فعــلـنڭ ئوخششـغا تايـانچ بولـۇپ ئش ـهەركەتنى ئورۇنلغۇچىنڭ اسمدۇر. مەسـلەن: قَامَ زَيْدٌ. زَيْدٌ قَائِمٌ اَبُوْهُ. بـرنچى مسالدكى «قَامَ» فعل، ئككـنچى مــ ـسالدكى «قَائِمٌ» فعلنڭ ئوخششى بولۇپ، بۇلار ئۆز فاعلـنى رفع قلدى.

فعلنڭ ئوخششـدن اسم فاعل، اسم مفعول، صفة مشبهة، مصدر ۋە اسم تفضيل مۇرادتۇر.



فاعل ئككى قسىم: بـرى اسم ظاهر، يەنە بـرى اسم ضمير.

فاعل ـــــ اسم ظاهر بولسا، فعل هەمشە واحد بولـۇپ، تذكير ۋە تأنيثتىلا ماسلشسپ كـېلدۇ. مەسـلەن: قَامَ الـرَّجُلُ. قَــامَ الرَّجُلَان. قَامَ الرِّجَالُ. قَامَتِ الْمَرْأَةُ. قَامَتِ الْمَرْأَتَان. قَامَتِ النِّسَآءُ.

ئەگەر فاعل ـــــ اسم ضمير بولسا، فعل واحدلق، تثنيــةلك، جمعلك، مذكرلك ۋە مؤنثلك قاتارلىقلاردا فاعلغا ماسلشـسپ كېلدۇ. مەسلەن: اَلرَّجُلُ قَامَ. اَلرَّجُلَان قَامَا. اَلرِّجَالُ قَامُوْا. اَلْمَــرْأَةُ قَامَتْ. اَلْمَرْأَتَان قَامَتَا. اَلنِّسَآءُ قُمْنَ. بۇ تەركىبتە «اَلرَّجُلُ» مبتدأ، «قَامَ» فعل، مبتدأنى كۆرستـدىغان ضمير (هُوَ) «قَامَ»نىڭ فاعلىدۇر.

فاعل ـــــ مؤنث حقيقى بولۇپ، فعلغا بـر تۇتاشلا كەلسە، فعل هەمشە مؤنث بولىدۇ. مەسلەن: ﴿ قَالَتِ ٱمۡرَأَتُ عِمۡرَٰنَ ﴾①. لېكىن فعل ۋە فاعل ئارىلقدا فاصل بولسا، فعــل ـــــ مذكــر ۋە مؤنث هالەتتە ئككى خىل كېلەلەيدۇ. مەسلەن: ﴿ إِذَآ أَصَـٰبَتۡهُم مُّصِيبَةٌ ﴾② ياكى ﴿ فَمَن جَآءَهُۥ مَوۡعِظَةٌ مِّن رَّبِّهِۦ ﴾③.

فاعل ـــــ مؤنث غير حقــيقى بولغاندىمۇ فعــل ئككى خـل هالەتتە كېلدۇ. بۇنـگدا فعل ـــــ فــاعلدىن ئلگـرى بولسا، فعلنى مذكر ۋە مؤنث قلىشتا ئختيارلىق بار. مەسلەن: طَلَعَتِ الشَّمْسُ ۋە طَلَعَ الشَّمْسُ. «قۇرئان كـەرىم»دە ﴿وَجُمِعَ ٱلشَّمۡسُ وَٱلۡقَمَرُ﴾④ دەپ كەلدى.

① 3- سۇرە ئال ئمران 35- ئايەتنىڭ بىر قسمى.
② 4- سۇرە نسا 62- ئايەتنىڭ بىر قسمى.
③ 2- سۇرە بەقەرە 275- ئايەتنىڭ بىر قسمى.
④ 75- سۇرە قىيامە 9- ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەگەر فعل تۆۋەندىكى مسائلدەك كەلسە، فعلنى مؤنث كەلـتۈرۈش ۋاجىب. مەسىلەن: اَلشَّمْسُ طَلَعَتْ.

فاعل ـــ جمع مكسَّر بولسا، مەيلى ئۇ ذوى الْعُقُولدىن بولسۇن، مەيلى ئۇ غَيْر ذوى العقولدىن بولسۇن، ئۇنىڭ ھالى مؤنث غير حقيقىنىڭ ھالىغىلا ئوخشايدۇ. مەسىلەن: قَامَتِ الرِّجَالُ. قَامَ الرِّجَالُ. ذَهَبَتِ الْأَيَّامُ. ذَهَبَ الْأَيَّامُ. لېكىن بۇ يەردە «اَلرِّجَالُ قَامُوْا»مۇ دېگىلى بولىدۇ.

فاعل ـــ مفعولدىن قانداق يەردە ئىلگىرى كېلىدۇ؟

فاعل ئومۇمەن ئېيتقاندا مفعولدىن ئىلگىرى كېلىدۇ. لېكىن تۆۋەندىكى ھالەتلەردە فاعلنى ئىلگىرى ئەكېلىش ۋاجىب:

1) فاعل ۋە مفعول ئىككىلىسى اسم مقصور بولۇپ، بىر-بىرىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئوخشىشىپ كەتسە. مەسىلەن: ضَرَبَ مُوْسٰى عِيْسٰى.

2) فاعل ـــ ضمير متّصل بولسا. مەسىلەن: ضَرَبْتُ زَيْدًا.

3) مفعول «إِلَّا»دىن كېيىن كەلسە. مەسىلەن: مَا ضَرَبَ زَيْدٌ إِلَّا عَمْرًوا.

فعل ۋە فاعل قانداق يەردە حذف بولىدۇ؟

فعلنىڭ بارلىقىغا قرينة (پاكىت) تېپىلسا، فعلنى حذف قىلىۋېتىش جائز. مەسىلەن: بىرسى مَنْ ضَرَبَ (كىم ئۇردى؟) دەپ سورىسا، ئۇرغان كىشى زيد بولغان بولسا، «زَيْدٌ» دەپ جاۋاب بەرگەنگە ئوخشاش. بۇ يەردە ضَرَبَ دېگەن فعل ـــ محذوف بولىدۇ.



بەزىدە فعلنى حذف قىلىۋېتىش ۋاجىب بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَإِنْ أَحَدٌ مِّنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ٱسْتَجَارَكَ﴾①. بۇ يەردە ﴿أَحَدٌ﴾دىن ئىلگىرى اِسْتَجَارَكَ دېگەن فعل محذوفتۇر.

ئەگەر سوئالنىڭ جاۋابى «نَعَمْ» ياكى «بَلٰى» بىلەن بولسا، فعل ۋە فاعل ئىككىلىسى حذف بوپكېتىدۇ. مەسىلەن: أَقَامَ زَيْدٌ (زيد قوپتىمۇ؟)نىڭ جاۋابىدا «نَعَمْ» دېيىلسە، فعل ۋە فاعل ئىككىلىسى محذوف بوپكەتكەندەك.

## مفعول مَا لَمْ يُسَمَّ فَاعِلُه (نائب فاعل)

بۇ، فاعلنىڭ اسمى كەلتۈرۈلمىگەن بىر مجهول فعلنىڭ مفعولى بولۇپ، ئەسلىدە مفعول بولغان بولسىمۇ، ئەمدى ئەھكامدا فاعلنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. شۇڭا نائب فاعل دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ھەر قانداق مجهول فعل ـــ مفعول ما لم يسم فاعلەنى رفع قىلىدۇ. مەسىلەن: ضُرِبَ زَيْدٌ.

مذكرلىك، مؤنثلىك، واحدلىق ۋە جمعلىك قاتارلىقلاردا بۇنىڭ ھالى فاعلنىڭ ھالىغىلا ئوخشايدۇ.

① 9- سۈرە تەۋبە 6- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# ئون بەشىنچى دەرس جملة فعليةنى مەشىق قىلىش

1) تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى فعل ۋە فاعلنىڭ مذكرلىكىگە ياخشى پىكىر يۈرگۈزۈڭلار، ئاندىن ئۇنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭلار:

جَآءَ زَيْدٌ. ذَهَبَ بَكْرٌ. تَغَيَّرَ الْمَوْسِمُ. طَلَعَ النهارُ. اِسْوَدَّ الليلُ.

2) تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى فعل ۋە فاعلنىڭ مؤنثلىكىگە ياخشى پىكىر يۈرگۈزۈڭلار، ئاندىن ئۇنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭلار:

تَبَسَّمَتِ المرأةُ. تدحرجت الكُرَّةُ. اشتعلت النارُ.

3) تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى فاعل جمعدۇر. بۇ ئېتىبار بىلەن فعلنىڭ مذكرلىك، مؤنثلىك، واحدلىق ۋە جمعلىكى قاتارلىقلارغا ياخشى پىكىر يۈرگۈزۈڭلار، ئاندىن ئۇنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭلار:

(1) اِبْيَضَّتِ الثِّيَابُ. اِنْكَسَرَتِ الْاَوَانِى.

(2) اِشْتَهَرَتِ الْاَخْبَارُ. اِخْتَلَفَتِ الْاَقْوَالُ.



(3) ﴿ وَقَالَ نِسْوَةٌ فِى ٱلْمَدِينَةِ ﴾①. ﴿ إِذَا جَآءَكَ ٱلْمُؤْمِنَٰتُ ﴾②.

4) تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى فاعل ـــــ ضميردۇر، بۇ ئېتىبار بىلەن فعلنىڭ مذكر ۋە مؤنثلىكىگە ياخشى پىكىر يۈرگۈزۈڭلار:

(1) زَيْدٌ يَمْشِىْ. اثنان لا يشبعان. الرجال قاموا.

(2) زينبُ تضحكُ. اُختاك لم تذهبا. نساء البلد اجتمعن.

5) تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى توغرىلاڭلار:

هندٌ جآء. اخواتك قاموا. ابآءكم ماتا.

6) تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىڭلار:

ئۇ ئۇخلاپ قالدى. ئوغۇل بالا كۈلدى. كېچە بولدى. كىيىم كىرلەشتى. يەر يېرىلدى. كۈن چىقتى. دۈشمەن ئۆلدى. ئاكام كەلدى. ئاياللار مەسجىدكە يىغىلىشتى.

---

① 12- سۈرە يۈسۈپ 30- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② 60- سۈرە مۇمتەھىنە 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# ئون ئالتىنچى دەرس مفاعيل خمسة

**مفعول** بەشتۇر: مفعول به (تولدۇرغۇچى، چۈشۈم كېلىش)، مفعول مطلق (دەرىجە ھالىتى)، مفعول فيه (ۋاقىت، ئورۇن ھالىتى)، مفعول له (سەۋەب، مەقسەت ھالىتى)، مفعول معه (بىللىك تولدۇرغۇچى).

بۇ ھەممە مفعول — فعل بىلەن منصوب بولىدۇ. بۇلار تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ:

**مفعول به** — فاعلنىڭ فعلنى قوبۇل قىلىدىغان تولدۇرغۇچىنىڭ اسمىدۇر. مەسىلەن: ضَرَبْتُ زَيْدًا (مەن زەيدنى ئۇردۇم).

مفعول به بەزىدە ئۆز فعلىدىن ئىلگىرىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: زَيْدًا ضَرَبْتُ.

ئەگەر قرينة تېپىلسا، مفعول بەنىڭ عامل (فعل)نى حذف قىلىشىمىز ۋاجىبتۇر. بۇ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل بولىدۇ:

1) منادَى (چاقىرىلغۇچى) — ئالدى تەرەپكە نداء، يەنى چاقىرىش ھەرپى (قاراتما ئۇندەش) كەلگەن اسمدۇر. بۇ نداء ھەرپى محذوف بولغان اَدْعُوْ دېگەن فعلنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ.



مەسىلەن: يَا زَيْدُ. بۇ ئەسلىدە اَدْعُوْ زَيْدًا ئىدى (مەن زەيدنى چاقىرىمەن). نداء قىلىش ئىشلىرى كۆپ بولغانلىقتىن اَدْعُوْ دېگەننى قىسقارتىپلا ئۇنىڭ ئورنىغا نداء ھەرپىنى ئىشلىتىدىغان بولدى. دېمەك، منادٰى مفعول به بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) **منادَى** — مفرد معرفة ياكى مۇئەييەن نكرة بولسا، منادَى — رفعنىڭ ئۈستىگە مبني قىلىنىدۇ. مەسىلەن: يَا زَيْدُ. يَا رَجُلُ.

منادىغا لام استغاثة داخل بولسا، منادَى — مجرور بولىدۇ. مەسىلەن: يَا لَلْأَمِيْرِ لِزَيْدٍ (يا اميرُ اَغِثْ لِزَيْدٍ).

منادىنىڭ ئاخىرغا الف استغاثة قوشۇلۇپ قالسا، منادىنىڭ ئاخىرى فتح بولىدۇ. لېكىن، بۇ چاغدا ئۇنىڭغا لام كەلمەيدۇ. مەسىلەن: يَا زَيْدَا ۋە يَا زَيْدَاهْ.

**مۇھىم نۇقتا:** ضمة ئوقۇلغان منادى عَلَم يەنە بىر عَلَمگە مضاف بولۇپ كەلگەن ابْن لفظىنىڭ موصوف بولسا، (ابْن دېگەن لفظ ئىككى علمنىڭ ئوتتۇرىدا كەلسە) ابن فتحة ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: يا زيدُ ابنَ عمرٍو.

ئەگەر ئىككى عَلَمنىڭ ئارىلىقىدا بولمىسا، ئۇمۇمىي اسملارغا ئوخشاشلا ئوقۇلىدۇ.

(2) منادى — مضاف، ياكى مضافنىڭ ئوخشىشى، ياكى مۇئەييەن ئەمەس نكرة بولسا، منصوب بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿يَـٰٓأَهْلَ ٱلْكِتَـٰبِ﴾. يَا طَالِعًا جَبَلًا. يَا رَجُلًا خُذْ بِيَدِي.

منادى ـــ الف لام بىلەن معرفة قىلىنغان بولسا، نداء هەرپى بىلەن منادى ئارىلىقىغا «اَيُّهَا»، «اَيَّتُهَا» لفظى قىستۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ﴾، يَا اَيَّتُهَا المرأةُ.

لېكىن «اللهُ» لفظىنى نىداء قىلىماقچى بولسا، خاس «يَـا» كېلىدۇ. يَا اللهُ دېگەندەك.

(3) متكلّمنىڭ ياءسىغا مضاف بولۇپ كەلگەن رَبّ، اَب، اُمّ قاتارلىق لفظلەر منادى بولۇپ كەلسە، يَا غُلَامِىْ، يَا غُلَامِىَ، يَا غُلَامِ، يَا غُلَامَالارغا ئوخشاش تۆت خىل ئوقۇش جائىز. مەسىلەن: يَا رَبِّىنىڭ ئورنىدا يَا رَبِّ، يَا اَبِىْنىڭ ئورنىدا يَا اَبِ ئوقۇلىدۇ. لېكىن، بەزىدە يَا اَبِى، يَا اُمِّىنىڭ «ي»سى «ت»غا ئالمىشىپ، يَا اَبَتِ، يَا اُمَّتِ دەپمۇ ئوقۇلىدۇ.

(4) بەزىدە منادىنىڭ ئاخىرقى هەرپى يەڭگىللىك ئۈچۈن حذف قىلىنىدۇ. مەسىلەن: يَا حَارِثُدا يَا حَارِ ۋە يَا عَبَّاسُدا يَا عَبَّ، بۇ تَرْخِيْم دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزىدە نداء هەرپىمۇ حـذف قىلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: ﴿يُوسُفُ أَعۡرِضۡ عَنۡ هَٰذَاۚ﴾[①] يا يوسفُ دېگەن بولدى.

«اللهُ» دېگەن لفظ، بەزىدە ئاخىرغا تشديدلىك ميم كەلتۈرۈپمۇ نداء قىلىنىدۇ. مەسىلەن: اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِىْ.

(5) ئۆلگەن كىشىگە ئېچىنى ئاغرىتىپ يىغلىماقچى بولسا، ئۇنىڭغا «يَاء» ياكى «واو»نى ئەكېلىدۇ، بۇ مَنْدُوْب دەپ ئاتىلىدۇ. مندوب هەرقانداق ئەهكامدا منادىغىلا ئوخشايدۇ. مەسىلەن: يَا زَيْدَا.

---

① 12- سۈرە يۈسۈپ 29- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



بەزىدە ئۇنىڭ ئاخىرغا وقفنىڭ هاءسىمۇ زىيادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: وَا مُصِيْبَتَاهْ.

«وَاو» مندوبقىلا خاستۇر، «يا» منادى ۋە مندوب ئىككىلىسىگە ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ.

ئاگاه بولۇڭكى، نداء تۆۋەندىكى يەتتە خىل هالەتنىڭ بىرىگە تەۋە بولماي قالمايدۇ. ئۇ يەتتە خىل هالەت: (1) مەدهىيە بىلەن نداء قىلىش، «يا ايها النبيُّ» دېگەنگە ئوخشاش. (2) ئەيىبلەش بىلەن نداء قىلىش، «يا ايها الذين هـادوا» دېگەنگە ئوخشاش. (3) تۈزلا نداء قىلىش، «يا ايها الانسان» دېگەنگە ئوخشاش. (4) اضافةلىك نداء قىلىش، «يا عبادي» دېگەنگە ئوخشاش. (5) نسبەتلىك نداء قىلىش، «يا نساء النبي» دېگەنگە ئوخشاش. (6) ئىسمىنى ئاتاپ نداء قىلىش، «يا داود» دېگەنگە ئوخشاش. (7) بىر نەرسىگە خاس قىلىپ نداء قىلىش، «يا اهل الكتـاب» دېگەنگە ئوخشاش.

2) **اضمار على شرط تفسير** ـــ ئىزاهلىنىش شەرتى بىلەن يوشۇرۇنغان فعلنىڭ اسمىسى بولۇپ، ئىزاهلاپ بەرگۈچى فعل ئۆزىدىن كېيىنكى نەرسىدە ئەمەل قىلىدۇ. لېكىن، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى اسمدا ئەمەل قىلمايدۇ. مەسىلەن: زَيْدًا ضَرَبْتُهُ.

مىسالدىكى «زَيْدًا» اسم منصوب بولۇپ، ئىزاهلاپ بەرگۈچى فعل ـــ ضَرَبْتُ ئۆزىدىن كېيىنكى نەرسە ـــ «ه»دا ئەمەل قىلىپ، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى اسم ـــ «زَيْدًا»دە ئەمەل قىلمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دېمەك، بۇ «زيدًا»گە عامل ناصب (فعــل)دىن بــرنى پــەرەز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، خــۇددى ضَرَبْتُ زَيْدًا ضَـــرَبْتُهُ دېگــەندەك. بۇنــڭدا فعـــل تــەكرار بولــۇپ قالغــانلىقى ئۈچــۈن، بــاش فعـــل يوشۇرۇن كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭ مسالى «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق كەلدى: ﴿وَٱلۡقَمَرَ قَدَّرۡنَٰهُ مَنَازِلَ﴾①. بۇ، «قَدَّرْنَا الْقَمَرَ قَدَّرْنَاهُ» دېــگەن بولىدى.

3) **تحذير** ـــــ ئاگاھلاندۇرۇش دېمەكتۇر. نېمىدىن ئاگاھــلاندۇرۇلغان بولسا، ئۇ مُحَذَّر مِنْهُ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ اِتَّقِ ياكى بَعِّدْ دېگەن يوشۇرۇن فعلنىڭ مفعول بــه بولىدۇ. مەسىلەن: اِيَّــاكَ وَالْأَسَدَ. ئەسلىدە اِتَّقِكَ وَالْأَسَــدَ (ئۆز ئۆزۈڭنى شــىردىن قوغدا) ئىدى.

بەزىدە محذَّر منـــه تـــەكرارمۇ كـــەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: الطـــرِيقَ الطريقَ. ئەسلىدە بَعِّد الطريقَ (يولدىن نېرى بول) ئىدى.

دىققەت: اياك والْأَسَدَنى اياك مِنَ الْأَسَـــدِمۇ دېگىلى بولىدۇ، لېكىن اياك الْأَسَدَ دېيىش توغرا ئەمەس.

**مفعول مطلق** ـــــ فعلدىن كېيىن كېلىپ، مەنە جەھەتتە شۇ فعـــلنــىڭ مەنىسى بىلــەن بىــر بولغان مصـــدر (دەرىجە ھالەت)نىڭ اسمىدۇر. مەسىلەن: ضَرَبْتُ ضَرْبًا (راسا ئۇردۇم).

مفعول مطلق ئۈچ خىل ئىشلىتىلىدۇ:

1) تـــأكيد ئۈچــۈن، مــەزكۇر مسالغا ئوخشــاش. 2) نـــوع (شەكىل)نى بايان قىلىش ئۈچۈن. مەسىلەن: جَلَسْتُ جِلْسَةَ

① 36- سۈرە ياسىن 39- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



الْقَارِئِ (مەن قارى ئولتۇرغاندەك ئولتۇردۇم). 3) عَـدَد (قېتىم سانى)نى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: جَلَسْتُ جَلْسَةً (مەن بىر قېتىم ئولتۇردۇم).

قرينة تېپىلسا مفعول مطلقنىڭ فعلى حذف قىلىنىدۇ، خۇددى رَعَاكَ اللهُ رَعْيًا (الله تعالى ساڭا ھامىي ۋە مەدەتكار بولسۇن) دېگەنـنىڭ ئورنىدا رَعْيًا دېگەنگىلا ئوخشاش.

**مفعول فيه** ـــــ ئىش يۈز بەرگەن زمان (ۋاقىت) ياكى مكــان (ئورۇن)نىڭ اسمىدۇر. بۇنى ظرفمۇ دەيدۇ. بۇ ئىككى قىسىم:

1) ظــرف زمــان (بۇنىڭدا ۋاقىت مەنىسى بىلدۈرىلىدۇ).
مەسىلەن: صُمْتُ يَوْمَ الْجُمْعَةِ (مەن جۈمە كۈنى روزا تۇتتۇم).

2) ظــرف مكــان (بۇنىڭدا ئورۇن مەنىسى بىلدۈرىلىدۇ).
مەسىلەن: قُمْتُ خَلْفَكَ (مەن ئارقاڭدا تۇردۇم).

ظرف زمــان مــەيلى چــەكلىك بولسۇن، مــەيلى چەكسىز بولسۇن ئىككىلا ھالەتتە «فِي» يوشۇرۇن بار دەپ تۇرۇپ نصب ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: سَافَرْتُ شَهْرًا، قُمْتُ دَهْرًا، يــەنى فِي شَـــهْرٍ، فِي دَهْرٍ دېگەن بولىدى. لېكىن ظرف مكــان چــەكلىك بولغاندا، «فِي»نى ئاشكارا ئەكېلىش زۆرۈر. مەسىلەن: جَلَسْتُ فِي الدَّارِ، فِي السُّوقِ، فِي الْمَسْجِدِ. بۇ يەردە جَلَسْتُ الدَّارَ دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما دَخَلْتُ دىن كېيىن كەلگەن لفظ، كــەڭچىلىك قىلىش ئېتىبارى بىلەن نصب ئوقۇپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: دَخَلْتُ الدَّارَ وَالْمَسْجِدَ.

**مفعول له** ـــ جۇملىدە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبى ۋە مەقسىتىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان بىر خىل ئەگەشمە بۆلەكتۇر. مەسىلەن: ضَرَبْتُهُ تَأْدِيبًا (مەن ئۇنى ئەدەپ ئۆگىتىش يۈزىسىدىن ئۇردۇم)، بۇ يەردە «تأديبًا» مفعول لەدۇر. شۇنىڭدەك حَارَبْتُ شِجَاعَةً (مەن شجائەتلىك بولغانلىقىم ئۈچۈن جەڭ قىلدىم).

**مفعول معە** ـــ مَعَ (بىللە، بىرگە، بىلەن) مەنىسىدىكى واودىن كېيىن كەلگەن اسم بولۇپ، ئالدىدىكى معمولغا قانداق مۇئامىلە قىلىنغان بولسا، بۇنىڭغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىنىدۇ. بۇمۇ يۇقىرىقى مفعوللارغا ئوخشاش نصب ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: جَآءَ الْبَرْدُ وَالطَّيَالِسَةَ (سوغۇق تون بىلەن بىرگە كەلدى) . بۇ يەردە «الطيالسةَ» مفعول معەدۇر.



# ئون يەتتىنچى دەرس حال ۋە تمييز

**حال** ـــ فاعل ياكى مفعول بە، ياكى ھەر ئىككىلىسىنىڭ ھالىتىنى بايان قىلىدىغان نكرة اسمدۇر. مەسىلەن: جَآءَ زَيْدٌ رَاكِبًا (زيد ئۇلاغلىق كەلدى). بۇ يەردە «راكبًا» زيدنىڭ فاعللىق ھالىتىنى بايان قىلدى. ضَرَبْتُ زَيْدًا مَشْدُوْدًا (مەن زيدنى باغلاپ قويۇپ ئۇردۇم). بۇ يەردە «مَشْدُوْدًا» «زيد»نىڭ مفعوللۇق ھالىتىنى بايان قىلدى. لَقِيْتُ زَيْدًا رَاكِبَيْنِ (زيد ئىككىمىز ئۇلاغلىق ئۇچرىشىپ قالدۇق). بۇ يەردە «رَاكِبَيْنِ» فاعل ۋە مفعول بە ئىككىسىنىڭ ھالىتىنى بايان قىلدى. بۇ يەردىكى فاعل ۋە مفعول ـــ ذُو الْحال (ھالەت ئوبيېكتى) دەپ ئاتىلىدۇ.

حال ھەمىشە نكرة (تونۇشسىز اسم)، ذو الحال كۆپىنچە معرفة (تونۇشلۇق اسم) بولىدۇ. لېكىن ذو الحال ـــ نكرة بولسا، حالنى ئىلگىرى ئەكېلىش ۋاجىب. مەسىلەن: جَآءَ رَاكِبًا رَجُلٌ (يېنىمغا ئۇلاغلىق بىر ئادەم كەلدى).

حال ـــ جملة اسمية بولسا، بۇ چاغدا، جۇملىدە «واو» بىلەن ضمير ياكى «واو»لا بولۇش زۆرۈر. مەسىلەن: ﴿لَا تَقْرَبُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَأَنتُمْ سُكَٰرَىٰ﴾[1]، «كُنْتُ نَبِيًّا وَاٰدَمُ بَيْنَ الْمَاءِ وَالطِّيْنِ».

---

① 4ـ سۈرە نسا 43ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

حال ــــ جملة فعلية بولۇپ، مضارع مثبت بولسا، ضميرلا كۇپايە. مەسلەن: جَآءَ زَيْدٌ يَسْعٰى (زيد يۈگۈرگەن هالەتتە كەلدى).

فعل ماضى حال بولۇپ كەلسە، ئۇنىڭ ئالدىغا «قَدْ» دېگەن لفظنى ئەكېلىش ۋاجىب. مەسلەن: جَآءَ زَيْدٌ قَدْ خَرَجَ غُلَامُهُ .

تمييز ــــ مۇجمەل سۆزنى ئېنىقلاشتۇرۇپ بەرگۈچى نكرة اسمدۇر. مەسلەن: جَلَّ زَيْدٌ نَسَبًا (زيد نەسەب جەھەتتىن ئۇلۇغ ئىدى). ﴿ وَفَجَّرْنَا ٱلْأَرْضَ عُيُونًا ﴾ (بىز زېمىندا بۇلاق ئاقـقۇزدۇق)①. بۇ ئىككى مىسالدا «نَسَبًا» ۋە ﴿ عُيُونًا ﴾ تمييزدۇر.

مۇھىم نۇقتا: تمييز ــــ فعلنىڭ معمولىلا بولماستىن، بەلكى اسم تام② نىڭمۇ معمولى بولىدۇ.

تمييز بەزىدە مفرد مِقدار③دىكى مۇجمەللىكنى ئېنىقلاشـتۇرۇپ كېلىدۇ. مەسلەن: عِشْرُوْنَ رَجُلًا (يىگىرمە ئادەم)، قَفِيْزَانِ بُرًّا (ئىككى چارەك بۇغداي)، رَطْلٌ زَيْتًا (بىر قاداق زەيتۇن يېغى).

بەزىدە مفرد غير مقداردىكى مۇجمەللىكنى ئېنىقلاشتۇرۇپ كېلىدۇ. مەسلەن: خَاتَمٌ فِضَّةً (كۈمۈش ئۈزۈك). لېكىن، بۇنى اضافة بىلەن مجرور ئوقۇغىلى بولىدۇ. مەسلەن: خَاتَمُ فِضَّةٍ.

---

① 54- سۈرە قەمەر 12- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② اسم تام دەپ تنوين، تثنيةنىڭ نونى، جمعنىڭ نونى، اضافةتىن ئىبارەت تۆت نەرسىنىڭ بىرى بىلەن ئاخىرلاشقان اسمنى دەيدۇ.

③نحو ئۆلىمالىرىنىڭ ئىستىلاھىدا مفرد مقداردىن تۆۋەندىكىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ: سان، ئۆلچەم، ۋەزن، كۆلەم، گەز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# ئون سەككىزىنچى دەرس مستثنٰى

مستثنى ــــ إِلَّا ياكى شۇنىڭ رولىدىكى لفظلەر ئارقىلىق ماقبلىسىنىڭ هۆكمىدىن چىقىرىۋېتىلگەن اسمدۇر. مەسلەن: جَآءَنِى الْقَوْمُ إِلَّا زَيْدًا (يېنىمغا زيددىن باشقا قەۋم كەلدى). بۇ مىسالدا «زيد» مستثنى بولۇپ، ئەسلىدە ئۇ «قوم»نىڭ ئىچىدە بار ئىدى، لېكىن بۇ إِلَّا ئارقىلىق ئايرىۋېتىلىپ، قومگە جارى بولـغان «كېلىش» دېگەن هۆكۈم ئۇنىڭدىن مۇستەسنا بولدى.

دېمەك، «قوم» مُسْتَثْنٰى مِنْهُ، «زَيْدٌ» مستثنٰىدۇر.

مستثنى ئىككى قىسىم: بىرى، مُتَّصِل (مستثنى مِنْهُنىڭ جىنـسىدىن بولغان)، يۇقىرىقى مىسالدەك. يەنە بىرى، مُنْقَطِع (مستثنى منەنىڭ جىنسىدىن بولمىغان). مەسلەن: جَآءَنِى الْقَوْمُ إِلَّا حِمَارًا (يېنىمغا قوۋم كەلدى، لېكىن ئېشەك كەلمىدى). بۇ مىسالدىكى «حِمَارًا» دېگەن مستثنى «قوم»نىڭ جىنسىدىن ئەمەس.

مستثنى منقطع هەر دائىم نصب ئوقۇلىدۇ. لېكىن مستثنى متّصل إِلَّادىن كېيىن كەلسە ياكى كلام مثبت تام بولسا (نفى، نهى ۋە استفهام انكارى كلامدا بولمىسا)، نصب ئوقۇلىدۇ، خۇددى ﴿فَشَرِبُوا۟ مِنْهُ إِلَّا قَلِيلًا﴾① دېگەندەك.

---

① 2- سۈرە بەقەرە 249- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەگەركلام غير مثبت بولسا، ئۇنىڭ اعرابى ئىككى خىل ئوقۇلىدۇ:

1) مستثنى منه — مذكور هەم متصل بولسا، مستثنىنى نصب ئوقۇش ياكى مستثنى منەغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ اعراب بېرىش — ئىككىلىسى جائىز. مەسىلەن: ﴿وَلَمۡ يَكُن لَّهُمۡ شُهَدَآءُ إِلَّآ أَنفُسُهُمۡ﴾[1]. بۇ يەردە ﴿شُهَدَآء﴾ ئېتىبارى بىلەن ﴿إِلَّآ أَنفُسُهُمۡ﴾مۇ رفع ئوقۇلىدۇ.

2) مستثنى منه — مذكور بولمىسا، مستثنىنىڭ اعرابى عامىل ئېتىبارى بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: لَا يُهْلَكُ إِلَّا الْفَاسِقُ. لَا تَقُوْلُوْا إِلَّا الْحَقَّ. بىرىنچى مىسالدا فاعل بولۇپ كەلگەن «اَحَدٌ» دېگەن مستثنى منه محذوف بولغانلىقى ئۈچۈن «إِلَّا الْفَاسِقُ» دەپ مرفوع بولىدۇ. ئىككىنچى مىسالدا مفعول بولۇپ كەلگەن «شَيْئًا» دېگەن مستثنى منه محذوف بولغانلىقى ئۈچۈن «إِلَّا الْحَقَّ» منصوب بولىدۇ. بۇ استثناء مفرَّغ دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر مستثنى خَلَا ۋە عَدَا لفظدىن كېيىن كەلسە، كۆپىنچە نصب ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

اَلَا كُلُّ شَيْءٍ مَا خَلَا اللّٰهَ بَاطِلُ

ئەگەر مستثنى غَيْرَ ۋە سَوَاءدىن كېيىن كەلسە، هەر دائىم مجرور ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿غَيۡرِ ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ﴾[2].

① 24- سۈرە نۇر 6- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 1- سۈرە فاتىهە 7- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



# ئون توققۇزىنچى دەرس اَسْمَآء عَدَدنىڭ تمييزى

اسماء عددنىڭ تمييزى ئۈچ خىل كېلىدۇ:

1) ثَلَاثَةٌدىن (ئۈچتىن) عَشَرَةٌغىچە (ئونغىچە) تمييز — مجرور ۋە مجموع بولىدۇ. عدد مەيلى مذكّر بولسۇن، مەيلى مؤنث بولسۇن. مەسىلەن: ﴿سَبۡعَ لَيَالٍ وَثَمَٰنِيَةَ أَيَّامٍ﴾ (يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز)[1].

2) اَحَدَ عَشَرَدىن (ئون بىردىن) تِسْعٌ وَّتِسْعُوْنَغىچە (توقسان توققۇزغىچە) تمييز — منصوب ۋە مفرد بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿رَأَيۡتُ أَحَدَ عَشَرَ كَوۡكَبًا﴾[2]، ﴿فَٱنفَجَرَتۡ مِنۡهُ ٱثۡنَتَا عَشۡرَةَ عَيۡنًاۖ﴾[3].

3) مِائَةٌ (يۈز)، اَلْفٌ (مىڭ) ۋە بۇلارنىڭ تثنية ۋە جمعىسىنىڭ تمييزى مجرور مفرد بولىدۇ. مەسىلەن: عِنْدِىْ مِائَةُ دِرْهَمٍ ومِأَتَا ثَوْبٍ وَمِئَاتُ فَرَسٍ. اَلْفُ بَقَرٍ واَلْفَا عَبْد واٰلافُ حِمَار.

دىققەت: وَاحِد (بىر)، اِثْنَان (ئىككى) قاتارلىقلار تمييزسىز ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئىككىسى — مذكَّر اسم ئۈچۈن مذكّر شەك-

① 69- سۈرە هاققە 7- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 12- سۈرە يۈسۈپ 4- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 2- سۈرە بەقەرە 60- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ـلىدە، مۇئەننەس اسم ئۇچۇن مۇئەننەس شەكلىدە كەلتۈرۈلىدۇ. مەسـە-
ـلەن: ﴿إِلَـٰهُكُمْ إِلَـٰهٌ وَاحِدٌ﴾①. ﴿هُوَ ٱلَّذِى خَلَقَكُم مِّن نَّفْسٍ وَاحِدَةٍ﴾②.
لېكىن، ثلثةدىن عشرةگىچە مذكّر اسمغا «ة» بىلەن مۇئەننەس شەك-
ـلىدە، مۇئەننەس اسـمغا «ة»سىز مذكّـر شـەكلىدە كـەلتۈرۈلىدۇ.
مەسىلەن: ثَلَاثَةُ رِجَالٍ ۋە ثَلَاثُ نِسْوَةٍ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى اَحَدَ عَشَرَ ۋە اِثْنَا عَشَرَنىڭ مذكر ۋە مۇئەننەسلىكى قىياسقا مۇۋاپىق بولىدۇ. مەسىلەن: اَحَدَ عَشَرَ رَجُلًا، اِحْدٰى عَشَرَةَ امْرَأَةً.

ئون ئۈچتىن توقسان توققۇزغىچە يەنە قىياسقا مۇخالىف بولىدۇ. مەسىلەن: ثَلَاثَةَ عَشَرَ — مذكّر ئۈچۈن ۋە ثَلَاثَ عَشَرَةَ — مۇئەننەس ئۈچۈن. بۇ تەركىبتە مذكر ئۈچۈن عَشَرَ ۋە مۇئەننەس ئۈچۈن عَشَرَةَ ئىشلىتىلىدۇ.

يىگىرمىدىن توقسانغىچە بولغان ئوننىڭ پۈتۈن ھەسسىلىك سانلىرىدا مذكر ۋە مۇئەننەس دەپ ئايرىلمايدۇ. سانالغۇچى قايسى تۈردىكى اسم بولسا مەيلى. مەسىلەن: عِشْرُوْنَ رَجُلًا ۋە عِشْرُوْنَ امْرَأَةً.

يىگىرمىدىن توقسانغىچە بولغان ئوننىڭ پۈتۈن ھەسسىلىك سانلىرىغا 1 ~ 9غىچە بولغان سانلار قوشۇلسا، ئارىلىقتا واو عطف قوشۇلىدۇ. تەرتىبى مۇنداق: اَحَدٌ وعِشْرُوْنَ رَجُلًا. اِحْدٰى وَعِشْرُوْنَ امْرَأَةً.

① 18- سۈرە كەھف 110- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 7- سۈرە ئەئراف 189- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



# يىگىرمىنچى دەرس مَجْرُوْرَات

مجرور — حرف جرنىڭ ۋاستىسى بىلەن زىر ئوقۇلىدىغان اسمدۇر.

حرف جر — لفظدە ئاشكارا كەلسە جارّ مجرور دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: فى الدَّارِ. بۇنىڭدا «فى» — جار، «الدَّار» — مجروردۇر.

حرف جر — لفظدە ئاشكارا بولمىسا، مضاف ۋە مضاف اليه دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: كِتَابُ زَيْدٍ. بۇنىڭدا «كتاب» — مضاف، «زيد» — مضاف اليەدۇر. بۇ گويا مضافتىن كېيىن «لام» يوشۇرۇن كېلىپ مضاف اليەنى زىر قىلغانغا ئوخشايدۇ.

مضاف اليه ھەر ۋاقىت زىر ئوقۇلىدۇ، لېكىن مضافنىڭ حركتى عامل ئېتىبارى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ: بەزىدە رفع، بەزىدە نصب ۋە بەزىدە جر بولۇپ كېلىدۇ. مضافنىڭ حركةتىگە نەزەر سېلىڭلار:

1) ذَهَبَ صَاحِبُ الْكَرَمِ. بۇ يەردە «صاحب» — مضاف ھەم فاعل بولغانلىقتىن رفع بولدى.

2) قَرَأَ خَالِدٌ كِتَابَ اللهِ. بۇ يەردە «كتاب» ـــ مضاف ھەم مفعول بولغانلىقتىن نصب بولدى.

3) مَرَرْتُ بِوَلَدِ الرَّشِيْدِ. بۇ يەردە «وَلَد» ـــ مضاف ھەم مجرور بولغانلىقتىن جر بولدى.

مضاف «ال»دىن ھەر دائىم خالىي تۇرىدۇ. اضافة قىلغاندا تنوين، تثنيةنىڭ نونى ۋە جمعنىڭ نونى قاتارلىقلار چۈشۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن: خَرَجَ غُلَامَا زَيْدٍ (زيدنىڭ ئىككى غۇلامى چىقتى). «غُلَامَا» ئەسلىدە غُلَامَانِ ئىدى. جَآءَ مُسْلِمُو مِصْرَ (مىسىرنىڭ مۇسۇلمانلىرى كەلدى). «مُسْلِمُو» ئەسلىدە مُسْلِمُوْنَ ئىدى.

**اضافة ئىككى قىسىم:**

1) اضافة مَعْنَوى. بۇنىڭدا اسم فاعل، اسم مفعول ۋە صفة مُشَبَّهَةدىن باشقا اسملار مضاف بولۇپ كېلىدۇ. بۇ اضافة ـــ حرف جرنى قىياس قىلىش بىلەن بىر قانچە خىل كېلىدۇ: مضاف ـــ مضاف اليەنىڭ جىنسىدىن بولسا (مضاف ـــ مبتدأ ۋە مضاف اليە ـــ خبر دەپ پەرەز قىلساق، مەنە دۇرۇس چىقسا)، «مِنْ» قىياس قىلىنىدۇ. مەسىلەن: خَاتَمُ فِضَّةٍ، يەنى خاتمٌ مِنْ فِضَّةٍ.

ئەگەر مضاف اليە ـــ مضافنىڭ ظرفى بولسا، «فِيْ» قىياس قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ضَرْبُ الْيَوْمِ، يەنى ضَرْبٌ واقعٌ فى الْيَوْمِ.

ئەگەر بۇ ئىككى ھالەتتىن بولمىسا، «ل» قىياس قىلىنىدۇ. مەسىلەن: كِتَابُ زَيْدٍ، يەنى كِتَابٌ لِزَيْدٍ.



اضافة معنوىنىڭ ئالاھىدىلىكى: نكرة اسم (ئېنىقسىز ھالەتتىكى اسم) معرفة اسم (ئېنىقلىق ھالەتتە كەلگەن اسم)غا مضاف بولسا، مضافنىڭ معرفةلىكىنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئەگەر نكرة اسم يەنە نكرة اسمغا مضاف بولسا، مضافنىڭ خاسلاشتۇرۇلۇشىنى ھاسىل قىلىدۇ. لېكىن مِثْل، غَيْر، سِوَاء ۋە شِبْه دېگەنلەر مضاف بولۇپ كەلسە، مضاف اليە ـــ معرفة اسم بولسىمۇ، مضافنىڭ معرفةلىكىنى ياكى خاسلاشقانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ. مەسىلەن: مَرَرْتُ بِرَجُلٍ غَيْرَ زَيْدٍ.

2) اضافة لفظى. بۇنىڭدا مضاف ـــ صفة صىيغەسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ فاعلى ياكى مفعولىغا مضاف بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ضَارِبُ زَيْدٍ. بۇ مىسالدا «ضَارِب» دېگەن صفة صيغةسىدىكى مضاف ئۆزىنىڭ مفعولى «زيد»كە مضاف بولۇپ كەلگەن.

اضافة لفظية (شەكلىي اضافة)نىڭ پايدىسى لفظدە يەڭگىللىك ھاسىل قىلىش، يەنى تنوين ۋە باشقىلارنى چۈشۈرىۋېتىپ تىلغا يەڭگىللىك ھاسىل قىلىشتىنلا ئىبارەت. بۇنىڭدا مضافنى معرفةلەشتۈرۈش ياكى خاسلاشتۇرۇش ھاسىل بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدا مضافقا «ال»مۇ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن: اَلضَّارِبُ الرَّجُلِ.

**مۇھىم نۇقتا:** موصوف ئۆزىنىڭ صفةىگە، صفة ئۆزىنىڭ موصوفىغا مضاف بولۇپ كېلەلمەيدۇ، يەنى مركّب تَوْصِيْفىنىڭ ھەر بىرىنى پارچىلاپ بىرىنى مضاف، يەنە بىرىنى مضاف اليە قىلىپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

يەنە بىرى، مەنداش اسملارنمۇ بىر-بىرىگە اضافة قىلىش جائىز ئەمەس. مەسىلەن: لَيْثُ اَسَدٍ (ئىككىلىسىنىڭ مەنىسى شىر). چۈنكى مۇنداق اسملارنى بىر-بىرىگە اضافة قىلىشتا ھېچقانداق پايدا ھاسىل بولمايدۇ.

ئەلھاسىل، اضافةنىڭ ئاساسلىق نىشانى مضافنى ئېنىقلاشتۇرۇش، خاسلاشتۇرۇش ۋە يەڭگىللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.



# يىگىرمە بىرىنچى دەرس جملةنىڭ بۆلەكلىرىنى تەقسىم قىلىش

يۇقىرىدا يېزىلغان دەرسلىكلەردىن كۆرۈۋالالايمىزكى، جملة اسمية بولسۇن ياكى جملة فعلية بولسۇن، ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمى ئىككىلا بولىدۇ: مسند اليه ۋە مسند.

جملةنىڭ ئاساسىي قىسىملىرىغا قوشۇمچە بولۇپ، ئۇلارنى چۆرىدىگەنلەر ــــ جملةنىڭ مُتَعَلِّقَاتلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

جملةنىڭ ئاساسىي قىسىملىرىنىڭ بەزىسى مرفوع، بەزىسى منصوب ۋە بەزىسى مجرور بولىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلى تۆۋەندىكىچە:

1. **مَرْفُوعَات** (رفع ئوقۇلىدىغان اسملار) سەككىز: مبتدأ، خبر، فاعل، نائب فاعل، كَانَ ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ اسمىسى، اِنَّ ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ خبرى، ليسگە ئوخشىغۇچى «مَــا» ۋە «لَا»نىڭ اسمىسى، جنسنى يوق قىلىش ئۈچۈن كەلگەن «لَا»نىڭ اسمىسى.

2. **منصُوبَات** (نصب ئوقۇلىدىغان اسملار) ئون ئىككى: مفعول به، مفعول مطلق، مفعول فيه، مفعول له، مفعول معه، حال، تمييز، مستثنى، كَانَ ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ خبرى، اِنَّ ۋە ئۇنىڭ

ئوخشاشلىرىنىڭ اسمىسى، لىيسگە ئوخشىغۇچى «مَا» ۋە «لَا»نىڭ خبرى، جنسنى يوق قىلىش ئۈچۈن كەلگەن «لَا»نىڭ اسمىسى.

3. مَجْرُوْرَات (جر ئوقۇلىدىغان اسملار) ئىككى: مضاف اليه، مجرور.



# يىگىرمە ئىككىنچى دەرس
# حكاية مەشقى

تۆۋەندىكى حكايەتنى تەرجمە قىلىڭلار، ئاندىن مرفوعات، منصوبات ۋە مجروراتلارنى ئايرىم-ئايرىم بايان قىلىڭلار:

قِيْلَ اِنَّ بعض الْاُدَبآء مَرَّ ذاتَ يومٍ① على نحوىٍّ يدرّس فى دارةٍ لهُ وبين يديه صبىٌّ يقرأ النحوَ فَوَقَفَ بإزاء بابه② ليسمع قراءة الصبىّ فسمعه يقول يا سيّدى اذا قلتُ خرج الناسُ إلَّا زيدًا وقيل لى لاىّ سبب لم يخرج زيد فما اقول فقال الشيخ قل انه مشتغلٌ بضرب عمرٍو فقال الصبىُّ اَحْسَنْتَ فاذا قلت قام القومُ الا حِمارًا وقيل لى لاي علة لم يقم الحمار فما اقول فقال الشيخُ قل انه مشتغل باكل العلف قال الصبىُّ احسنتَ فاذا قلت جاء الامير والجيش وقيل لى ما الذى جآء بالامير وجيشه فما اقول قال الشيخُ قل انهم جاءوا ليحكم هذا الشيخ

① بىر كۈنى.

② ئۇدۇلىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بضربى فصرخ① الصبىُّ ونادى يا امّةَ محمد ادركونى② اى اخى اغِث اخاك يا ابت الوحا③ الوحا هيا④ قومى العجل⑤ العجل فان الشيخ قد جَنَّ⑥ ولذا امر بضربى ثم ولَّى هاربًا فضحك الاديب منـــه ومضـــى لشأنهِ.

---

① ۋارقىرىدى.
② يېتىمغا كېلىڭلار.
③ چاپسان كەل، چاپسان كەل.
④ ئەسلىدە ايَا ئىدى.
⑤ چاپسان بولۇڭلار، چاپسان بولۇڭلار.
⑥ ساراڭ بولدى.



# يىگىرمە ئۈچىنچى دەرس سوئاللار

ا. 1) مفعول نەچچە؟ ئۇلارنىڭ اسم ۋە تعريفىنى يېزىڭلار.
2) منادىنىڭ رفع ۋە نصبلىك ھالەتلىرىنى بايان قىلىڭلار.
3) حال دەپ نېمىنى دەيدۇ؟ ئۇنىڭغا مىسال كۆرسىتىڭلار.
4) تمييز دەپ نېمىنى دەيدۇ؟ ئۇنىڭغا مىسال كۆرسىتىڭلار.
5) مستثنى قايسى ھالەتلەردە نصب ئوقۇلىدۇ؟
6) قايسى عددنىڭ تمييزى مجرور بولىدۇ؟
7) جار مجرور، مضاف، مضاف اليەنىڭ پەرقى نېمە؟
8) تنوينلىك، تثنية ۋە جمع قاتارلىق اسملارنى اضـــافة قىلغاندا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟

ب. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭلار ھەمدە سىزىق تارتىلغان لفظلەرنىڭ اعرابىنى بايان قىلىڭلار.
1) ﴿يا جبالُ اَوِّبى معه والطير﴾①. ﴿يا حسرةً على العباد﴾②. 2) ﴿انّا كلّ شيء خلقناه بقدر﴾③. ﴿وربَّكَ فكبِّرْ﴾④. 3) خرجت مخافـــة

---

① 34- سۈرە سەبەئ 11- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 36- سۈرە ياسىن 30- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 54- سۈرە قەمەر 49- ئايەت.
④ 74- سۈرە مۇددەسسىر 3- ئايەت.

الشر. دخلت المسجد. 4) ﴿ذا النون اذ ذهب مغاضبًا﴾[1]. 5) ﴿ما فعلوه الا قليل منهم﴾[2]. ﴿لا عاصم اليوم من امر الله الا من رحم﴾[3].
6) ﴿عليها تسعة عشر﴾[4]. ﴿ان هذا اخى له تسع وتسعون نعجة﴾[5].
7) ﴿تبّت يدا ابى لهبٍ﴾. ﴿يا بنى اسرائيل﴾.

ج. 1) تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈزىتىڭلار.

يا لزيداه. ما جاءنى احدٌ زيدًا. رأيت احد عشر امرأةً.

2) تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ اعرابىنى توغرىلاڭلار!

يا عبدُ الله. جاءنى زيدًا الا حمارٌ. رأيتُ احد عشر رجلٍ.

---

① 21- سۈرە ئەنبىيا 87- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 4- سۈرە نىسا 66- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 11- سۈرە هۇد 43- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 74- سۈرە مۇددەسسىر 30- ئايەت.
⑤ 38- سۈرە ساد 23- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



# يىگىرمە تۆتىنچى دەرس توابع

اعراب جەھەتتە ئالدىنقى اسمغا ماسلاشقان هالدا باغلانغان لفظ ـــ تَابِع، باغلىنىلغان ئالدىنقى لفظ ـــ متبوع دېيىلىدۇ.

ئەرەب تىلىدا تَوَابِع بەش: صفة، عطف (يانداشما ئىزاھلىغۇچى)، تأكيد، بَدَل (ئورۇنداش ئىزاھلىغۇچى)، عطف بيان.

صفة ـــ صفةلەنگۈچىنىڭ مەلۇم بىر ئالاھىدىلىكىنى ياكى مەلۇم كەمچىلىكىنى چۈشەندۈرىدىغان ئېنىقلىغۇچى لفظدۇر. مەسىلەن: ﴿ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَـٰلَمِينَ﴾. بۇ مىسالدا ﴿رَب﴾ دېگەن لفظ اللهنىڭ صفتى بولۇپ كەلدى. اعراب جەھەتتە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ﴿لِلهِ﴾ دېگەن اسمغا ئەگەشتى. دېمەك، ﴿لِلهِ﴾ ـــ متبوع، ﴿رَبِّ﴾ ـــ ئۇنىڭ تابعى بولدى. صفتنى نعتمۇ دەيدۇ.

موصوف ـــ نكرة بولسا، صفة خاسلىقنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ﴿فَتَحْرِيرُ رَقَبَةٍ مُّؤْمِنَةٍ﴾[1].

موصوف ـــ معرفة بولسا، صفة ئۇنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن: حَضَرَ عَلِيٌّ الْمُجْتَهِدُ.

---

① 4- سۈرە نىسا 92- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com



صفة بەزىدە تأكيد ئۈچۈن بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿نَفۡخَةٌ وَٰحِدَةٌ﴾①.

صفة مەنىسىگە دالالەت قىلىدىغان ھەرقانداق لفظ صفة بولۇپ كېلەلەيدۇ. يەنى، اسم فاعل (ئېنىق سۈپەتداش)، اسم مفعول (مجهول سۈپەتداش)، صفة مشبَّهَة (يېرىم سۈپەت)، اسم منسوب (نىسبىي سۈپەتداش)، اسم تفضيل (ئاشۇرما سۈپەتداش) قاتارلىقلارغا ئوخشاش. مەسىلەن: رَجُلٌ صَالِحٌ. زَيْدٌ الْمَضْرُوْبُ. زَمَانٌ طَوِيْلٌ. شَهْرٌ قَمَرِىٌّ. عَامِلٌ اَمْهَرُ (ناھايىتى ئۇستا ئىشچى).

صفة ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) صفة حقيقى (موصوفنى بىۋاسىتە ئېنىقلىغۇچى). مەسىلەن: رَجُلٌ صَالِحٌ. بۇ، صفةٌ بحالِ موصوف دەپ ئاتىلىدۇ. 2) صفة سببى (موصوفنى ۋاسىتىلىك ئېنىقلىغۇچى). مەسىلەن: جَآءَ زَيْدٌ الْعَالِمُ اَبُوْهُ. بۇ، صفة بحال مُتَعَلِّق موصوف دەپ ئاتىلىدۇ.

صفةٌ بحالِ موصوف متبوعىغا ئون جەھەتتىن ماسلىشىدۇ: رفع، نصب، جر، تعريف، تنكير، واحد، تثنية، جمع، تذكير، تأنيث. بۇنىڭ مىسالى: رَجُلٌ عَالِمٌ. رجلان عالمان. رجالٌ عالمون. زيد العالم. امرأة عالمةٌ.

صفة بحال مُتَعَلِّق موصوف متبوعىغا ئالدىنقى بەش جەھەتتىن ماسلىشىدۇ. مەسىلەن: هُوَ رجلٌ عالمةٌ ابنته. هذا للرجل العالِم غلمانُهٗ.

مۇھىم نۇقتا: بەزىدە موصوف نكرة بولغان بولسا، ئۇنىڭ صفتى جملة خبرية بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا جۈملىدە موصوفنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ضمير بولىدۇ. مەسىلەن: جَآءَ رجلٌ ابوه عالمٌ.

① 69- سۈرە ھاققە 13- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



**عطف** — متبوعىدىن كېيىن حروف عاطفةنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن كەلگەن تابع بولۇپ، ھۆكۈمدە ئۆزىنىڭ متبوعسى بىلەن بىللە مەقسەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: جآء زيدٌ وعمرٌو. بۇ مىسالدا «زيد» — معطوف عليه، «عمرو» — معطوفتۇر.

ضمير مرفوع متّصلغا اسم ظاھرنى عطف قىلىشقا توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن ئۇنى ضمير منفصل بىلەن تأكيد قىلىۋېلىپ، ئاندىن اسم ظاھرنى عطف قىلىش لازىم. مەسىلەن: ضَرَبْتُ اَنَا وَزَيْدٌ. بۇ مىسالدىكى حرف عطفتىن ئىلگىرىكى تأكيد ئۈچۈن كەلگەن «اَنَا» — ضمير منفصلدۇر.

ئوتتۇرىدا فصل واقع بولۇپ قالسا، ضمير منفصل بىلەن تأكيد قىلىشنى تەرك قىلىشمۇ جائىز. مەسىلەن: ﴿مَآ أَشۡرَكۡنَا وَلَآ ءَابَآؤُنَا﴾①.

ضمير مجرورغا اسم ظاھرنى عطف قىلىشقا توغرا كەلسە، جارّنى تەكرار كەلتۈرۈش ۋاجىب بولىدۇ. مەسىلەن: مَرَرْتُ بِكَ وَبِزَيْدٍ. بۇ مىسالدىكى «زيد» — «بِكَ»نىڭ كافىغا عطف قىلىنىپ، «باء جارّة» «بزيدٍ» دېگەن معطوفقا تەكرار كەلتۈرۈلدى.

معطوف ھەمىشە معطوف عليەنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

بىر عاملنىڭ ئىككى معمولىغا تەڭ دەرىجىدىكى ئىككى كلمةنى بىر ھەرپ بىلەن عطف قىلىش بالاتفاق جائىز. مەسىلەن: ضَرَبَ زَيْدٌ عمرًوا وَبَكْرٌ خَالِدًا.

① 6- سۈرە ئەنئام 148- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

لېكىن ئۇلارنى ئوخشمايدىغان ئىككى عامىلنىڭ معمولىـ
ـرىغا بىر ھەرپ بىلەن عطف قىلىشقا توغرا كەلسە، مجـــرور ــــ
مرفوعدىن ئىلگىرى كېلەلىسە جائىزدۇر. مەسىلەن: فى الدارِ زيدٌ
والحجرةِ عمرٌو.

**تأكيد** ــــ ئۆزىنىڭ متبوعىنى پۇختىلايدىغان تـــابىعدۇر. بۇمۇ
ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) تأكيد لفظى. بۇنىڭدا لفظ تەكرارلىـ
ـنىدۇ. مەسىلەن: ﴿كَلَّآ إِذَا دُكَّتِ ٱلۡأَرۡضُ دَكّٗا دَكّٗا﴾①. 2) تأكيد
معنوى. بۇ نَفْس، عَيْن، كِلَا، كِلْتَا، كُلّ ۋە اَجْمَع قاتارلىق لفظدىـــن
بىرەرسى بىلەن بىللە كېلىدۇ. بۇلارنىـڭ ئىچىدىـــن نَفْس بىلـەن
عين ــــ واحد، تثنية ۋە جمع قاتارلىقلار ئۈچۈن ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ.
بۇ ئۈچىلىسىدە ضميرنىڭ ماسلىششى شەرت. يەنە واحد، جمعدە
صيغةنىڭ ماسلىششى شەرت. تثنيدە جمع صيغةسى بىلەن كېـ
ـلىدۇ. مەسىلەن: قَامَ زَيْدٌ نَفْسُهُ، قَامَ الزيدان اَنْفُسُهُمَا، قام الزيدون
انفسهم، قامت هند نفسها، قامت الهندان انفسهما، قامت الهـــندات
انفسهن. مۇشۇ كەيفىيەت عَيْندىمۇ بار.
كِلَا ــــ تثنية مذكر، كلتا ــــ تثنية مؤنـــث ئۈچـۈن كېلىدۇ.
مەسىلەن: جآء الرجلان كلاهما، جاءت الامرأتان كلتاهما.
كُلّ ۋە اجمع ئىككىسى ــــ واحد ۋە جمع ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
كُلّدا صيغة ئۆزگەرمەي، ضمير ئۆزگەرگەن ھالدا ماسلىشىدۇ.
اجمعتە صيغة ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن: قرأتُ الكتابَ كلَّهُ، جاء القـــوم
كلهم، جاء الناس اجمعون.

① 89- سۈرە فەجر 21- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



اَكْتَع، اَبْتَع ۋە اَبْصَع قاتارلىقلارمۇ تأكيد ئۈچۈن كېلىپ، كُلّنىڭ
مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ، لېكىن بۇ ئۈچى اَجْمَعگە ئەگەشتۈرۈپ
ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر اجمع كەلمىسە، ئۇلاردىن بىرەرسىمۇ كەلـ
ـمەيدۇ. مەسىلەن: جاء الناس اجمعون اكتعون ابتعون ابصعون.

**بَدَل** ــــ ھۆكۈمگە مەقسەتلىك ھالدا ئىگە بولغان تـــابىعنى
دەيدۇ. متبوع بولسا، سۆز باشلىۋېلىشنىڭلا كۆۋرۈكى بولىدۇ. بۇ
ئەسلىدە مەقسەت ئەمەستۇر. مەسىلەن: جَآءَ زَيْدٌ اَخُوْكَ (قېـ
ـرىندىشىڭ زيد كەلدى). بۇ مىسالدا «زيـــد» ــــ مُـبْدَلٌ مِنْـهُ،
«اخوك» ــــ بَدَلدۇر.
بدل تۆت قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) بَدَل كُلّ. بۇنىڭدا بدل بىلـەن
مبدل منەنىڭ مەنىسى بىر بولىدۇ. مەسىلەن: جآء زيـــدٌ اخـــوك.
﴿ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ﴾ دېگەن ئايـەت مۇشۇ قىسمىدىندۇر.
2) بَدَل بَعْض. بۇنىڭدا بدل مبدل منـــەنـىڭ بىـر قىسمى بولىدۇ.
مەسىلەن: ضربتُ زيـــدًا رأسَـــهُ. ﴿وَلِلَّهِ عَلَى ٱلنَّاسِ حِجُّ ٱلۡبَيۡتِ مَنِ
ٱسۡتَطَاعَ إِلَيۡهِ سَبِيلٗاۚ﴾① دېگـەن ئايـەت مۇشۇ قىسمىدىندۇر. 3)
بدل اشْتِمَال. بۇنىڭدا بدلنىڭ مبدل منه بىلـەن ئالاقىسى بولىدۇ.
مەسىلەن: سُلِبَ زَيْدٌ ثوبُهُ. ﴿يَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلشَّهۡرِ ٱلۡحَرَامِ قِتَالٖ فِيهِۖ﴾②
دېگەن ئايەت مۇشۇ قىسمىدىندۇر. 4) بدل غَلَط. بۇنىڭدا ئېـ
ـغىزدىن تاسادىپى مەقسەت قىلمىغان سۆز چىقىپ كېتىدۇ.
مەسىلەن: جَآءَ رَجُلٌ حِمَارٌ (بىر ئادەم كەلدى، ياق ـ ياق، ئېشەك
كەلدى).

① 3- سۈرە ئال ئىمران 97- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 2- سۈرە بەقەرە 217- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مۇهىم نۇقتا: بدل، مبدل منه ـــ ئىككىلىسى معرفة بولۇپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: جاء زيدٌ اخوك. بەزىدە ئىككىلىسى نكرة بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: جاء رَجُلٌ غلامٌ لَكَ. ئەگەر بدل ـــ نكرة، مبدل منه ـــ معرفة بولسا، بدلنى نعتلەش زۆرۈردۇر. مەسىلەن: ﴿لَنَسْفَعًۢا بِٱلنَّاصِيَةِ ﴿١٥﴾ نَاصِيَةٍ كَٰذِبَةٍ﴾①. بۇ مىسالدا ئىككىنچى ﴿نَاصِيَة﴾ بدل ھەم نكرة، ﴿كَٰذِبَة﴾ ئۇنىڭ صفتى.

**عطف بيان** ـــ ئۆزىنىڭ متبوعىسىنى ئېنىقراق قىلىپ چۈشەندۈرىدىغان صفة ئەمەس اسمدۇر. مەسىلەن: جاءنى زيدٌ اَبُو عَبْدِ الله. ﴿جَعَلَ ٱللَّهُ ٱلْكَعْبَةَ ٱلْبَيْتَ ٱلْحَرَامَ﴾②. بىرىنچى مىسالدا «ابو عبد الله»، ئىككىنچى مىسالدا ﴿ٱلْبَيْتَ ٱلْحَرَامَ﴾ عطف بياندۇر.

بۇنىڭدىن بەزىدە خاسلىق مەقسەت بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿أَوْ كَفَّٰرَةٌ طَعَامُ مَسَٰكِينَ﴾③. بەزىدە روشەنلەشتۈرۈش ياكى خاسلاشتۇرۇش مەقسەت بولماستىن، بەلكى گۇماننى يوقىتىشلا مەقسەت بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿ءَامَنَّا بِرَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿١٢١﴾ رَبِّ مُوسَىٰ وَهَٰرُونَ﴾④. فىرئەۋىننىڭ جادۇگەرلىرىنىڭ ﴿رَبِّ مُوسَىٰ وَهَٰرُونَ﴾ دېگەن لفظنى زىيادە قىلىشىدىكى سەۋەب، فىرئەۋنمۇ ئىلاھلىق دەۋاسى قىلاتتى.

---

① 96ـ سۈرە ئەلەق 15ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 5ـ سۈرە مائىدە 97ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 5ـ سۈرە مائىدە 95ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 7ـ سۈرە ئەئراف 121ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



# يىگىرمە بەشىنچى دەرس مبنى اسملار

مبنى اسم (قاتقان اسم) سەككىز: مُضْمَرَات (ئالماشلار)، اَسْمَاء اِشَارَات (كۆرسىتىش ئالماشلىرى)، مَوْصُوْلَات (نىسبىي ئالماشلار)، اسم فعل، اَصوات، مركّبات امتزاجى، كنايات، ظروف. بۇلارنىڭ ئاخىرى ئامىلنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدۇ.

ضمير ئۈچ قىسىم: مرفوع، منصوب ۋە مجرور. ضمير مرفوع ـــ فاعل ياكى مبتدأنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ. ضمير منصوب ـــ مفعولنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ. ضمير مجرور ـــ مضاف اليەنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ. بۇ ضميرلەر واحد، تثنية، جمع، تذكير ۋە تأنيث قاتارلىقلاردا مرجعگە ماسلىشىدۇ.

تۆۋەندىكى مىساللارغا ياخشى نەزەر سېلىڭلار.

| | | غائب | | مخاطب | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | مفرد | جمع | مفرد | جمع |
| ضمير مرفوع | مذكر | هو عالِمٌ | هم مسلمون | انتَ شاعرٌ | انتم صالحون |
| | مؤنث | هى عالمةٌ | هنَّ مسلماتٌ | انتِ شاعرةٌ | انتُنَّ صالحاتٌ |
| ضمير منصوب | مذكر | ضربتهٗ | ضَرَبْتُهُمْ | ضَرَبْتُكَ | ضَرَبْتُكُمْ |
| | مؤنث | ضربتُها | ضَرَبْتُهُنَّ | ضَرَبْتُكِ | ضَرَبْتُكُنَّ |
| ضمير مجرور | مذكر | رَأْيُهٗ صَائِبٌ | كتابهم كاملٌ | دَرْسُكَ سَهْلٌ | بلدكم بعيدٌ |
| | مؤنث | رأيها ضعيفٌ | كتابُهُنّ ناقصٌ | دَرْسُكِ صَعْبٌ | بلدكُنَّ قريبٌ |

ئەگەر مبتدأ ۋە خبر ئىككىلىسى معرفة بولسا ياكى خبر «مِـــنْ» بىلەن كەلگەن اسم تفضيل بولسا، مبتدأ ۋە خبر ئارىلىقىغا مبتدأغا ماسلاشتۇرۇپ ضمير مرفوع منفصل ئەكېلىش لازىم. بۇ ئارىلىقـ ـتىكى ضمير مرفوع منفصل ـــ ضمير فَصْل دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ گويا خبر ۋە صفة ئوتتۇرىسىغا يات بىر نەرسىنى كىرگۈزۈپ ئايرىۋەتـ ـكەنگىلا ئوخشايدۇ. مەسىلەن: ﴿وَأُوْلَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ﴾①. زيدٌ هُوَ اَفْضَلُ مِنْ عَمْرٍو.

جۈملىدىن ئىلگىرى بەزىدە مرجعسىز بىر ضمير غائب كېـ ـلىدۇ. ئۇ مذكر بولسا ـــ ضمير الشأن، مؤنث بولسا ـــ ضمير القِصَّة دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مجمل بولۇپ، كەينىدىكى جۈملە ئۇنى تەپسىر قىلىپ بېرىدۇ. مەسىلەن: هُوَ زيدٌ قائمٌ. كَأَنَّهُ زيدٌ قـائمٌ. انّها هندٌ قَاعِدَةٌ.

① 2ـ سۈرە بەقەرە 5ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



# يىگىرمە ئالتىنچى دەرس اسماء الاشارة والموصولات

اسم اشارة ـــ مەلۇم بىر نەرسىگە ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان كۆرسىتىش ئالماش بولۇپ، ئۇ يېقىنلىق ۋە يىراقلىق ئېتىبارى بىلەن ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ. ئۇلارنى تۆۋەندىكى مىساللىدىن كۆرۈۋېلىڭلار:

| | | واحد | تثنية | جمع |
|---|---|---|---|---|
| اسم اشارة قريب | مذكر | هذا اخٌ | هذان اَخَوَانِ | هٰؤُلَآءِ اِخْوَانُ يعقوب |
| | مؤنث | هذه اُخْتٌ | هاتان اختانِ | |
| اسم اشارة بعيد | مذكر | ذلك مسافرٌ | ذَانِكَ مسافران | اُولٰئِكَ اِخْوَةُ يُوْسُفَ |
| | مؤنث | تلك غريبةٌ | تَانِكَ غريبتان | |

اسم اشارة كۆرسەتكەن مۇئەييەن نەرسە ـــ مُشَارٌ اِلَيْـــه دەپ ئاتىلىدۇ.

كلامدا اسم اشارة ـــ موصوف، مشار اليه ـــ ئۇنىڭ صـفتى بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿ذَٰلِكَ ٱلۡكِتَـٰبُ لَا رَيۡبَۛ فِيهِۛ﴾①.

① 2ـ سۈرە بەقەرە 2ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com



بەزىدە اسم اشارة ــــ مبتدأ، مشارٌ اليه ــــ خبر بولۇپ كېلىدۇ. مەسلەن: ﴿ هَـٰذِهِۦ جَهَنَّمُ ٱلَّتِي كُنتُمۡ تُوعَدُونَ ﴾[1].

اسم موصول ــــ ضمىرلىق بېقىندى جۈملىسىز كەلمەيدىغان ھەمدە شۇ بېقىندى جۈملە بىلەن بىرگە كەلگەندە ئاندىن جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى بولالايدىغان اسمدۇر. بېقىندى جۈملىنى صلَة دەيدۇ. مەسلەن: ﴿ٱلۡخَنَّاسِ ۝٤ ٱلَّذِي يُوَسۡوِسُ﴾[2]. بۇ مىسالدا ﴿ٱلَّذِي﴾ ــــ اسم موصولدۇر. ﴿يُوَسۡوِس﴾ ــــ صلةدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاستىدىكى ضمير فاعل بىلەن قوشۇلۇپ صلة بولدى. ﴿ قَدۡ سَمِعَ ٱللَّهُ قَوۡلَ ٱلَّتِي تُجَـٰدِلُكَ﴾[3] دېگەن ئايەتتە، ﴿ٱلَّتِي﴾ موصول، ﴿تُجَـٰدِلُك﴾ دېگەن صلة جۈملە بولدى.

موصولنى كۆرستىدىغان ضمير مفعولنى حذف قىلىۋېتىشمۇ جائىز. مەسلەن: قَامَ الَّذِىْ ضَرَبْتُ، يەنى ضَرَبْتُهُ.

«مَنْ»، «مَا»، «اَىّ» قاتارلىقلار اَلَّذِى مەنىسىدە، «اَيَّةٌ» بولسا اَلَّتِى مەنىسىدە كېلىدۇ.

اسم فاعل ۋە اسم مفعولغا داخىل بولغان «ال» اَلَّذِىْ مەنىسىدە كېلىدۇ.

«مَنْ» كۆپىنچە ئەقلى بارلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسلەن: ﴿ٱللَّهُ يَبۡسُطُ ٱلرِّزۡقَ لِمَن يَشَآءُ﴾[4].

---

[1] 36- سۈرە ياسىن 63- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] 114- سۈرە ناس 4-، 5- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] 58- سۈرە مۇجادىلە 1- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] 13- سۈرە رەئد 26- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



«مَا» كۆپىنچە ئەقلسىزلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسلەن: ﴿إِنَّكُمۡ وَمَا تَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ حَصَبُ جَهَنَّمَ﴾[1].

اسم فاعل ۋە اسم مفعول دېگەنلەرنىڭ مىسالى: جَآءَ الضَّارِبُ زَيْدًا، يەنى جَاءَ الَّذِى يَضْرِبُ زَيْدًا، قام المضروبُ غلامُهُ، يەنى قام الذى يُضْرَبُ غلامه.

اسم موصولنىڭ لفظلىرى: اَلَّذِىْ، اَلَّذَانِ، اَلَّذِيْنَ، اَلَّتِى، اَللَّتَانِى، اَللّات، اَللاَّتِى، اَللَّوَاتِى.

---

[1] 21- سۈرە ئەنبىيا 98- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# يىگىرمە يەتتىنچى دەرس اسماء الافعال

**اسماء الافعال** توققۇز: دُوْنَكَ، بَلْهَ، عليك، حيَّهل، ها، رُوَيْدَ، هَيْهَاتَ، شَتّان، سَرْعانَ. بۇلار فعلنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

بۇلار ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ: بىرىنچى خىلدىكىلىرى امر حاضر مەنىسىدە بولۇپ، ئۇلار ئالتىدۇر. بۇلار اسمنى نصب قىلىدۇ:

1) **دُوْنَكَ** — خُذْ (ئالغىن، تۇتقىن) مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: دونك اللَّبَنَ (سۈت ئال).

2) **بَلْهَ** — دَعْ (قوي، تەرك ئەت) مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: بَلْهَ التَفَكُّرَ فيما لَا يَعْنِيْكَ (پايدىسىز ئىشنى ئويلىنىشنى قوي).

3) **عَلَيْكَ** — اِلْزَمْ (لازىم تۇت) مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: عَلَيْكَ الرِّفْقَ (يۇمشاقلىقنى لازىم تۇت).

4) **حَيَّهَلَ** — اِيْت (كەلگىن) مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: حَيَّهَلَ الصَّلٰوةَ (نامازغا كەلگىن).

5) **هَا** — خُذْ (تۇت) مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: هَا زَيْدًا (زيدنى تۇت). بۇ لفظ ئۈچ خىل كېلىدۇ: هَا، هَاءِ، هَاءَ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئالدىدىكىسى مەشھۇرراق. بۇنىڭدىن واحد، تثنية ۋە



جمع صيغةسى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: هَا، هَاؤُمُ. الله تعالى ئېيتىدۇ: ﴿هَآؤُمُ ٱقۡرَءُواْ كِتَٰبِيَهۡ﴾①.

6) **رُوَيْدَ** — اَمْهِلْ (مۆھلەت بەرگىن) مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: رُوَيْدَ زَيْدًا (زيدكە مۆھلەت بەرگىن). بەزىدە مصدر مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿أَمۡهِلۡهُمۡ رُوَيۡدَۢا﴾②.

ئىككىنچى خىلدىكىلىرى ماضى مەنىسىدە بولۇپ، ئۇلار ئۈچتۇر. بۇ ئۈچى ئۆزىنىڭ اسمىسىنى رفع قىلىدۇ:

1) **هَيْهَاتَ** — بَعُدَ (يىراق بولدى) مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: هَيْهَاتَ زَيْدٌ (زيد يىراق بولدى).

2) **شَتَّانَ** — اِفْتَرَقَ (ئايرىلدى) مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: شَتَّانَ زَيْدٌ وعَمْرٌو (زيد ۋە عمرو ئايرىلدى).

3) **سَرْعَانَ** — سَرَعَ (ئالدىرىدى) مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: سَرْعَانَ زَيْدٌ (زيد ئالدىرىدى).

**مۇھىم نۇقتا:** مەزكۇر اسملاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم اسملارمۇ اسماء الافعال مەنىسىنى بېرىدۇ. مەسىلەن: اٰمِيْن (اسْتَجِبْ)، مَهْ (اكفُفْ)، صَهْ (أُسْكُتْ)، فَقَطْ (اكْتَفِ)، اِلَيْكَ (تَبَعَّدْ عَنِّى)، عَلَىَّ بِه (جِئْ بِه)، هَيْتَ لَكَ (هَلُمَّ)، هَاتَ (اَعْطِ).

بىر نحوشۇناس ئېيتىدۇ: هَاتَ ئەسلىدە اٰتِ ئىدى. اٰتى يُؤْتِيْ بابىدىن كەلگەن امر صيغةسى، بۇنىڭدىن واحد، تثنية ۋە جمع قاتارلىق صيغةلەر ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: هَاتِيَا، هَاتُوْا.

الله تعالى ئېيتىدۇ: ﴿قُلۡ هَاتُواْ بُرۡهَٰنَكُمۡ﴾③.

---

① 69- سۈرە ھاققە 19- ئايەت.
② 86- سۈرە تارىق 17- ئايەت.
③ 27- سۈرە نەمل 64- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# يىگىرمە سەككىزىنچى دەرس
# حكاية مەشقى

شكى بعض الشيوخ① سوء الهضم الى الطبيب، فقال له: رُوَيْدَ سوء الهضم فانه من خواص الشيخوخة②. فشكى له ضعف البصر، فقال له: بَلْهَ ضعف البصر فانه من خواص الشيخوخة. فشكى له ثقل السمع③، فقال هيهات السمعُ من الشيوخ. فان ضعف السمع من خواص الشيخوخة فشكى له قلة الرقاد④. فقال له شتان الرقاد والشيوخ فان قلة الرقاد من خواص الشيخوخة فشكى له ضعف الباه⑤ فقال سرعان ضعف الباه الى الشيوخ فان ضعف الباه من خواص الشيخوخة فقال الشيخ لاصحابه دونكم الاحمق وعليكم الجاهل وهاكم البليد⑥ الذى لا فهم له فانه لا فرق بينه وبين الدرة⑦ الا بالمصورة⑧ الانسانية لانه لا يستطيع ان يتكلم الا بهاتين الكلمتين فتبسَّم الطبيب وقال حيهل الغضب يا شيخ فان هذا ايضا من خواص الشيخوخة.

---

① ياشانغان ئادەم، بوۋاي.
② قېرىلىق.
③ قۇلاق ئېغىر بولۇپ قېلىش.
④ ئۇيقۇ.
⑤ ئەرلىك قۇۋۋەت.
⑥ دۆت.
⑦ تۇتى (قۇش).
⑧ سۈرەت.



# يىگىرمە توققۇزىنچى دەرس الصوت والمركب والكناية

صَوْت ــــ بەزى جانلىق ياكى جانسىز نەرسىلەرنىڭ ئاۋازىنى حكاية قىلىپ ئۇقتۇرىدىغان اسمدۇر. مەسىلەن: «غاق ـ غاق» (قاغىنىڭ ئاۋازىنى دوراشتا).

نَخٍّ-نَخٍّ ــــ تۆگىنى چۆكتۈرۈش ئۈچۈن.

اُحْ-اُحْ ــــ يۆتەلگەندە ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدىغان ئاۋازنى حكاية قىلىش ئۈچۈن.

مركب امتزاجى ــــ ئىككى كلمة بىرىكىپ بىرلا اسمغا ئايلىنىپ كەتكەن ھەمدە ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا اضافةلىك نىسبەت ياكى اسنادلىق نىسبەت بولمىغان كلمةدۇر.

بۇ ئۈچ خىل بولىدۇ: 1) ئەگەر ئىككىنچى بۆلىكى ھەرپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، ئىككىلا بۆلىكى فتحگە مبنى بولىدۇ. مەسىلەن: اَحَدَ عَشَرَدىن تِسْعَةَ عَشَرَگىچە (اِثْنَا عَشَرَ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ، بۇنىڭدا بىرىنچى بۆلەك معربتۇر).

2) ئىككىنچى بۆلىكى صَوْت بولغان بولسا، بىرىنچى بۆلىكى فتحگە مبنى، ئىككىنچى بۆلىكى كسرگە مبنى بولىدۇ. مەسىلەن: سِيْبَوَيْهِ، بۇ «سِيْب» ۋە «وَيْه»دىن بىرىككەندۇر.

3) ئىككىنچى بۆلىكى صوت بولمىغان بولسا، بىرىنچى بۆلىكى فتحگە مبنى بولۇپ، ئىككىنچى بۆلىكى غير منصرف بويىچە معرب بولىدۇ. مەسىلەن: بَعْلَبَكَّ، بۇ «بَعْل» (بۇتنىڭ ئىسمى)، «بَكَّ» (شەھەر قۇرغۇچىنىڭ ئىسمى)دىن بىرىككەن.

**كناية** ـــ ئېنىقسىز نەرسىنى چۈشەندۈرىدىغان اسمدۇر. بۇ تۆت لفظ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن كَمْ ۋە كَذَا ئېنىقسىز سانالغۇچىدىن سوراش ئۈچۈن كېلىدۇ. كَيْتَ ۋە ذَيْتَ ئېنىقسىز بىر ئىشتىن سوراش ئۈچۈن كېلىدۇ.

**كَمْ** ـــ كلامنىڭ بېشىدىلا كېلىدۇ. ئۇ اسْتِفْهَامِيَّة (سوئال سوراش) ئۈچۈن بولسا، ئۇنىڭ تمييزى منصوب مفرد بولىدۇ. مەسىلەن: كَمْ دِرْهَمًا عِنْدَكَ (يېنىڭدا نەچچە پۇل بار؟). خَبَرِيَّة (كۆپلۈك) ئۈچۈن بولسا، ئۇنىڭ تمييزى مجرور مفرد بولىدۇ. مەسىلەن: كم دِيْنَارٍ عِنْدِيْ (يېنىمدا جىق تىللا بار). ياكى، مجرور مجموع بولىدۇ. مەسىلەن: كَمْ رِجَالٍ لَقِيْتُهُمْ (جىق ئادەملەرگە ئۇچراشتىم).

حروف جارّةنىڭ جۈملىسىدىن بولغان «مِنْ» كم استفهامية ۋە كم خبرية ئىككىسىنىڭ تمييزىگە كېلەلەيدۇ. مەسىلەن: كم مِنْ رَجُلٍ ضَرَبْتَ (نەچچە ئادەمنى ئۇردۇڭ؟). ﴿وَكَم مِّن مَّلَكٍ فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ﴾ (ئاسمانلاردا نۇرغۇن پەرىشتە بار)[1].

① 53- سۈرە نەجم 26- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



ئەگەر تمييزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە ئائىت قرينة تېپىلسا، كَمْنىڭ تمييزىنى حذف قىلىۋېتىش جائىز. مەسىلەن: كَمْ مَالُكَ (كَمْ دِيْنَارًا مَالُكَ)، كَمْ ضَرَبْتَ (كَمْ ضَرْبَةٍ ضَرَبْتَ).

**كَذَا** ـــ ھەممىشە تەكرار كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كلامنىڭ بېشىدا كېلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بۇنىڭ تمييزى منصوب مفرد بولىدۇ. مەسىلەن: قَبَضْتُ كَذَا وكَذَا دِرْهَمًا (مەن مۇنچىلىك دىرھەم ئالدىم).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئوتتۇزىنچى دەرس ظُرُوْف مَبْنِيّة

ظرُوْف مَبْنِيّة: بۇنىڭ بەزىسى ضمّگە، بەزىسى فتحگە ۋە بەزىسى سكونغا مبنىدۇر.

جِهَات ستَّة (ئالتە تەرەپ)گە خاس اسملار (يەنى، قَبْلُ، بَعْدُ، تَحْتُ، فَوْقُ، قُدَّامُ، خَلْف قاتارلىقلار)نىڭ مضافٌ اليەسى محذوف بولۇپ، بۇ دىلدا بار دەپ ھېسابلانغان بولسا، ضمّگە مبنى بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿سُنَّةَ ٱللَّهِ ٱلَّتِي قَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلُ﴾①. يەنى مِنْ قَبْلِ هٰذَا الزَّمَانِ.

دېمەك، هذا الزمان ئەسلىدە قَبْلنىڭ مضاف اليەسى ئىدى. ئۇ، بۇ يەردىن حذف قىلىنىپتىلدى. بۇ اضافەتتىن ئۈزۈلگەن ظرفلەر نحوشۇناسلارنىڭ ئىستىلاھىدا «غَايَات» دېيىلىدۇ.

مۇھىم نۇقتا: جهات ستەگە خاس اسملارنىڭ مضاف اليەسنى حذف قىلىنىشى سماعىدۇر (قىياسى ئەمەس).

حَيْثُ ــــ ضمگە مبنى ھەم لَازِمُ الْإِضَافَة بولغان ظرف مكاندۇر. كۆپ ھاللاردا، جۈملىگە قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: اِجْلِسْ

① 48- سۈرە فەتھ 23- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



حَيْثُ زيدٌ جَالِسٌ (زيد ئولتۇرغان جايدا ئولتۇرغىن)، قُمْ حَيْثُ قَامَ زَيْدٌ (زيد تۇرغان يەردە تۇرغىن).

اِذَا ــــ گەرچە ماضىغا داخىل بولسىمۇ، ئەمما مەنىنى كەلگۈسى زامانغا سۈرىدۇ ھەم ئۇنىڭدا شرط مەنىسى بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿إِذَا جَآءَ نَصۡرُ ٱللَّهِ﴾①.

بەزىدە ئۈزلۈكسىز زامان مەقسەت بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ لَا تُفۡسِدُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ قَالُوٓاْ إِنَّمَا نَحۡنُ مُصۡلِحُونَ﴾②، يەنى هذا دَأْبُهُمْ وَعَادَتُهم المستمرَّةُ.

«اذا» بەزىدە تاسادىپىيلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭدىن كېيىن مبتدأ كېلىش زۆرۈردۇر. مەسىلەن: خَرَجْتُ فَاِذَا السَّبُعُ وَاقِفٌ (شۇنداق چىقسام، بىر سىرتلان تۇرۇپتۇ).

اِذْ ــــ گەرچە مضارعغا داخىل بولسىمۇ، مەنىنى ماضى زامانغا سۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بەزىدە جملة اسمية كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَٱذۡكُرُوٓاْ إِذۡ أَنتُمۡ قَلِيلٌ﴾③. بەزىدە جملة فعلية كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَإِذۡ يَرۡفَعُ إِبۡرَٰهِـۧمُ ٱلۡقَوَاعِدَ مِنَ ٱلۡبَيۡتِ﴾④.

«اِذْ» بَيْنَ ۋە بَيْنَمَانىڭ جاۋابىدا كەلسە، تاسادىپىيلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: بينما اَنَا جَالِسٌ اذْ اَقْبَلَ زَيْدٌ (مەن ئولتۇرغان چاغدا زيد ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قالدى).

① 110- سۈرە نسا 1- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 2- سۈرە بەقەرە 12- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 8- سۈرە ئەنفال 26- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 2- سۈرە بەقەرە 127- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**اَيْنَ ۋە اَنّى** ـــ ظرف مكان ئۈچۈن كېلىدۇ. مەيلى ئۇ سوئال سوراش بولسۇن. مەسلەن: ﴿أَيۡنَ ٱلۡمَفَرُّ﴾①. ﴿أَنَّىٰ لَكِ هَٰذَا﴾② مەيلى ئۇ شرط ئۈچۈن بولسۇن. مەسلەن: اَيْنَ تَجْلِسْ اَجْلِسْ. اَنّى تَكُنْ اَكُنْ.

«اَنّى» بەزىدە كَيْفَ (قانداق؟) مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسلەن: ﴿أَنَّىٰ يَكُونُ لِي وَلَدٌ وَلَمۡ يَمۡسَسۡنِي بَشَرٌ﴾③.

**مَتى** ـــ زاماننى بىلدۈرۈپ، بەزىدە سوئال سوراش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسلەن: مَتى تُسَافِرُ؟ بەزىدە شرط ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسلەن: مَتى تَقُمْ اَقُمْ.

**اَيَّانَ** ـــ فتحگە مبنى بولۇپ، زامان ئۈچۈن كېلىدۇ ۋە سوئال مەنىسىنمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسلەن: ﴿أَيَّانَ يَوۡمُ ٱلدِّينِ﴾④.

**مۇھىم نۇقتا:** «اَيَّانَ» كەلگۈسى زامانغىلا خاس بولۇپ، ناھايىتى چوڭ ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، لېكىن مَتى عامدۇر.

**كَيْفَ** ـــ فتحگە مبنى بولۇپ نۆۋەتتىكى ئەھۋالنى سوراش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسلەن: كَيْفَ اَنْتَ؟ (ئەھۋالىڭ قانداق؟).

**مذ ۋە منذ** ـــ بەزىدە مۇددەتنىڭ ئەۋۋىلىدە بولغانلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭدىن كېيىن مفرد معرفة كېلىدۇ. مەسلەن: ما رأيتُهُ مُذْ (ياكى) مُنْذُ يَوْمِ الْجُمْعَةِ.

---

① 75- سۈرە قىيامە 10- ئايەت.
② 3- سۈرە ئال ئىمران 37- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 4- سۈرە ئال ئىمران 47- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 51- سۈرە زارىيات 12- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



بەزىدە پۈتۈن مۇددەتنىڭ ئىچىدە بولغانلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭدىن كېيىن مەقسەتلىك سان بولىدۇ، ئۇ سان مەيلى واحد بولسۇن، ياكى تثنية، ياكى جمع بولسۇن. مەسلەن: ما رأيتُهُ مُذْ (ياكى) مُنْذُ يَوْمٌ ـ يَوْمَانِ ـ ثَلاَثَةُ اَيَّامٍ.

**مۇھىم نۇقتا:** جۇمھۇر نحوىشۇناسلار تەركىبتە مذ ۋە منذنى مبتدأ، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىنى خبر دەپ ئاتىشىدۇ.

**لَدى ۋە لَدُنْ** ـــ ئىككىسى عِنْدَ (... دە، ... دا، ... يېنىدا، قېشىدا، ھۇزۇرىدا) مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسلەن: المالُ لَدَيْكَ.

بۇ ئىككىسىدە نەرسىنىڭ مەۋجۇدلۇقى شەرت، عِنْدَه شەرت ئەمەس. دېمەك، «اَلْمَالُ عِنْدَ زَيْدٍ» دەپ ھەرقانداق ھالەتتە دېگىلى بولىدۇ. مال مەيلى زيدنىڭ يېنىدا بولسۇن ياكى ئۆيىدە بولسۇن. لېكىن «المال لَدٰى زَيْدٍ» دەپ مال زيدنىڭ يېنىدا بولغاندىلا دېگىلى بولىدۇ. مال يېنىدا بولمىسا، بۇ تەركىب توغرا بولمىغان بولىدۇ.

**قط** ـــ ضمگە مبنى بولۇپ، ئۆتكەن زاماندىكى ئىنكارنى كۈچەيتىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسلەن: ما رأيتُهُ قَطُّ (ئۇنى ھەرگىز كۆرمىدىم).

**عَوْضُ** ـــ ضمگە مبنى بولۇپ، كەلگۈسى زاماندىكى ئىنكارنى كۈچەيتىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسلەن: لَا اُعْطِيْهِ عَوْضُ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



(ئۇنى ھەرگىز بەرمەيمەن). بۇ لفظ ـــ اضافەتتىن ئۈزۈلگەن سەۋەبلىك ضمگە مبنى بولۇشتا جهات ستةگىلا ئوخشاش.

**مۇھىم نۇقتا:** مبنى ئەمەس ظرفلەر جۇملىگە اضافة قىلىنسا، فتحگە مبنى بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿هَٰذَا يَوۡمُ يَنفَعُ ٱلصَّٰدِقِينَ صِدۡقُهُمۡۚ﴾①. «يَوْمٌ» ۋە «حِيْنٌ»نى «اِذْ»غا مضاف قىلىسا، «اِذْ» تنوين بىلەن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: يَوْمَئِذٍ، حِيْنَئِذٍ. ئەسلىدە يَوْمَ اِذْ كَانَ كَذَا، حِيْنَ اِذْ كَانَ كَذَا ئىدى.

① 5- سۈرە مائدە 119- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



# ئوتتۇز بىرىنچى دەرس سوئاللار

ا. 1) مبنى اسمنىڭ حركةلىرى نېمە دەپ ئاتىلىدۇ؟

2) ضمير فصل قانداق ئورۇندا ئىشلىتىلىدۇ؟

3) اسم اشارة نەچچە صيغة بىلەن ئىشلىتىلىدۇ؟

4) اسم موصول قانداق بولغاندا جۇملىنىڭ پۈتۈن بىر بۆلىكىگە ئايلىنالايدۇ؟

5) اسم فعل بىلەن فعلنىڭ مەنىسىدە پەرق بارمۇ؟

6) مركب امتزاجىينىڭ ئىككىنچى بۆلىكى قانداق چاغدا كسرگە مبنى بولىدۇ؟

7) «كَذَا»نى ئىشلىتىش ئۈچۈن نەچچە شەرت لازىم ؟

8) «مَتَى» بىلەن «اَيَّانَ»نى ئىشلىتىشتە پەرق بارمۇ؟

9) «لَدَى» بىلەن «عِنْدَ»نىڭ ئىشلىتىلىشىدە پەرق بارمۇ؟

10) «قَطُّ» بىلەن «عَوْضُ» قانداق ئورۇندا ئىشلىتىلىدۇ؟

ب. تۆۋەندىكى جۇملە ۋە ئايەتلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىڭلار.

1) ﴿قُلۡ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ﴾. انما زينب قائمة.

2) ﴿تِلۡكَ ٱلرُّسُلُ﴾. ﴿ذَٰلِكَ ٱلۡكِتَٰبُ﴾.

3) ﴿لَنَنزِعَنَّ مِن كُلِّ شِيعَةٍ أَيُّهُمۡ أَشَدُّ عَلَى ٱلرَّحۡمَـٰنِ عِتِيًّا﴾①.

4) ﴿ وَغَلَّقَتِ ٱلۡأَبۡوَٰبَ وَقَالَتۡ هَيۡتَ لَكَۚ ﴾②. «**يقال للعبد يوم القيامة أتذكر يوم كذا وكذا**».

5) ﴿إِذۡ أَخۡرَجَهُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ ثَانِيَ ٱثۡنَيۡنِ إِذۡ هُمَا فِي ٱلۡغَارِ إِذۡ يَقُولُ لِصَـٰحِبِهِۦ لَا تَحۡزَنۡ﴾③.

## ج. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈزىتىڭلار.

**انَّهُ هند قاعدة. هذه كتابٌ. جآء الَّتى ضربته. عليك الــرفقُ. هٰـــذَا سِيْبَوَيْهُ. عندك كم درهم. ايان تُسَافِرُ. لَاَرَاهُ قَطُّ.**

① 19- سۈرە مەريەم 69- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 12- سۈرە يۈسۈف 23- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 9- سۈرە تەۋبە 40- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



# ئوتتۇز ئىككىنچى دەرس معرفة ۋە نكرة

**اسم** ئىككى قىسىم: بىرى **معرفة** (ئېنىقلىق ھالەتتىكى اســـم). يەنە بىرى، **نكرة** (ئېنىقسىز ھالەتتىكى اسم).

**معرفة** ـــــ مۇئەييەن بولغان مەلۇم كىشى ياكى شەيئىنى بىلدۈرىدىغان اسمدۇر. بۇ ئالتە قىسىم:

1) **عَلَم** ـــــ كىشى، قەبىلە، شەھەر، شەيئى، ئورۇن قاتارلىقلار ئۈچۈن مەخسۇس قوللىنىلىدىغان خاس اســـمدۇر. مەسىلەن: زيد، مدينةٌ، فُرَاتٌ.

2) **ضمير** ـــــ متكلم (بىرىنچى شەخس)، مخاطب (ئىككىنچى شەخس)، غائب (ئۈچىنچى شەخس) قاتارلىقلار ئۈچۈن مەخسۇس قوللىنىلىدىغان كىشىلىك ئالماشتۇر. مەسىلەن: اَنَا (مەن)، اَنْتَ (سەن)، هُوَ (ئۇ).

3) **اسم اشارة** ـــــ مەلۇم بىر نەرسىگە ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان كۆرسىتىش ئالماشتۇر. مەسىلەن: هٰـــذَا (بۇ)، ذٰلِكَ (ئاۋۇ).

4) **اسم موصول** ـــــ ضَمِيرلىق بېقىندى جۈملىسىز كەلمەيدىغان ھەمدە شۇ بېقىندى جۈملە بىلەن بىرگە كەلگەندە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاندىن جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى بولالايدىغان نىسبىي ئالماشتۇر. مەسىلەن: اَلَّذِى، اَلَّتِى (... غان، ... غۇچى).

5) **معرّف باللام** ـــ «ال» ئالدىغا قوشۇلۇش ئارقىلىق ئېنىقلىققا ئايلانغان اسم. مەسىلەن: اَلرَّجُل (ھېلىقى ئادەم)، الكتاب (ئۇ كىتاب).

6) معرفةگە مضاف بولۇپ كەلگەن اسم. مەسىلەن: غُلَامُ زَيْدٍ (زيدنىڭ غۇلامى)، كتابُ الرَّجُلِ (ھېلىقى ئادەمنىڭ كىتابى).

نكرة ـــ مۇئەييەن بولمىغان مەلۇم كىشى ياكى شەيئىنى بىلدۈرىدىغان اسمدۇر. مەسىلەن: رَجُلٌ (بىر ئەر)، امرأةٌ (بىر ئايال).

اسم ئوخشىمىغان نۇقتىدىن يەنە ئىككى قىسىم: 1) مذكّر (ئەرلىك جىنسىي تۈردىكى اسم). 2) مؤنث (ئاياللىق جىنسىي تۈردىكى اسم).

مؤنث اسمدا تأنيثنىڭ ئالامىتى لفظا ياكى تقديرًا بار بولىدۇ.

مذكر اسمدا تأنيثنىڭ ئالامىتىدىن بىرەرسىمۇ تېپىلمايدۇ.

مؤنث ئىككى قىسىم: 1) مؤنث حقيقى ـــ ھايۋانلارنىڭ چىشىسىنى بىلدۈرىدىغان اسمدۇر. مەسىلەن: امرأةٌ، دجّاجةٌ (مېكىيان). 2) مؤنث سماعى ـــ تأنيثنىڭ ئالامىتى لفظدە بولمىغان اسمدۇر. مەسىلەن: دَارٌ (ئۆي)، اَرْضٌ (يەر).

سان ئېتىبارى بىلەن اسم يەنە ئۈچ قىسىم: 1) واحد. 2) تثنية. 3) جمع.



جمع ئىككى قىسىم: 1) جمع سَالِم ـــ واحد چېغىدىكى قۇرۇلمىسى جمع قىلىنغاندىن كېيىنمۇ ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان اسم. مەسىلەن: مُسْلِمٌ ← مُسْلِمُونَ. 2) جمع مُكَسَّر ـــ واحد چېغىدىكى قۇرۇلما جمع قىلىنغاندىن كېيىن بۇزۇلۇپ كەتكەن اسمدۇر. مەسىلەن: قَوْلٌ ← اَقْوَالٌ.

# ئوتتۇز ئۈچىنچى دەرس مؤنثات سماعيّة

1) ئىنسان ئەزالىرىنىڭ ئىسمى: عَيْنٌ (كۆز)، اُذُن (قۇلاق)، خَدٌّ (مەڭىز)، ثَدْىٌ (ئەمچەك)، كَتِفٌ (مۈرە، دۈلا)، عَضُدٌ (ئۈستۈنكى بىلەك)، يَدٌ (قول)، كَفٌّ (ئالقان)، وَرِكٌ (ساغرا)، فَخِذٌ (يوتا)، سَاقٌ (پاقالچەك)، رِجْلٌ (پۇت)، قَدَمٌ (قەدەم)، عَقِبٌ (تاپان)، سِنٌّ (چىش)، كَبَدٌ (جىگەر)، كَرْشٌ (ئۈچەي)، اِسْتٌ (مەقئەت، قوڭ)، اِصْبَعٌ (بارماق).

2) هايۋانلارنىڭ ئىسمى: عَقْربٌ (چايان)، ثَعْلَبٌ (تۈلكە)، اَرْنَبٌ (توشقان)، اَفْعٰى (ئەجدىها)، فَرَسٌ (ئات)، عَنْكَبُوتٌ (ئۆمۈچۈك).

3) تەبىئەتكە خاس شەيئىلەر: اَرْضٌ (يەر)، رِيْحٌ (شامال)، نَارٌ (ئوت)، لَظٰى (ئوت يالقۇنى)، مِلْحٌ (تۇز)، ذَهَبٌ (ئالتۇن)، ضَرَبٌ (ھەسەل)، عَيْنٌ ۋە يَنْبُوْعٌ (بۇلاق)، شَمْسٌ (قۇياش)، يَمِيْنٌ (ئوڭ قول)، شِمَالٌ (سول قول).

يۇقىردا زىكرى قىلىنغان ئۈچى واجب التأنيثتۇر.

4) ياسالما مەھسۇلاتلار: دَارٌ (ئۆي)، دَلْوٌ (چېلەك)، مَنْجَنِقٌ (مەنچىناق)، خَمْرٌ (هاراق)، بِئْرٌ (قۇدۇق)، دِرْعٌ (تۆمۈر كىيىم)،



فَرْشٌ (سېلىنچا، كۆرپە)، كَأْسٌ (قاچا، پىيالە)، مُوْسٰى (ئۇستۇرا)، سَرَاوِيْل (شىم).

5) دوزاخ ئىسىملىرى: جَهَنَّم، سَعِيْر، جَحِيْم، سقر.

6) ھەر تۈردىكى شەيئىلەردىن: نَفْسٌ (جان)، غَوْلٌ (خاپىلىق)، فِرْدَوْسٌ (باغ)، عَرُوْضٌ (شېئىر مىزانى)، حَرْبٌ (جەڭ)، ضُبُعٌ (سىرتلان)، عُنُقٌ (گەدەن)، قِفَا (پاتتاڭ)، لِسَانٌ (تىل)، رَحِمٌ (بالىياتقۇ)، بَيْتٌ (ئۆي)، قِدْرٌ (قازان)، سِلْمٌ (تىنچلىق)، صَلَاحٌ (ياخشى بولۇش)، حَالٌ (ۋاقىت)، ضُحٰى (چاشگاھ ۋاقتى)، مِسْكٌ (ئىپار)، سَمَاءٌ (ئاسمان)، ثَرٰى (نەم توپا)، طَرِيْقٌ ۋە سَبِيْلٌ (يول)، سِكِّيْنٌ (پىچاق)، سَرْطَانٌ (قىسقۇچپاقا).

مەزكۇر ئۈچى جائز التأنيثتۇر.

**دىققەت:** ئالدىنقى ئۈچ تۈرگە تەۋە مؤنثلەرگە فعل ياكى فعلنىڭ ئوخششى اسناد قىلىنسا ياكى ئۇلارنى كۆرسىتىدىغان بىرەر ضميرنى ئىشلەتمەكچى بولسا، فعل ياكى ضميرنى مؤنث كەلتۈرۈش ۋاجىب. مەسىلەن: ﴿وَمَا تَدْرِي نَفْسٌۢ بِأَيِّ أَرْضٍ تَمُوتُۚ﴾①.

كېيىنكى ئۈچ تۈرگە تەۋە مؤنثلەرنىڭ اسنادىدا كلمەتنى تذكير ۋە تأنيث قىلىش ئىختىيارلىق بار. مەسىلەن: ﴿هَـٰذِهِۦ سَبِيلِيٓ﴾②.

① 31- سۈرە لوقمان 34- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 12- سۈرە يۈسۈف 108- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئوتتۇز تۆتىنچى دەرس تذكير ۋە تأنيثكە ئائىت جۈملە ۋە حكايەلەر

تۆۋەندىكى جۈملە ۋە حكايەلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭدىكى مؤنث سماعى ۋە قياسىلارنى تونۇپ چىقىڭلار.

ا. 1) اتصلت السفينة الى الجزيرة.

2) انظر الى الدجاجة كيف تجمع فروخها تحت اجنحتها.

3) ﴿ فَأَلْقَىٰهَا فَإِذَا هِىَ حَيَّةٌ تَسْعَىٰ ﴾①.

4) عند احتكاك الاحجار تظهر النار.

5) ﴿وَأَوْحَيْنَآ إِلَىٰٓ أُمِّ مُوسَىٰٓ أَنْ أَرْضِعِيهِ ۖ فَإِذَا خِفْتِ عَلَيْهِ فَأَلْقِيهِ فِى ٱلْيَمِّ﴾②.

ب. صبى مرة كان يصيد الجراد فنظر عقربًا فظن انها جرادة كبيرة فمد يده ليأخذها ثم تبعد عنها فقالت العقربُ لوانك قبضتنى فى يدكَ لخليتُك عن صيد الجراد.

① 20- سۈرە تاھا 20- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 28- سۈرە قەسەس 7- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



ج. البطن والرِجلان تخاصموا فيما بينهم ايهم يحمل الجسم فقالت الرجلان نحن بقوّتنا نحمل الجسم وقال الجوف انا ان لم اغذ من الطعام شيئا فلا كنتما تستطيعان على المشى فضلا عن ان تحملا شيئا.

د. سُلَحْفَاةٌ وارنب مرة تسابقتا فى العدو وجعلتا الحد بينهما الجبل لتتسابقا اليه فاما الارنب فلاجل دلّتها وخفتها وسرعتها توانت فى الطريق ونامت واما السلحفاة فلاجل ثقل طبيعتها لم تكن تستقر ولا تتوانى فى الجرى فوصلت الى الجبل فعند ما استيقظت الارنب من نومها وجدت السلحفاة قد سبقت فندمت حيث لا تنفعها الندامة.

# ئوتتۇز بەشىنچى دەرس فعلگە ئوخشىغۇچى اسم عامللار

بۇ بەش اسمدۇر: مصدر، اسم فاعل، اسم مفعول، صفة مُشبَّهَة، اسم تفضيل.

بۇ بەشى فعلغا ئوخشاشلا رفع ۋە نصب قىلىش ئەمىلىنى قىلىدۇ.

مصدر — ئۆز فعلىغا ئوخشاش ئەمەل قىلىدۇ. مصدر — لازم بولسا، فاعلىنىلا رفع قىلىش، مصدر — متعدّى بولسا، فاعلىنى رفع قىلىش ۋە مفعولىنى نصب قىلىش رولىنى ئۆتەيدۇ. لېكىن مصدر، كۆپىنچە ئۆزىنىڭ فاعلى ياكى مفعولىغا مضاف بولۇپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: اَعْجَبَنِي قِيَامُ زَيْدٍ (زىيدنىڭ تۇرغانلىقى مېنى ھەيران قالدۇردى). بۇ يەردە قيام دېگەن مصدر لازم ئۆزىنىڭ فاعلى زيدكە مضافتۇر. زيد گەرچە مضاف اليه بولغانلىقتىن مجرور بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئورنىنى رفع دەپ بىلىش لازىم. چۈنكى ئۇ مصدرنىڭ فاعلىدۇر. عَجِبْتُ مِنْ دَقِّ الْقَصَّارِ الثَّوْبَ (رەخت توقۇغۇچىنىڭ رەختنى ئۇرۇۋشىدىن ھەيران قالدىم). بۇ يەردە قصار (فاعل) لفظًا مجرور



بولسىمۇ، ئەسلىدىكى ئورنى مرفوعدۇر. عَجِبْتُ مِنْ ضَرْبِ اللِّصِّ الْجَلَّادُ (جالادنىڭ ئوغرىنى ئۇرۇۋشىدىن ھەيران قالدىم). بۇ يەردە لِصّ (مفعول) لفظًا مجرور بولسىمۇ، ئەسلىدىكى ئورنى منصوبتۇر.

**اسم فاعل** — ئۆزىنىڭ معلوم فعلىغا ئوخشاش ئەمەل قىلىدىغان اسمدۇر. مەسىلەن: أَذَاهِبٌ غُلَامُنَا (بىزنىڭ غۇلام كەتكۈچىمۇ؟) اَلضَّارِبُ زَيْدٌ عَمْرًوا (زيد عمرونى ئۇرغۇچى).

اسم فاعلمۇ كۆپىنچە ئۆزىنىڭ فاعلى ياكى مفعولىغا مضاف قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: كامل الْجُوْد ضاربُ عمرٍو (سېخىيلىقى كامىل، عمرونى ئۇرغۇچى).

**اسم مفعول** (مجهول سۈپەتداش) — ئۆزىنىڭ مجهول فعلىغا ئوخشاش ئەمەل قىلىدۇ. مەسىلەن: المضروبُ زيدٌ (زيد ئۇرۇلغۇچى). بۇمۇ كۆپىنچە اضافىلىك ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: مَقْطُوْعُ الْاَنْفِ (بۇرنى كېسىلگەن).

**دىققەت:** اسم فاعل ۋە اسم مفعولنىڭ ئەمەل قىلىشىنىڭ شەرتى: بىرىنچى، بۇلار حال ياكى استقبال مەنىسىدە بولۇش. ئىككىنچى، مبتدأ، ذو الحال، موصوف، اسم موصول (ال بمعنى اَلَّذِى)، همزة استفهام، حرف نفى قاتارلىق ئالتە نەرسىنىڭ كەينىدە كېلىش شەرت (مۇشۇ ئالتە نەرسىدىن بىرەرسىگە تايانغاندا، ئاندىن ئەمەل قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مىساللىرنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىڭلار:

| بيان شرط | اسم فاعلنىڭ مىساللىرى | اسم مفعولنىڭ مىساللىرى |
|---|---|---|
| مبتدأدىن كېيىن | زيد قائم ابوه الآن اوغدًا. هازىر ياكى ئەتە زيدنىڭ ئاتىسى تۇرغۇچىدۇر. | زيدٌ مضروبٌ غلامه الآن اوغدًا. هازىر ياكى ئەتە زيدنىڭ غۇلامى ئۇرۇلغۇچىدۇر. |
| ذو الحالدىن كېيىن | جاء زيد باكيًا غلامه الآن اوغدًا. هازىر ياكى ئەتە زيد غۇلامى يىغلاۋاتقاندا كەلدى. | جاء زيد مضروبًا غلامه الآن اوغدًا. هازىر ياكى ئەتە زيد غۇلامى ئۇرۇلۇۋاتقاندا كەلدى. |
| موصوفتىن كېيىن | هذا رجلٌ ضارب ابوه الآن اوغدًا. بۇ هازىر ياكى ئەتە ئاتىسى ئۇرغۇچى بولغان ئادەمدۇر. | هذا رجلٌ مضروب ابوه الآن اوغدا. بۇ هازىر ياكى ئەتە ئاتىسى ئۇرۇلغۇچى بولغان ئادەمدۇر. |
| اسم موصولدىن كېيىن | جاء الضارب ابوه خالدا الآن اوغدًا. هازىر ياكى ئەتە خالدنى ئاتىسى ئۇرغۇچى كەلدى. | جاء المضروب ابوه الآن اوغدًا. هازىر ياكى ئەتە ئاتىسى ئۇرۇلغۇچى كەلدى. |
| همزة استفهامدىن كېيىن | أقائم زيد الآن اوغدًا. هازىر ياكى ئەتە زيد تۇرغۇچىمۇ؟ | أمضروب ابوه الآن اوغدًا. هازىر ياكى ئەتە ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇرۇلغۇچىمۇ؟ |
| حرف نفيدىن كېيىن | ما ضارب زيد خالدًا الآن اوغدًا. هازىر ياكى ئەتە زيد خالدنى ئۇرغۇچى ئەمەس. | ما مضروب ابوه الآن اوغدًا. هازىر ياكى ئەتە ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇرۇلغۇچى ئەمەس. |

**مۇھىم نۇقتا:** اسم فاعل نكرة بولسا ھەم ئۇنىڭدىن ماضى مەنە مەقسەت بولسا، ئۇنى مضاف قىلىش ۋاجىب. مەسىلەن: زيدٌ ضاربُ عمرٍو امس.

اسم فاعل «ال» بىلەن معرفة قىلىنغان بولسا، ئۈچلى زامان باراۋەر بولىدۇ. مەسىلەن: زيد الضاربُ ابوه عمرًوا الآن اوغدًا اوامس.



# ئوتتۇز ئالتىنچى دەرس صفة مشبّهة

صفة مشبّهة (يېرىم سۈپەتداش) — ئۆزىنىڭ فعل لازىمغا ئوخشاش، فاعلىنى رفع قىلىدىغان صفەتتۇر. مەسىلەن: زيدٌ حَسَنٌ وَجْهُهُ. بۇنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن مبتدأ، ذو الحال، موصوف، استفهام، حرف نفى قاتارلىقلارنىڭ بىرسى ئۇنىڭغا تايانچ بولۇش شەرتتۇر.

صفة مشبهةنىڭ صيغىسى بەزىدە «ال»لىق، بەزىدە «ال»سىز بولىدۇ. «ال»سىز بولغان چاغدا، صفة مشبهةنىڭ معمولى مضاف، «ال» — ھەر ئىككىسىدىن خالىي بولىدۇ.

صفة مشبهة جەمئىي ئالتە قىسىمدۇر. لېكىن بۇ ئالتە قىسىمغا ئائىت ھەر بىر معمول فاعل بولۇش، مفعول بەغا ئوخشاشلىقى بولۇش ۋە مضاف اليه بولۇش ئېتىبارى بىلەن مرفوع، منصوب، مجرور (ئۈچ خىل) بولىدۇ. دېمەك، بۇ ئېتىبار بىلەن صفة مشبهة ئون سەككىز خىل بولىدى. بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە بايان قىلىنىدۇ:

جەدۋەلدە «اَحْسَن» ئۈچۈن «ا»، «حَسَن» ئۈچۈن «ح»، «قبيح» ئۈچۈن «ق»، «مختلف فيه» ئۈچۈن «مخ» ۋە «ممتنع» ئۈچۈن «مم» دېگەن بەلگىلەر يېزىلدى.

| | قسم معمول، بيان حالة | حالة الرفع | حالة النصب | حالة الجر |
|---|---|---|---|---|
| «ال»سىز صفة مشبهة | معمول مضاف بولغان | حَسَنٌ وجهُه «ا» | حسنٌ وجهَه «ح» | حسن وجهِه «مخ» |
| | معمول«ال»لىق بولغان | حسنُ الوجه «ق» | حَسَنُ الوجهَ «ا» | حسن الوجهِ «ا» |
| | معمول ھەر ئىككىسىدىن خالىي بولغان | حَسَنٌ وجهٌ «ق» | حَسَنٌ وجهًا «ا» | حسن وجهٍ «ا» |
| «ال»لىق صفة مشبهة | معمول مضاف بولغان | الحسن وجهُه «ا» | الحسنُ وجهَه «ح» | الحسن وجهِه «مم» |
| | معمول «ال»لىق بولغان | الحسنُ الوجهُ «ق» | الحسن الوجهَ «ا» | الحسن الوجهِ «ا» |
| | معمول ھەر ئىككىسىدىن خالىي بولغان | الحسن وجهٌ «ق» | الحسن وجهًا «ا» | الحسن وجهٍ «مم» |

مۇھىم نۇقتا: صفة مشبهةنىڭ معمولى مرفوع بولسا، صفة مشبهةدە ضمير بولمايدۇ. چۈنكى بۇ چاغدا صفة مشبهةنىڭ معمولى صفة مشبهةنىڭ فاعلى بولىدۇ.

دېمەك، بۇنداق ئەھۋالدا صفة مشبهةنىڭ صيغةسى ھەمىشە واحد كېلىدۇ. معمول مەيلى واحد بولسۇن، مەيلى تثنية ياكى جمع بولسۇن.

ئەگەر معمول منصوب ياكى مجرور بولسا، صفة مشبهةنىڭ ئۆزىدە موصوفنى كۆرسىتىدىغان ضمير بولۇپ، بۇ ضمير شۇ صفة مشبهةنىڭ فاعِلى بولغان ھالدا تذكير، تأنيث، تثنية ۋە جمع قاتارلىقلاردا موصوفقا ماسلىشىپ كېلىدۇ.

ئەلھاسىل، بىرلا ضميرغا ئىگە توققۇزى اَحْسَن، ئىككى ضمير بار ئىككىسى حَسَن، ضمير يوق تۆتى قبيحتۇر. بۇلاردىن باشقا، بىرسى مُخْتَلِفٌ فِيْهِ (ئوخشمايدىغان قاراشلار بار) ۋە ئىككىسى ممتنع (دۇرۇس ئەمەس)دۇر.



# ئوتتۇز يەتتىنچى دەرس اسم تفضيل

**اسم تفضيل** ـــــ ئۆز فعلىغا ئوخشاش ئەمەل قىلىدىغان اسمدۇر.

ئۇنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ نەرسە زۆرۈردۇر: 1) مِنْ. مەسىلەن: زيدٌ افضلُ من عمروٍ (زيد عمرودىن ئەۋزەل). بۇنىڭدا اسم تفضيل ھەمىشە مفرد مذكر بولىدۇ. مەسىلەن: زيدٌ افضل من عمروٍ ۋە هندٌ افضلُ من عمروٍ.

2) «ال». مەسىلەن: زيدُنِ الافضلُ (زيد ھەممىدىن ئەۋزەل). بۇنىڭدا اسم تفضيل ئۆزىنىڭ موصوفىغا صيغةدە ماسلىشىشى زۆرۈر. مەسىلەن: زيدُنِ الافضلُ ۋە هندُن الفُضْلٰى.

3) اضافة. مەسىلەن: زَيْدٌ اَفْضَلُ الْقَوْمِ (زيد قەۋمدىن ئەۋزەل). بۇنىڭدا اسم تفضيلنىڭ موصوفقا مۇۋاپىق كېلىش ئىختىيارلىقى بار. مەسىلەن: زيد افضلُ الناسِ ۋە هند افضل الناس ياكى زيد افضل الناس ۋە هندٌ فضلَى الناسِ.

**دىققەت:** اسم تفضيلنى مەزكۇر ئۈچ خىل نەرسىنىڭ بىرسىدىن خالىي قىلىش جائىز ئەمەس. لېكىن مُفَضَّلٌ عَلَيْهِ (ئەۋزەل بولمىغان سېلىشتۇرۇلغۇچى) ئېنىق بولسا، ئۇنى حذف

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلىۋېتىش جائىز بولىدۇ. مەسىلەن: اَللهُ اكبرُ. يەنى، اكبر كـل شيء ياكى اكبر من كل شيء. يەنە مەزكۇر ئۈچ خىل نەرسىنىڭ ئىككىسىنى جەمئىي قىلىشمۇ جائىز ئەمەس. مەسىلەن: زيـد الافضلُ مِنْ عمرو.

مۇھىم نۇقتا: مەزكۇر ئۈچ خىل ئەمەلدە اسم تفضيلنىڭ فاعلى ضميرلا بولىدۇ. اسم تفضيل ضميردىلا ئەمەل قىلغان بولىدۇ. اسـم ظاھىردا ئەمەل قىلمايدۇ.

لېكىن، منفى جۈملىدە، اسم تفضيل لفظًا صفة بولۇش ئېتىبارى بىلەن مەلۇم بىر تەرەپكە باغلىقتەك بولسا ھەمدە معنًى صفة بولۇش ئېتىبارى بىلەن ئىككىلى تەرەپكە ئورتاق بولسا، اسم ظاھىردا ئەمەل قىلىدۇ. مەسىلەن: ما رأيتُ رجلا احسـنَ فى عينه الكحلُ منه فى عين زيد. بۇ مىسالدىكى «كحل» رجـلنىڭ كۆزى ئېتىبارى بىلەن مُفَضَّـل (ئەۋزەل بولغان سىلىشتۇرۇلغۇچى)، زيدنىڭ كۆزى ئېتىبارى بىلەن مفضَّل عليـه (ئەۋزەل بولمىغان سىلىشتۇرۇلغۇچى) دېيىلىدۇ.

دېمەك، بۇ مىسالدا اسم تفضيل ـــ «احسن»، اسم ظاھىر ـــ «كحل»دە ئەمەل قىلدى. بۇ ئابزاسنى يەنە مۇنداقمۇ دېگىلى بولىدۇ: مَا رأيتُ رجلا احسنَ فِى عَيْنِه الكَحْلُ مِنْ عَيْنِ زَيْدٍ.



## ئوتتۇز سەككىزىنچى دەرس سوئاللار

ا. 1) مصدر ـــ مضاف بولسا، فـاعللىق ھالىتىدە ئۇنىڭ معمولىغا قانداق اعراب بېرىلىدۇ؟

2) اسم فاعل ۋە اسم مفعوللارنىڭ عامل بولۇشىنىڭ شەرتى نېمە؟

3) اسم فاعل «ال»لىق كەلسە، ئۇنىڭدىن قايسى زامان فهـم قىلىنىدۇ؟

4) صفة مشبهةنىڭ قايسى صيغىلىرى اَحْسَـن؟ ئۇنى احسن دېيىشنىڭ سەۋەبى نېمە؟

5) اسم تفضيل «مِن» بىلەن ئىشلىتىلسە، واحد ۋە جمعلىكتە شەكلى قانداق بولىدۇ؟

ب. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭدىكى فعللارغا ئوخشايدىغان اسملارنىڭ ئەمەلىنى ئاشكارىلاڭلار:

1) ﴿وَٱلۡفِتۡنَةُ أَشَدُّ مِنَ ٱلۡقَتۡلِۚ﴾①. اَللّٰهُ اعلمُ بالصواب.

2) «خَيْرُ الْأُمُورِ اَوْسَاطُها». ﴿وَأَشَدُّ تَنكِيلاً﴾②.

---

① 2- سۈرە بەقەرە 191- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② 4- سۈرە نىسا 84- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

3) ﴿ دَفۡعُ ٱللَّهِ ٱلنَّاسَ ﴾①. ﴿ وَٱلۡمُقِيمِى ٱلصَّلَوٰةِ ﴾②.

4) ﴿ وَجَٰدِلۡهُم بِٱلَّتِى هِىَ أَحۡسَنُۚ ﴾③④.

5) قَالَ السَّمَّاكُ قَدْ اَعْجَبَنِىْ هجوم السمك فى الدجلة. ولَذَّنى بلع السمك الشِصَّ (قارماق).

6) الطريق مندرسة جادته. والسيل مندرس انحداره.

7) الصيّادُ ذو الشبكة مقطوعة امراسه اليوم اوغدًا.

ج. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوگشاپ ھەر بىرسىنىڭ توغرا بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىڭلار.

1) زيد الافضل من عمرٍو، الزيدان افضلان من عمرٍو.

2) زيد حسنُ وجهٌ، زيد حسن وجههٗ.

3) قائمٌ زيدٌ الآن اوغدًا، مضروب ابوه الآن اوغدًا.

4) عجبتُ قيام زيدٍ، اعجبنى زيد ضرب عمرًوا.

---

① 22- سۈرە ھەج 40- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② 22- سۈرە ھەج 35- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ هى مبتدأ، احسن خبر. بۇ يەردە اسم تفضيل اضافة بىلەن ئىشلىتىلگەن بولۇپ، «الطرق» دېگەن مضاف اليه محذوفتۇر. دېمەك، ضمير عائد ۋە مبتدأ بىر-بىرىگە ماسلىششى زۆرۈر بولمايدۇ.

④ 16- سۈرە نەھل 125- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



# ئوتتۇز توققۇزىنچى دەرس فعلنى تەقسىم قىلىش

زامان ئېتىبارى بىلەن فعل ئۈچ قىسىم: ماضى، مضارع، امر.

**فعل ماضى** ـــ ئۆتكەن زاماندا يۈز بەرگەن ئىش-ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان فعلدۇر.

**فعل مضارع** ـــ ئىش-ھەرىكەتنىڭ سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن يۈز بېرىشىنى بىلدۈرىدىغان فعلدۇر.

**امر** ـــ قارشى تەرەپتىن مەلۇم بىر ئىش-ھەرىكەتنى قىلىش تەلىپىنى بىلدۈرىدىغان فعلدۇر.

**متعدى** ئېتىبارى بىلەن فعل ئىككى قىسىم: بىرى، **فعل لازم**. يەنە بىرى، **فعل متعدّى**.

**فعل لازم** ـــ ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنلىغۇچى فاعل بىلەنلا چەكلەنگەن ئۆتۈمسىز فعلدۇر. مەسىلەن: جَلَسَ زَيْدٌ.

**فعل متعدى** ـــ ئىش-ھەرىكەتنى ئورۇنلىغۇچى فاعل بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى مفعولغىچە تەسىر كۆرسەتكەن ئۆتۈملۈك فعلدۇر. مەسىلەن: ضَرَبَ زَيْدٌ خَالِدًا.

www.uyghurkitap.com



فعل متعدى نىسبەت ئېتىبارى بىلەن ئىككى قىسىم: بىرى، معروف (بۇ فاعلغا نىسبەت تاپىدۇ)، يەنە بىرى، مجهول (بۇ مفعولغا نىسبەت تاپىدۇ).

فعل متعدى ئۆزى باشقۇرۇپ كەلگەن مفعولنىڭ سانى ئېتىبارى بىلەن ئۈچ قىسىم: 1) بىر مفعوللۇق فعل متعدى. مەسلەن: ضَرَبَ زَيْدٌ خالدًا. 2) ئىككى مفعوللۇق فعل متعدى. مەسلەن: اعطيتُ زيدًا دِرْهَمًا. 3) ئۈچ مفعوللۇق فعل متعدى. مەسلەن: اَعْلَمَ اللّٰهُ زيدًا خَالِدًا عَالِمًا.

فعللاردىن ماضى ۋە امر مَبْنِى (قاتقان)، مضارع معرب (ئۆزگىرىشچان) بولىدۇ.

ماضى بولسا فتحگە، امر جَزْم (ساكىن)غا مبنى بولىدۇ.

مضارعنىڭ اعرابى ئۈچ: رفع، نصب ۋە جَزْم.

مضارعنىڭ معرب بولۇش سەۋەبى: مضارعنىڭ مەنىسى «ئوخشىغۇچى» دېگەنلىك بولۇپ، لفظ ۋە معنى جەھەتتە معرب بولىدىغان اسم فاعلغا ئوخشايدۇ.

لفظ جەھەتتىكى ئوخشاشلىق يېرى: ئىككىسى ھەرپ سانىدا باراۋەردۇر ھەم حركەتلەردە بىر-بىرىگە ئوخشاشتۇر. مەسلەن: يَضْرِبُ ضَارِبٌنىڭ ۋەزنىسىدە.

معنى جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى: اسم فاعلغا ئوخشاشلا حال ۋە استقبال زاماندا ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ. مەسلەن: يَضْرِبُ (ئۇ ئۇرىۋاتىدۇ ياكى ئۇرماقچى). ضَارِبٌ (بۈگۈن ياكى ئەتە ئۇرغۇچى).



مضارعغا «س» ياكى «سَوْفَ» داخىل بولسا، كەلگۈسى زامانغىلا خاس بولىدۇ. مەسلەن: سَيَضْرِبُ ۋە سَوْفَ يَضْرِبُ. فتحلىك «ل»نىڭ داخىل بولۇشى بىلەن حالغىلا خاس بولىدۇ. مەسلەن: ﴿ إِنِّى لَيَحْزُنُنِىٓ ﴾①.

مضارعنىڭ صيغەسى اعراب ئېتىبارى بىلەن ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ: 1) واحد مذكر غائب، واحدة مؤنثة غائبة، واحد مذكر مخاطب، واحد متكلّم، متكلم مع الغير. بۇ بەشىنىڭ رفعلىكى ضمة بىلەن، نصبلىكى فتحة بىلەن ۋە جزملىكى ساكىن بىلەن كېلىدۇ. مەسلەن: يَضْرِبُ، لَنْ يَضْرِبَ، لَمْ يَضْرِبْ. 2) ناقص واوى ۋە ناقص يائىغا ئائىت بەش صيغەنىڭ رفعلىكى ضمەنى پەرەز ئېتىش بىلەن، نصبلىكى فتحة بىلەن، جزملىكى كلمەنىڭ «ل»نى حذف قىلىۋېتىش بىلەن بولىدۇ. مەسلەن: يَدْعُوْ، يَرْمِىْ، لَنْ يَدْعُوَ، لَنْ يَرْمِىَ، لَمْ يَدْعُ ۋە لَمْ يَرْمِ. ناقص اَلفِىنىڭ صيغەسى رفعلىكى ضمەنى پەرەز ئېتىش بىلەن، نصبلىكى فتحەنى پەرەز ئېتىش بىلەن ۋە جزملىكى كلمەنىڭ «ل»نى حذف قىلىۋېتىش بىلەن بولىدۇ. مەسلەن: يَرْضٰى، لَنْ يَرْضٰى ۋە لَمْ يَرْضَ. 3) صحيح ۋە ناقص صيغەنىڭ تثنيەنىڭ رفعلىكى «ن»نى ئىسپاتلاش بىلەن، نصب ۋە جزملىكى «ن»نى حذف قىلىۋېتىش بىلەن بولىدۇ. مەسلەن: يَفْعَلَانِ، يَدْعُوَانِ، يَرْمِيَانِ، يَرْضَيَانِلارنىڭ رفعلىكى «ن»نى ئىسپاتلاش بىلەن بولىدۇ.

① 12- سۈرە يۈسۈف 13- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

لَنْ يَفْعَلَا، لَنْ يَدْعُوَا، لَنْ يَرْمِيَا، لَنْ يَرْضَيَانىڭ نصبلىكى «ن»نى حذف قىلىنىۋېتىش بىلەن بولىدۇ.

لَمْ يَفْعَلَا، لَمْ يَدْعُوَا، لَمْ يَرْمِيَا ۋە لَمْ يَرْضَيَالارنىڭ جزملىكى «ن»نى حذف قىلىنىۋېتىش بىلەن بولىدۇ.

**مۇھىم نۇقتا:** اسمنىڭ اعرابى رفع، نصب ۋە جر.

فعل مضارعنىڭ اعرابى رفع، نصب ۋە جزمدۇر. رفع بىلەن نصب ئىككىلىسىدە ئورتاقتۇر. جر ــــ اسمغا، جزم ــــ مضارعغا خاستۇر.



# قىرىقىنچى دەرس فعل مضارعنى نصب قىلغۇچى عامللار

فعل مضارعنىڭ نصب قىلغۇچى عاملى بەش:

1) **اَنْ** ــــ فعل مضارعنى مصدر مەنىسىگە ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن: اُحِبُّ اَنْ تَقُوْمَ يەنى اُحِبُّ قِيَامَكَ.

2) **لَنْ** ــــ فعل مضارعنى زەبەر ئوقۇتۇپ، كەلگۈسى زامان فعلىنىڭ ئىنكار شەكلىنى تأكىدلەش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: لَنْ اَفْعَلَ (ھەرگىز قىلمايمەن).

3) **كَىْ** ــــ سەۋەب ئۈچۈن كېلىدۇ. يەنى، كَىْدىن بۇرۇن كەلگەن بۆلەك، كَىْدىن كېيىن كەلگەن بۆلەك ئۈچۈن سەۋەب بولۇش مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: اَسْلَمْتُ كَىْ اَدْخُلَ الْجَنَّةَ.

4) **اِذَنْ** ــــ مضارع مستقبلگە قوشۇلۇپ، جاۋاب ۋە نەتىجە مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: اَسْلِمْ اِذَنْ تَدْخُلَ الْجَنَّةَ.

5) تۆۋەندىكى ئالتە ئورۇندا «اَنْ» يوشۇرۇن كېلىدۇ: (1) حَتّٰىدىن كېيىن. مەسىلەن: سِرْتُ حَتّٰى اَدْخُلَ الْبَلَدَ؛ (2) لام كَىْدىن كېيىن. مەسىلەن: سِرْتُ لِاَدْخُلَ المدينة؛ (3) لام جَحْددىن كېيىن. مەسىلەن: ﴿وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُعَذِّبَهُمۡ﴾①. مَا كَانَ زيدٌ لِيُكْرِمَكَ؛

① 8- سۈرە ئەنفال 33- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(4) اَمْردىن كېيىن كەلگەن فاءدىن كېيىن. مەسىلەن: زُرْنِي فَأُكْرِمَكَ. ياكى، نَهْىدىن كېيىن كەلگەن فاءدىن كېيىن. مەسىلەن: ﴿وَلَا تَطۡغَوۡاْ فِيهِ فَيَحِلَّ عَلَيۡكُمۡ غَضَبِيۖ﴾[1]. ياكى، استفهامدىن كېيىن. مەسىلەن: اَيْنَ بَيْتُكَ فَأَزُوْرَكَ. ياكى، نفىدىن كېيىن. مەسىلەن: مَا تَأْتِيْنَا فَتُحَدِّثَنَا. ياكى، تَمَنِّىدىن كېيىن. مەسىلەن: لَيْتَ لِيْ مَالًا فَأُنْفِقَهُ. ياكى، عَرَضدىن كېيىن. مەسىلەن: اَلَا تَنْزِلُ بِنَا فَتُصِيْبَ خَيْرًا؛ (5) ئۇستۈنده تىلغا ئېلىنغان بەش جاينىڭ ئارقىسىدا كەلگەن واودىن كېيىن. مەسىلەن: اَسْلِمْ وَتَسْلَمَ ۋە باشقىلار؛ (6) «اِلَى اَنْ» ياكى «إِلَّا اَنْ» مەنىسىدە كېلىدىغان اَوْدىن كېيىن اَنْ يوشۇرۇن كېلىدۇ. مەسىلەن: لَأَلْزِمَنَّكَ اَوْ تُعْطِيَنِي حَقِّيْ.

دىققەت: عَلِمَ ۋە ئۇنىڭدىن تۇرلەنگەنلەردىن كېيىن كەلگەن اَنْ بولسا، فعل مضارعنى نصب قىلمايدۇ، بەلكى ئۇ تشديدلىك اَنَّدىن يەڭگىللىتىلگەن اَنْ بولغان بولىدۇ (ئۇ اَنَّ مُثَقَّلَةدىن اَنْ مخففةگە ئۆزگەرگەن اَنْدۇر). مەسىلەن: ﴿عَلِمَ أَن سَيَكُونُ مِنكُم مَّرۡضَىٰ﴾[2].

ظَنَّ مەنىسىدىكىلەردىن كېيىن كەلگەن اَنگە ئىككى هالەت بار: ئۇ مصدرية بولسا، فعل مضارعنى نصب قىلىدۇ. مەسىلەن: حَسِبْتُ اَنْ تَرْجِعَ. ئەگەر اَنَّ مُثَقَّلَةدىن مُخَفَّفَةگە ئۆزگەرگەن اَنْدىن بولغان بولسا، فعل مضارعنى نصب قىلمايدۇ. مەسىلەن: ظَنَنْتُ اَنْ سَيَقُوْمُ.

① 20- سۈره تاها 81- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 73- سۈره مۇززەممىل 20- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



# قىرىق بىرىنچى دەرس فعل مضارعنى جزم قىلغۇچى عامىللار

فعل مضارعنى جزم قىلغۇچ عامىل بەش هەرپ:

1) **لَمْ** ــــ مضارعنى ئۆتكەن زامان ئىنكار مەنىسىگە ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن: ﴿لَمۡ يَلِدۡ وَلَمۡ يُولَدۡ﴾[1]، يەنى مَا وَلَدَ وَلَا وُلِدَ.

2) **لَمَّا** ــــ ئۆتكەن زامان ئىنكار فعلنى كۈچەيتىپ، لَمْنىڭ ئەمىلىنى قىلىدۇ. مەسىلەن: لَمَّا يَضْرِبْ (هەرگىز ئۇرمىدى)، يەنى مَا ضَرَبَ.

3) امرنىڭ لامى ــــ مضارعغا داخىل بولۇپ، بۇيرۇق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: لِيَضْرِبْ زَيْدٌ (زيد ئۇرغاي). ئەگەر بۇ لامنىڭ ئالدىدا «واو» ياكى «فاء» كېلىپ قالسا، «لام» ساكىن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿فَلۡيَضۡحَكُواْ قَلِيلٗا وَلۡيَبۡكُواْ كَثِيرٗا﴾[2].

4) نَهىنىڭ لاءسى ــــ مضارعغا داخىل بولۇپ، توسۇشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: لَا يَضْرِبْ زَيْدٌ.

① 102- سۈره ئىخلاس 3- ئايەت.
② 9- سۈره تەۋبە 82- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

5) اِنْ شرطيّة ـــ ئىككى فعلغا داخىل بولۇپ، بىرىنچى فعلنىڭ ئىككىنچى فعلغا سەۋەب بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: اِنْ تَضْرِبْ اَضْرِبْ. بىرىنچى فعل ـــ شرط، ئىككىنچى فعل ـــ جزاء (نەتىجە) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھەرپ گەرچە ماضىغا داخىل بولسىمۇ، مەنە جەھەتتە داۋاملىق مستقبل مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: اِنْ ضَرَبْتَ ضَرَبْتُ. بۇ يەردە جزم ـــ تقديرى بولىدۇ. چۈنكى ماضى مبنىدۇر، بۇنىڭغا اعراب بەرگىلى بولمايدۇ.

ئەگەر شرط ۋە جزاء ـــ ئىككىلىسى مضارع ياكى شرط ـــ مضارع بولسا، مضارعدا جزم ۋاجىب بولىدۇ. مەسىلەن: اِنْ تَضْرِبْ اَضْرِبْ. اِنْ تَضْرِبْنِى ضَرَبْتُكَ.

ئەگەر شرط ـــ ماضى، جزاء ـــ مضارع بولسا، جزاءدا جزم ۋە رفع ئىككىلىسى جائىز. مەسىلەن: اِنْ جِئْتَنِى اُكْرِمْكَ ياكى اُكْرِمُكَ.

جزاء «قَدْ»سىز كەلگەن ماضى بولسا، ئۇنىڭ ئالدىغا «فاء» ئەكىلىش جائىز ئەمەس. مەسىلەن: اِنْ ضَرَبْتَ ضَرَبْتُ. لېكىن، جزاء فعل مضارع مثبت بولسا، «فاء» ئەكىلىش، ئەكەلمەسلىك ـــ ئىككىلىسى جائىز. مەسىلەن: ﴿وَإِن يَكُن مِّنكُمۡ أَلۡفٌ يَغۡلِبُوٓاْ أَلۡفَيۡنِ﴾[1]. ﴿وَمَنۡ عَادَ فَيَنتَقِمُ ٱللَّهُ مِنۡهُۚ﴾[2].

جزاء بۇ ئىككى ھالەتتە بولمىسا، «فاء» ئەكىلىش ۋاجىب. مەسىلەن: ﴿إِن يَسۡرِقۡ فَقَدۡ سَرَقَ أَخٞ لَّهُۥ مِن قَبۡلُۚ﴾[3]. ﴿وَمَن يَبۡتَغِ غَيۡرَ ٱلۡإِسۡلَٰمِ دِينٗا فَلَن يُقۡبَلَ مِنۡهُ﴾[4].

---

① 8- سۈرە ئەنفال 66- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 5- سۈرە مائىدە 95- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 12- سۈرە يۈسۈف 77- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 3- سۈرە ئال ئىمران 85- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



# قىرىق ئىككىنچى دەرس شرط ۋە جزاء كەلىمىلىرى

بۇ توققۇز كلمة بولۇپ، بۇلار «اِنْ» مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىرگە، فعل مضارعنى جزم قىلىپ، ھەر دائىم ئىككى جۈملىگە داخىل بولىدۇ. بۇ ئىككى جۈملىدىن بىرىنچىسى شرط، ئىككىنچىسى جزاء بولىدۇ.

1) مَنْ ـــ ئاقىللارغىلا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿مَن يَعۡمَلۡ سُوٓءٗا يُجۡزَ بِهِۦ﴾ (كىمكى بىر يامانلىق قىلىدىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە جازالىنىدۇ)[1].

2) مَا ـــ ئاقىلسىزلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَمَا تَفۡعَلُواْ مِنۡ خَيۡرٖ يَعۡلَمۡهُ ٱللَّهُۗ﴾ (سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەل قىلساڭلار، الله تعالى ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ)[2].

3) اَيّ ـــ ئاقىللىق ۋە ئاقىلسىز ئىككىلىسىگە اضافة بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: اَيُّ رجلٍ تَضْرِبْ اَضْرِبْ (قايسى بىر

---

① 16- سۈرە نەھل 125- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 2- سۈرە بەقەرە 197- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com



ئادەمنى ئۇرساڭ ئۇرمەن). يەنە بىرى ﴿أَيًّا مَّا تَدۡعُواْ فَلَهُ ٱلۡأَسۡمَآءُ ٱلۡحُسۡنَىٰۚ﴾ (قايسى بىرسىنى ئاتىساڭلار ھەممىسى ياخشىدۇر. چۈنكى الله تعالىنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار)[1].

4) متى. مەسىلەن:

مَتٰى اَضَعِ الْعِمَامَةَ تَعْرِفُوْنِىْ

(سىلەر مېنى سەللەمنى بېشىمدىن ئېلىۋەتكەن چېغىمدا تونۇيسىلەر).

5) اَنّى. مەسىلەن: اَنّٰى تَكُنْ اَكُنْ (نەدە بولساڭ، شۇ يەردە بولىمەن).

6) اَيْنَمَا. مەسىلەن: ﴿أَيۡنَمَا تَكُونُواْ يُدۡرِكككُّمُ ٱلۡمَوۡتُ﴾ (قەيەردە بولماڭلار، ئەجەل كەلگەندە ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ)[2].

7) مَهْمَا. مەسىلەن: مَهْمَا تَذْهَبْ اَذْهَبْ (قاچان بارساڭ، شۇ چاغدا بارىمەن).

8) اِذمَا. مەسىلەن: اِذْمَا دَخَلْتَ عَلَى الرَّسُوْلِ فَقُلْ لَهُ حَقًّا (ئەگەر سەن پەيغەمبەرنىڭ يېنىغا كىرسەڭ، راست سۆزلە).

9) حَيْثُمَا. مەسىلەن: حَيْثُمَا تَقْعُدْ اَقْعُدْ (نەدە ئولتۇرساڭ، شۇ يەردە ئولتۇرىمەن).

**دىققەت:** بۇلارنىڭ ئىچىدىن مَنْ، مَا، اَيٌّ، مَتٰى، اَنّٰى دىن ئىبارەت بەشى سوئال مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ چاغدا

---

① 17- بەنى ئىسرائىل 110- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 4- سۈرە نىسا 78- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



پەقەت بىر جۈملە بولىدۇ. مەسىلەن: مَنْ اَنْتَ. مَا هٰذَا. اَيُّ شَيْءٍ هٰذَا. مَتٰى تُسَافِرُ. اَنّٰى زَيْدٌ.

**مۇھىم نۇقتا:** يېقىنقى زاماندىكى ئەرەبلەر «اَيُّ شَيْءٍ»نىڭ ئورنىدا كۆپىنچە «اَيْش» دەپلا ئىشلىتىدىغان بولۇپ قالدى. مىسىر ۋە سۈرىيىدە بولسا «اَيْش»نىڭ ئورنىدا «اَيْه» دەپ سۆزلەيدىغان بولدى.

# قىرىق ئۈچىنچى دەرس افعال قلوب

بۇ يەتتە فعل: حَسِبَ، ظَنَّ، خَالَ — ئۈچى گۇمان ئۈچۈن؛ عَلِمَ، رَأَى، وَجَدَ — ئۈچى جەزم ئۈچۈن؛ زَعَمَ گۇمان بىلەن جەزملىكتە ئورتاق بولۇپ، جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ ئايرىلىدۇ.

بۇلارنىڭ **افعال قلوب** دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، بۇ فعللار دىلغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، باشقا ئەزادىن سادىر بولمايدۇ. يەنە بىرى، شەكلىنىش ۋە جەزم قىلىش مەنىسى تېپىلغاچقا، افعال شك ۋە افعال يقين دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ فعل مبتدأ ۋە خبرگىلا داخىل بولۇپ، ئىككىسىنى مفعول قىلىپ نصب قىلىدۇ. مەسىلەن: حَسِبْتُ الْجُوْدَ خَيْرًا. ظَنَنْتُ زَيْدًا عَالِمًا. خِلْتُ الدَّارَ خَالِيَةً. عَلِمْتُ زَيْدًا اَمِيْنًا. رَأَيْتُ اللهَ اَكْبَرَ كُلِّ شَيْءٍ. ﴿وَوَجَدَكَ عَآئِلاً﴾①. زَعَمْتُ اللهَ غَفُوْرًا. زَعَمْتُ الشَّيْطَانَ كَفُوْرًا.

**دىققەت:** افعال قلوبنىڭ ئىككى مفعولىدىن بىرى زىكرى قىلىنسا، يەنە بىرىنى زىكرى قىلىش زۆرۈر بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئىككى مفعول بىر مفعولٌ بِهِنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. لېكىن ظَنَّ ←

① 93- سۈرە زۇها 8- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



اِتَّهَمَ، عَلِمَ ← عَرَفَ، رَأَى ← اَبْصَرَ، وَجَدَ ← اَصَابَ مەنىسىدە كەلسە، خاس بىر مفعولنى نصب قىلىپ افعال قلوبتىن بولمايدۇ. مەسىلەن: ظَنَنْتُ زَيْدًا اى اِتَّهَمْتُهُ. عَلِمْتُ بَكْرًا اى عَرَفْتُ شَخْصَهُ.

افعال قلوب مبتدأ ۋە خبرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىپ قالسا ياكى مبتدأ ۋە خبردىن كېيىن كەلسە، ئەملى بىكار بولىدۇ. مەسىلەن: زَيْدٌ ظَنَنْتُ قَائِمٌ. زَيْدٌ قَائِمٌ ظَنَنْتُ.

ئەگەر همزة استفهام، ياكى ما نَافِيَة، ياكى لام ابتداءدىن ئىلگىرى كەلسىمۇ ئەملى بىكار بولىدۇ.

**مۇھىم نۇقتا:** صَيَّرَ، اِتَّخَذَ، جَعَلَ، خَلَقَ ۋە تَرَكَ قاتارلىق فعللار افعال تَصْيِيْر (يەنى، بىر نەرسىنى ئۇنىڭ ئەسلى ھالىتىدىن ئۆزگەرتىۋەتكۈچى فعل) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ فعللارمۇ ئىككى اسمغا داخىل بولۇپ ئىككىلى اسمنى نصب قىلىدۇ. مەسىلەن: صَيَّرْتُ الطِّيْنَ خَزْفًا. ﴿وَٱتَّخَذَ ٱللَّهُ إِبْرَٰهِيمَ خَلِيلاً﴾①. ﴿جَعَلَ لَكُمُ ٱلْأَرْضَ فِرَٰشًا﴾②. خَلَقَ اللهُ الانسانَ هَلوعًا. تركتُه حيرانَ.

① 4- سۈرە نىسا 125- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 2- سۈرە بەقەرە 22- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# قىرىق تۆتىنچى دەرس افعال مَدْح وذَمّ ۋە فعل تعجُّب

بۇ تۆت فعل: نِعْمَ، حَبَّذَا، بِئْسَ، سَآءَ. ئالدىدىكى ئىككى فعل مدح ئۈچۈن، كېيىنكى ئىككى فعل هَجْو ۋە ذم ئۈچۈندۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدىن نِعْمَ، بِئْسَ ۋە سَآءَ قاتارلىقلارنىڭ فاعلى كۆپىنچە «ال»لىق اسم بولىدۇ ياكى «ال»لىق اسمغا مضاف بولغان اسم بولىدۇ. ئاندىن بۇ اسمدىن كېيىن رفع ئوقۇلىدىغان بىر اسم بولۇپ، بۇ اسم ماختالغان بولسا، مَخْصُوْصٌ بِالْمَدْحِ، ئەگەر ئەيىبلەنگەن بولسا، مخصوص بالذم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: نِعْمَ الرَّجُلُ زَيْدٌ (زيد نېمىدېگەن ياخشى ئەر-ھە!). نِعْمَ غُلَامُ الرَّجُلِ زَيْدٌ (ھېلىقى كىشىنىڭ غۇلامى زيد نېمىدېگەن ياخشى-ھە!). بِئْسَ الرَّجُلُ بَكْرٌ (بكر نېمىدېگەن يامان ئەر-ھە!). بِئْسَ غُلَامُ الرَّجُلِ بَكْرٌ (ھېلىقى كىشىنىڭ غۇلامى بكر نېمىدېگەن يامان-ھە!). سَآءَگىمۇ مۇشۇ ھالەت بار.

بۇلار بەزىدە نِعْمَ شيء مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «مَا» بىلەن بىرگە كېلىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا مَا ئۇنىڭ فاعلى بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿فَنِعِمَّا هِيَ﴾[1] اى نِعْمَ شَيْءٌ هِيَ.

---

[1] 2- سۈرە بەقەرە 271- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



حَبَّذَا ــــ حَبَّ دېگەن فعل ماضى ۋە بۇنىڭ فاعلى بولۇپ كەلگەن اسم اشارة «ذَا»دىن بىرىكتۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مخصوص بالمدح كېلىدۇ. مەسىلەن: حَبَّذَا زَيْدٌ (زيد نېمىدېگەن ياخشى-ھە!).

**مۇھىم نۇقتا:** مەزكۇر جۈملىنىڭ تەركىبى مۇنداق: مخصوص بالمدح والذم مبتدأ مُؤَخَّر بولۇپ، خبر باشتىكى فعل فاعل بىلەن قوشۇلۇپ مقدم بولىدۇ. بۇ چاغدا بىر جۈملە بولىدۇ.

بەزىلەرنىڭ قارىشىدا، مخصوص بالمدح والذم، ضمير منفصل بولغان مبتدأ محذوفنىڭ خبرى بولىدۇ. بۇ چاغدا «نِعْمَ الرجلُ زيدٌ»نىڭ تقديرى «نعم الرجلُ هُوَ زيدٌ»دۇر. بۇ چاغدا ئىككى جۈملە بولىدۇ.

**فعل تَعَجُّب**قا ئىككى صيغة بار: 1) مَا اَفْعَلَهُ. مەسىلەن: مَا اَحْسَنَ زَيْدًا (زيد ئەجەب ياخشى-ھە!). ئەسلىدە «اَيُّ شَيْءٍ اَحْسَنَ زَيْدًا» ئىدى. بۇنىڭدىكى «اَيُّ شَيْءٍ» مەنىسىدە كەلگەن «مَا» ــــ مبتدأ، «اَحْسَنَ» ــــ خبر، «هُوَ» ــــ يوشۇرۇن فاعل، «زيدًا» ــــ مفعولٌ بەدۇر. 2) اَفْعِلْ بِه. مەسىلەن: اَحْسِنْ بِزَيْدٍ (زيد ئەجەب ياخشى-ھە!). بۇنىڭدىكى «اَحْسِنْ» ــــ امر صيغەسى ماضى مەنىسىدە، «زيدٌ» ــــ فاعل، «ب» ــــ زائدتۇر.

**مۇھىم نۇقتا:** ئەگەر ثلاثي مزيد ياكى رُباعىدىن فعل تعجب مەنىسىنى ئالماقچى بولسا، ئالدى بىلەن «اَشَدَّ» ياكى «اَشْدِدْ» دېگەن لفظنى ئەكېلىپ، ئاندىن تعجب ئېلىنماقچى بولغان فعلنىڭ مصدرى زىكرى قىلىنىدۇ. مەسىلەن: مَآ اَشَدَّ اخْضِرَارَهُ واَشْدِدْ بِاخْضِرَارِهِ.

# قىرىق بەشىنچى دەرس حكاية مەشقى

توهمت① زوجةُ فقيهٍ بَخِيْلٍ على السمك واخبرت بذلك زوجَها فقال لها بئس الغذاءُ السمكُ وسآء السمك من غذاء فان سينه سمٌّ وميمه مرضٌ وكافهُ كربة② فرهنت شنفها③ وهو لا يشعر واستدعت لها بشيءٍ منه وبينما هى جالسة على المائدة④ اذا به قد اقبل فلما راٰها تأكل قال لها ما تأكلين يا حبيبتى فقالت سمكًا ارسلته الَيَّ جارتى⑤ فلانة فقال لها هَلُمِّى⑥ بشيءٍ منه الى فانه نعم الغذاء السمك وحبذا السمك من غذاء لان سينه سمنٌ⑦ وميمهُ ميمنة وكافه كفايةٌ فقالت له بئس معرّف⑧ السمك انت يا رجل، اذ كنت تذُمُّهُ امس فكيف

① توهمت: (سېزىكلىكتە) كۆڭلى تارتتى.
② كربة: غەم-قايغۇ.
③ شنف: قۇلاقتا سالىدىغان زىننەت بۇيۇمى.
④ المائدة: داستىخان.
⑤ جارة: قوشنا.
⑥ هلمّى: ئەكەل.
⑦ سمنٌ: سېمىز.
⑧ معرّف: تونۇتقۇچى.



تمدح اليوم فقال لها نعم محدّد① السمك انا، لانى صيّرته② نوعين نوع يقتنٰى③ بالدينار وهو النوع القبيح ونوع يهديه الى الجار الجارُ هو النوع المليح④ فخجلت زوجته من خطابه وتَعَجَّبَتْ من سرعة جوابه.

بۇ حكايەتنى تەرجىمە قىلىپ، افعال مدح وذمنىڭ اسىملىرىنى كۆرسىتىڭلار.

① محدد: تونۇتقۇچى.
② صيّرته: ئۇنى قىلدىم.
③ يقتنٰى: سېتىۋېلىنىدۇ.
④ المليح: ياخشى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# قىرىق ئالتىنچى دەرس جۈملىنىڭ تۈرلەرگە بۆلىنىشى

جۈملە تۆت قىسىم: 1) جملة اسمية —— بۇنىڭ بىرىنچى بۆلىكى اسىمدۇر. مەسىلەن: زَيْدٌ قَائِمٌ. 2) جملة فعلية —— بۇنىڭ بىرىنچى بۆلىكى فعلدۇر. مەسىلەن: قَامَ زَيْدٌ. 3) جملة ظرفية —— بۇنىڭ بىرىنچى بۆلىكى ظرف (قاچا) ۋە ئىككىنچى بۆلىكى مظروف (قاچىلىنىدىغان نەرسە)دۇر. مەسىلەن: عِنْدِىْ مَالٌ. 4) جملة شرطية —— بۇنىڭ بىرىنچى بۆلىكى حرف شرط بولۇپ، ئىككى جۈملىدىن بىرىككەن بولىدۇ. بىرىنچى جۈملە شرط ۋە ئىككىنچى جۈملە جزاء (نەتىجە) دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ ئىككىلى جۈملە بەزىدە فعلية بولىدۇ. مەسىلەن: اِنْ تُكْرِمْنِى اُكْرِمْكَ. بەزىدە بىرىنچىسى فعليّة، ئىككىنچىسى اسمية بولىدۇ. مەسىلەن: اِنْ تَضْرِبْنِى فَاَنَا ضَارِبُكَ.

جۈملە مەنە ئېتىبارى بىلەن ئىككى قىسىم: 1) خبرية —— دېگۈچىنى راست-يالغانغا نىسبەت بېرىش مۇمكىنچىلىكى بار جۈملىدۇر. مەسىلەن: جَآءَ اَحْمَدُ. 2) انشائيّة —— دېگۈچىنى راست-يالغانغا نىسبەت بېرىش مۇناسىپ كەلمەيدىغان



جۈملىدۇر. مەسىلەن: اِضْرِبْ. دېمەك، قانداق بىر جۈملىدە مەلۇم بىر خبر تېپىلسا، ئۇ جملة خبريةدۇر. قانداق بىر جۈملىدە تەلەپ-خاھىش تېپىلسا ئۇ جملة انشائيةدۇر.

جملة انشائيةدە امر، نهى، استفهام، تَمَنِّى، تَرَجِّى، عقود، نداء، عَرْض، قَسَم، تَعَجُّب ۋە دعاء قاتارلىقلاردىن بىرەرسى بولۇش شەرت. بۇلاردىن بىرەرسى تېپىلمىسا، بۇ جۈملىنى جملة انشائية دېگىلى بولمايدۇ.

# قىرىق يەتتىنچى دەرس جملة انشائيەنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

**جملة انشائية ئون قىسىم:**

1) امر. مەسىلەن: ﴿وَأَقِمِ ٱلصَّلَوٰةَ﴾①.

2) نهى. مەسىلەن: ﴿لَا تَرۡفَعُوٓاْ أَصۡوَٰتَكُمۡ﴾②.

3) استفهام. مەسىلەن: ﴿أَءِنَّكَ لَأَنتَ يُوسُفُۖ﴾③.

4) تَمَنِّى. مەسىلەن: ﴿يَٰلَيۡتَنِي كُنتُ تُرَٰبَۢا﴾④.

5) تَرَجِّى. مەسىلەن: ﴿لَعَلَّ ٱلسَّاعَةَ قَرِيبٞ﴾⑤.

6) عقود (مەلۇم بىر مۇئامىلىدىكى كېلىشىم). مەسىلەن: اِشْتَرَيْتُ، نَكَحْتُ ۋە باشقىلار.

7) نداء. مەسىلەن: ﴿يَٰيَحۡيَىٰ خُذِ ٱلۡكِتَٰبَ بِقُوَّةٖۖ﴾⑥.

① 20- سۈرە تاھا 14- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 49- سۈرە ھۇجرات 2- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 12- سۈرە يۇسۇف 90- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 78- سۈرە نەبە 40- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑤ 42- سۈرە شۇرا 17- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑥ 19- سۈرە مەريەم 12- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



8) عرض (مەلۇم بىر ئىشتىكى ئىلتىماس). مەسىلەن: اَلَا تَنْزِلُ بِنَا فَتُصِيْبَ خَيْرًا.

9) قَسَم. مەسىلەن: ﴿وَتَٱللَّهِ لَأَكِيدَنَّ أَصۡنَٰمَكُم﴾①.

10) تَعَجُّب. مەسىلەن: ﴿قُتِلَ ٱلۡإِنسَٰنُ مَآ أَكۡفَرَهُۥ﴾②.

① 21- سۈرە ئەنبىيا 57- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 80- سۈرە ئەبەسە 17- ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# جۈملىلەرنىڭ تەركىبى

1) هٰذَا نَبِيٌّ كَرِيْمٌ. تەركىبى: «هٰذَا» ـــ اسم اشارة مبتدأ، «نَبِيٌّ» ـــ موصوف، «كَرِيْمٌ» ـــ صفة. صفة ۋە موصوف بىرلىشىپ خبردۇر. مبتدأ ۋە خبر ئىككىسى بىرلىشىپ جملة اسمية بولدى.

2) سَمِعَ الصَّبِيُّ كَلَامًا. تەركىبى: «سمع» ـــ فعل متعدى، «الصَّبِيُّ» ـــ فاعل، «كَلَامًا» ـــ مفعول به. فعل ئۆزىنىڭ فاعل ۋە مفعولى بىلەن بىرلىشىپ جملة فعلية بولدى.

3) سَيِّدُ الْقَوْمِ خَادِمُهُمْ. تەركىبى: «سَيِّد» ـــ مضاف، «اَلْقَوْم» ـــ مضاف اليه، مضاف بىلەن مضاف اليه بىرلىشىپ مبتدأدۇر. مبتدأ ۋە خبر بىرلىشىپ جملة اسمية بولدى.

4) قُتِلَ الْإِنْسَانُ. تەركىبى: «قُتِلَ» ـــ مجهول فعل، «اَلْإِنْسَانُ» ـــ مفعول ما لم يُسَمَّ فاعلهُ، مجهول فعل ـــ مفعول ما لم يسم فاعله بىلەن قوشۇلۇپ جملة فعلية بولدى.

5) خَرَجْتُ مَخَافَةَ الشَّرِّ. تەركىبى: «خَرَجْتُ» ـــ فعل فاعل، «مَخَافَةَ» ـــ مضاف، الشَّرِّ ـــ مضاف اليه. مضاف بىلەن مضاف اليه قوشۇلۇپ مفعول لەدۇر. فعل فاعل ـــ مفعول له بىلەن بىرلىشىپ جملة فعلية بولدى.



6) ﴿وَكَانَ أَمْرُ ٱللَّهِ مَفْعُولًا﴾①. تەركىبى: ﴿كَانَ﴾ ـــ افعال ناقص، ﴿أَمْرُ﴾ ـــ مضاف، ﴿ٱللَّهِ﴾ ـــ مضاف اليه. مضاف ۋە مضاف اليه بىرلىشىپ ﴿كَانَ﴾نىڭ اسمىسى، ﴿مَفْعُولًا﴾ خەبرى. افعال ناقص اسمىسى ۋە خبرى بىلەن قوشۇلۇپ جملة فعلية بولدى.

7) ﴿إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾②. تەركىبى: ﴿إِنَّ﴾ ـــ حروف مشبّهة بالفعل. ﴿ٱللَّهَ﴾ ـــ اسم، ﴿عَلَىٰ﴾ ـــ جارّ، ﴿كُلِّ﴾ ـــ مضاف، ﴿شَيْءٍ﴾ ـــ مضاف اليه. مضاف ۋە مضاف اليه بىرلىشىپ مجرور. جارّ مجرور بىرلىشىپ خەبرگە مُتَعَلِّق (تەۋە)، ﴿قَدِيرٌ﴾ خبردۇر. اسم ۋە خبر قوشۇلۇپ جملة اسمية بولدى.

8) ﴿رَأَيْتُ أَحَدَ عَشَرَ كَوْكَبًا﴾③. تەركىبى: ﴿رَأَيْتُ﴾ ـــ فعل فاعل، ﴿أَحَدَ عَشَرَ﴾ ـــ مُمَيَّز، ﴿كَوْكَبًا﴾ ـــ تَمْيِيْز، ئىككىسى بىرلىشىپ مفعول. فعل فاعل مفعول بىلەن قوشۇلۇپ جملة فعلية بولدى.

9) جَآءَ النَّاسُ كُلُّهُمْ. تەركىبى: «جَآءَ» ـــ فعل، «النَّاسُ» ـــ فاعل، «كُلُّ» ـــ مُؤَكِّد (كۈچلەندۈرگۈچى)، يەنە «كُلّ» ـــ مضاف، «هُمْ» ـــ مضاف اليه. مضاف ۋە مضاف اليه قوشۇلۇپ تأكيد. فعل فاعل ۋە مؤكد بىرلىشىپ جملة فعلية بولدى. «النّاسُ»نى ـــ مُؤَكَّد، «كُلّهُمْ»نى ـــ مؤكِّد دەيدۇ.

① 4- سۈرە نىسا 47- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 2- سۈرە بەقەرە 109- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 12- سۈرە يۇسۇف 4- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

10) ﴿يَٰحَسۡرَةً عَلَى ٱلۡعِبَادِۚ﴾[1]. تەركىبى: ﴿يَا﴾ ــــ حرف نداء بولۇپ، «اُدْعُو» دېگەن فعل فاعلنىڭ ئورنىنى باستى. ﴿حَسْرَةً﴾ ــــ مفعول به، ﴿عَلَى﴾ ــــ جارّ، ﴿ٱلۡعِبَاد﴾ ــــ مجرور. جار مجرور قوشۇلۇپ فعلغا متعلّق (تەۋە). فعل فاعل ئۆزىنىڭ مفعول بىلەن قوشۇلۇپ جملة فعلية بولدى.

11) ﴿وَأَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰٓ أُمِّ مُوسَىٰٓ أَنۡ أَرۡضِعِيهِۖ﴾[2].تەركىبى: ﴿أَوۡحَيۡنَا﴾ ــــ فعل فاعل، ﴿إِلَى﴾ ــــ جارّ، ﴿أُمِّ﴾ ــــ مضاف، ﴿ مُوسَى ﴾ ــــ مضاف اليه. مضاف ۋە مضاف اليه بىرلىشىپ مجرور. جار مجرور فعلغا متعلق. ﴿أَنۡ﴾ ــــ مصدريَّة، ﴿أَرۡضِعِيهِ﴾ ــــ فعل فاعل، ﴿هِ﴾ ــــ مفعول ضمير. فعل فاعل ــــ مفعول بىلەن بىرگە جۈملە بولۇپ، مصدر ھېسابىدا مفعول بولدى.

12) مَنْ وَجَدَ خَيْرًا فَلْيَحْمَدِ اللهَ. تەركىبى: «مَنْ» ــــ شرط مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان موصولة، «وَجَدَ» ــــ فعل. تېگىدىكى ضمير «مَنْ»گە قايتىدۇ. «خَيْرًا» ــــ مفعول. فعل ئۆزىنىڭ فاعل ۋە مفعولى قوشۇلۇپ جملة فعلية بولدى. «ف» ــــ «مَنْ»نىڭ جزاءسى. «لِيَحْمَدْ»نىڭ تېگىدىكى فاعل ضمير «مَنْ»گە قايتىدۇ. «اللهَ» ــــ مفعول. فعل (ليحمد) فاعل ۋە مفعول بىلەن قوشۇلۇپ جملة فعلية بولۇپ، جزاء بولدى. شرط ۋە جزاء بىرلىشىپ جملة شرطية بولدى.

① 36- سۈرە ياسىن 30- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 28- سۈرە قەسەس 7- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



# ھەرپىنىڭ بايانى

ھەرپ ئىككى قىسىم: بىرى، عاملة. يەنە بىرى، غير عاملة.

تۆۋەندە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئۇلارنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

**الالف** ــــ ئەرەب تىلىدا ھەر دائىم ساكىن ئىشلىتىلىپ، مبنى كلمةلەر بىلەن بىرگە كېلىدۇ. مەسىلەن: ذَا، مَا.

**همزة** ــــ بىر قانچىلىغان مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: 1) يېقىننى چاقىرىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: أَفَاطِمَةُ، يەنى يَا فَاطِمَةُ. 2) سوراش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: أَزَيْدٌ قَائِمٌ. 3) انكار ابطالى ئۈچۈن كېلىدۇ. بۇ ئىككى خىل: بىرى، همزةنىڭ مابعدسى مثبت بولسا، منفىنىڭ مەنىسى ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿أَيُحِبُّ أَحَدُكُمۡ أَن يَأۡكُلَ لَحۡمَ أَخِيهِ مَيۡتٗا﴾[1]، يەنى لَا يُحِبُّ دېگەن بولىدى. يەنە بىرى، همزةنىڭ مابعدسى منفى بولسا، مثبت مەنىسى ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿أَلَمۡ نَشۡرَحۡ لَكَ صَدۡرَكَ﴾[2]، يەنى شَرَحْنَا صَدْرَكَ دېگەن بولىدى. بۇ ئىككى ئورۇندا همزة ئەكېلىشتىن

① 49- سۈرە ھۇجۇرات 12- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 94- سۈرە ئىنشىراھ 1- ئايەت.

مەقسەت ئۇنىڭ مابعدىسىنى بىكار قىلىش. 4) تقرير ئۈچۈن كېلىدۇ. يەنى، مخاطبتىن مەلۇم بىر ئىش سادىر بولغان بولسا، متكلم ئۇنى شۇ ئىشقا ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: أَضَرَبْتَ زَيْدًا.

اَجَلْ ـــ جاۋاب ھەرپى بولۇپ، نَعَمْگە ئوخشاش متكلمنىڭ سۆزىنى تەستىقلاش ئۈچۈن كېلىدۇ. كۆپ ساندىكى نحوى ئۆلىمالىرى بۇ ئىككىسىگە مۇنداق پەرق بايان قىلدى: خبىردىن كېيىن «اَجَلْ»نى ئىشلىتىش، استفهامدىن كېيىن «نَعَمْ»نى ئىشلىتىش ياخشىراقتۇر.

اِذا، اِذ ـــ ئىككىسى ظروف مَبْنِيَّةنىڭ ئىچىدە بايان قىلىنىپ بولغان.

اِذمَا ـــ شرط ھەرپى بولۇپ، انْ شرطيةنىڭلا ئەملىنى قىلىدۇ. مەسىلەن: اِذْمَا دَخَلْتَ عَلَى الرَّسُوْلِ فَقُلْ لَّهٗ حَقًّا.

اِذَنْ ـــ فعل مضارعنى نصب قىلىپ كېلىپ جاۋاب ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: اَسْلِمْ اِذَنْ تَدْخُلَ الْجَنَّةَ.

ال ـــ ئۈچ خىل: حرف تعريف، اسم موصول، زَائِد.

بىرىنچى خىلى تۆت مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: 1) عهد خارجى بولۇپ كېلىدۇ. بۇنىڭ مدخولى متكلم ۋە مخاطبكە مەلۇم. مەسىلەن: جَآءَ الْاَمِيْرُ. 2) عهد ذهنى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ متكلمنىڭ زېھنىدە مۇئەييەن ئەمەس بىر فرد مۇرادبولىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَأَخَافُ أَن يَأْكُلَهُ ٱلذِّئْبُ﴾①. 3) جنسى (ماھىيەت) ئۈچۈن كېلىدۇ.

① 12- سۈرە يۈسۈف 14- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



مەسىلەن: الرجلُ خير من المرأة. 4) اِسْتِغْراقى ئۈچۈن كېلىدۇ. بۇ، تامامى اَفرادنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: الانسانُ حيوانٌ.

ئىككىنچى خىلى اسم فاعل ۋە اسم مفعولغا داخىل بولغان «ال» اسم موصول مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: الضارب والمضروب.

ئۈچىنچى خىلى زائد، يەنى عَلَملەرگە داخىل بولغان «ال» زىيادىدۇر. مەسىلەن: الْحَسَنُ، الخليلُ ۋە باشقىلار.

اَلَا ـــ (بفتح الهمزة وتخفيف اللام) بىر قانچە مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: 1) ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿أَلَآ إِنَّهُمْ هُمُ ٱلسُّفَهَآءُ﴾①. 2) مالامەت قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: اَلَا زَيْدٌ قَائِمٌ. 3) ئارزۇ-ئارمان ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: اَلَا تَنْزِلُ عِنْدى. 4) ئىلتىماس ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿أَلَا تُحِبُّونَ أَن يَغْفِرَ ٱللَّهُ لَكُمْ﴾②. 5) قاتتىق تەلەپ ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿أَلَا تُقَٰتِلُونَ قَوْمًا نَّكَثُوٓاْ أَيْمَٰنَهُمْ﴾③.

اَلَّا (بفتح الهمزة وتشديد اللام) ـــ بۇ رىغبەتلەندۈرۈش ھەرپى بولۇپ، جملة فعليةدىلا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: اَلَّا تُصَلِّى.

إلَّا (بكسر الهمزة وتشديد اللام) ـــ تۆۋەندىكى ئىككى مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: 1) استثناء ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿فَشَرِبُواْ مِنْهُ إِلَّا قَلِيلًا مِّنْهُمْ﴾④. 2) غير مەنىسىدە (يەنى صفة مەنىسىدە) كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿لَوْ كَانَ فِيهِمَآ ءَالِهَةٌ إِلَّا ٱللَّهُ لَفَسَدَتَا﴾⑤.

① 2- سۈرە بەقەرە 13- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 24- سۈرە نۇر 22- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 9- سۈرە تەۋبە 13- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 2- سۈرە بەقەرە 249- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑤ 21- سۈرە ئەنبىيا 22- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

اِلَى ــــ حرف جر بولۇپ، تۆۋەندىكى مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ: 1) مەلۇم ماكان ياكى زاماندا نىشانغا يېتىش مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿سُبۡحَٰنَ ٱلَّذِيٓ أَسۡرَىٰ بِعَبۡدِهِۦ لَيۡلٗا مِّنَ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ إِلَى ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡأَقۡصَا﴾① (مكان)، ﴿أَتِمُّواْ ٱلصِّيَامَ إِلَى ٱلَّيۡلِۚ﴾② (زمان). 2) بىلەن، ھەم، بىللە دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَلَا تَأۡكُلُوٓاْ أَمۡوَٰلَهُمۡ إِلَىٰٓ أَمۡوَٰلِكُمۡۚ﴾③. 3) لام بىلەن مەنىداش بولۇپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: اَلْاَمْرُ اِلَيْكَ. 4) قوشۇلۇش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿لَيَجۡمَعَنَّكُمۡ إِلَىٰ يَوۡمِ ٱلۡقِيَٰمَةِ﴾④. 5) عِنْدَ مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: كَلَامُهٗ اَشْهٰى اِلَيَّ مِنَ الرَّحِيْقِ.

اَمْ ــــ حرف عطف بولۇپ، بىر قانچە مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: 1) مُتَّصِلَة (اَمْنىڭ مابعدسى اَمْنىڭ ماقبلىسىگە بىر تۇتاش بولۇپ، همزة استفهام ئۇنىڭ ئالدىدا كەلگەن ھالەت) بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: أَزَيْدٌ عِنْدَكَ اَمْ عمرٌو. 2) منقطعة (بۇ متصلةنىڭ خىلاپىدا بولغان ھالەت) بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿أَمۡ جَعَلُواْ لِلَّهِ شُرَكَآءَ﴾⑤.

اَمَا (بفتح الهمزة وتخفيف الميم) ــــ «اَلَا» مەنىسىدە كېلىپ، كۆپىنچە بۇنىڭدىن كېيىن قَسَم بولىدۇ. مەسىلەن: اَمَا وَاللهِ لَوْ تَجِدِيْنَ وَجْدِى.

---

① 17- سۈرە بەنى ئىسرائىل 1- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 2- سۈرە بەقەرە 187- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 4- سۈرە نىسا 2- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 4- سۈرە نىسا 87- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑤ 13- سۈرە رەئد 16- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



اَمَّا (بفتح الهمزة وتشديد الميم) ــــ بىر قانچە مەنىدە كېلىدۇ: 1) شرط ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَأَمَّا ٱلَّذِينَ سُعِدُواْ فَفِي ٱلۡجَنَّةِ﴾①. 2) تفصيل ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: جَاءَنِى زَيْدٌ وَعَمْرٌو وَبَكْرٌ اَمَّا زيدٌ فَضَرَبْتُهٗ وَاَمَّا عَمْرٌو فَاَكْرَمْتُهٗ وَاَمَّا بَكْرٌ فَاَعْرَضْتُ عَنْهُ. بۇ چاغدا «امّا»نىڭ تەكرار كېلىشى زۆرۈردۇر. 3) بەزىدە سۆز باشلاش ئۈچۈن كېلىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭدىن تفصيل مەقسەت بولمايدۇ. مەسىلەن: اَمَّا بَعْدُ.

اِمَّا (بكسر الهمزة وتشديد الميم) ــــ بىر قانچە مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: 1) شك ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: جَآءَنِى اِمَّا زَيْدٌ واِمَّا عمرٌو. 2) تخيير ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿إِمَّآ أَن تُعَذِّبَ وَإِمَّآ أَن تَتَّخِذَ فِيهِمۡ حُسۡنٗا﴾②. 3) تفصيل ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿إِمَّا شَاكِرٗا وَإِمَّا كَفُورًا﴾③.

دىققەت: بەزى نحوى ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىدا، اِمَّا ــــ «اِنْ» ۋە «مَـا»دىن بىرىككەن بولۇپ، بەزىدە قىسقارتىلىپ «اِنْ» قېپقالىدۇ. مەسىلەن: اِنْ مِنْ ضَيْفٍ، يەنى اِمَّا مِنْ ضَيْفٍ.

اِنْ (بكسر الهمزة) ــــ بىر قانچە مەنىدە كېلىدۇ: 1) شرط ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿إِن يَنتَهُواْ يُغۡفَرۡ لَهُم﴾④. 2) نفى

---

① 11- سۈرە ھۇد 108- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 18- سۈرە كەھف 86- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 76- سۈرە ئىنسان 3- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 8- سۈرە ئەنفال 38- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇچـۇن كـېلىدۇ. مەسـىلەن: ﴿إِنِ ٱلْكَـٰفِرُونَ إِلَّا فِى غُرُورٍ﴾[1]. 3) انَّدىن يېنىكلىتىلگەن اِنْ بولۇپ كـېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَإِن كُلٌّ لَّمَّا جَمِيعٌ لَّدَيْنَا مُحْضَرُونَ﴾[2].

اَنْ (بفتح الهمزة) ـــــ بىـر قانچـە مـەنىدە ئىشلـىتىلىدۇ: 1) ناصب المضارع بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿أَلَمْ يَأْنِ لِلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَن تَخْشَعَ قُلُوبُهُمْ لِذِكْرِ ٱللَّهِ﴾[3]. 2) حرف مصدرية بولـۇپ كـېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَمَا كَانَ جَوَابَ قَوْمِهِۦٓ إِلَّآ أَن قَالُوٓاْ﴾[4]. 3) حرف زائد بولۇپ كېلىدۇ. مەسـىلەن: ﴿فَلَمَّآ أَن جَآءَ ٱلْبَشِيرُ﴾[5]. «اِنّ»، «اَنَّ» ئىككىسى ئون بىرىنچى دەرستە بايان قىلىنىپ بولغان.

اَنّـى (مفتوحة ۋە مشدَّدَة مقصورة) ـــــ ظرف كلمەسى بولۇپ، استفهام ئۇچۇن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿يَـٰمَرْيَمُ أَنَّىٰ لَكِ هَـٰذَا﴾[6].

اَوْ (بالفتح و التخفيف) ـــــ حرف عطف بولۇپ، «ياكى» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. خبردە شەكنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ﴿لَبِثْنَا يَوْمًا أَوْ بَعْضَ يَوْمٍ﴾[7]. انشاءدا تخييرنى بىلدۈرىدۇ. مەسـىلەن: تَزَوَّجْ هِنْدًا اَوْ اُخْتَهَا.

① 67- سۈرە مۇلك 20- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 36- سۈرە ياسىن 32- ئايەت.
③ 57- سۈرە ھەدىد 16- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 7- سۈرە ئەئراف 82- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑤ 12- سۈرە يۇسۇف 96- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑥ 3- سۈرە ئال ئىمران 37- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑦ 18- سۈرە لوقمان 19- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



مۇھىم نۇقتا: بىـر كـەلىمىنى يەنـە بىـر كەلىمىگـە اَوْ بىلـەن عطف قىلىش توغرا كەلسە، معطوف عليەنىڭ بېشىغا «اِمَّـا»نـى ئەكېلىشكە بولىدۇ، مەسىلەن: جَآءَنِيْ اِمَّا زيدٌ اَوْ عَمْرٌو.

اِيْ (بكسر الهمزة وسكون الياء) ـــــ جـاۋاب ھەرپـى بولـۇپ، متكلمنىڭ سۆزىنى تەستىقلاش ئۇچۇن قسم ھەرپى بىلەن بىرگە كېلىدۇ. مەسىلەن: اِيْ وَاللهِ.

اَىْ (بفتح الهمزة وسكون الياء) ـــــ بەزىدە نداء ئۇچۇن كېلىدۇ. مەسىلەن: اَىْ زَيْدٌ. بـەزىدە تفسير ئۇچـۇن كـېلىدۇ. مەسـىلەن: عِنْدِى عَسْجَدٌ اَىْ ذَهَبٌ.

اَيَا ـــــ نداء ھەرپىدۇر. مەسىلەن: اَيَا مَنَازِلَ سَلْمٰى اَيْنَ سَلْمَاكِ.

الباء (ب) ـــــ بىر قانچە مـەنىدە ئىشلـىتىلىدۇ: 1) اِلصـاق (چاپلاشتۇرۇش) مەنىسىدە كـېلىدۇ. مەسـىلەن: مَرَرْتُ بزيدٍ. 2) استعانة (ياردەم) مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسـىلەن: كَتَبْتُ بـالقلمِ. 3) سـەۋەب مەنىسـىدە كـېلىدۇ. مەسـىلەن: ﴿إِنَّكُمْ ظَلَمْتُمْ أَنفُسَكُم بِٱتِّخَاذِكُمُ ٱلْعِجْلَ﴾[1]. 4) مصاحبة (ھەمراھلىق) مەنىسـىدە كـېلىدۇ. مەسـىلەن: خَرَجَ زيدٌ بِعَشِيْرَتِهِ. 5) مقابلة (ئالماشـتۇرۇش) مەنىسىدە كـېلىدۇ. مەسـىلەن: بِعْتُ الْفَرَسَ بِمِائَةِ دِيْنَارٍ. 6) تعدية (فعل لازمنى فعل متعدىگە ئايلاندۇرۇش) ئۇچۇن كېلىدۇ. مەسـىلەن: ذهبتُ بزيدٍ. 7) ظرفية (شيء ئىچىـدە بولىدىغانلىقنى بىلـدۈرۈش) ئۇچۇن كېلىدۇ. مەسىلەن: جلستُ بِالْمَسْجِدِ. 8) مِنْ مەنىسىدە كېـ-

① 2- سۈرە بەقەرە 54- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ـلىدۇ. مەسىلەن: ﴿عَيۡنٗا يَشۡرَبُ بِهَا ٱلۡمُقَرَّبُونَ﴾①. 9) قسم مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: بِاللهِ لَأَفْعَلَنَّ كَذَا. 10) زائد بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ليس زيدٌ بِشَاعِرٍ.

بَلْ ـــ باشتىكى نەرسىدىن يۈز ئۆرۈپ كېيىنكى نەرسىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: جَآءَ زيدٌ بَلْ عمرٌو (بَلْ جَآءَنِي عمرٌو).

بَلَى ـــ جاۋاب ھەرپى بولۇپ، مخاطبنىڭ سۆزىگە ئىنكار قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ، بۇ ئىككى خىل: 1) سۆز استفهامدىن خالىي بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿زَعَمَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ أَن لَّن يُبۡعَثُواْۚ قُلۡ بَلَىٰ﴾②. 2) سۆز استفهاملىق بولىدۇ. مەيلى ئۇ استفهام حقيقى بولسۇن، اليس زيدٌ بقائمٍ دېيىلسە، بۇنىڭ جاۋابىدا بىرسى «بَلٰى» دېگەندەك. مەيلى ئۇ مالامەت قىلىش بولسۇن. مەسىلەن: ﴿أَمۡ يَحۡسَبُونَ أَنَّا لَا نَسۡمَعُ سِرَّهُمۡ وَنَجۡوَىٰهُمۚ بَلَىٰ﴾③.

**حرف التاء (ت)** ـــ بىر قانچە مەنىدە كېلىدۇ: 1) قسم مەنىسىدە كېلىدۇ. بۇ چاغدا «اَللهُ» دېگەن لفظگىلا خاس بولىدۇ. مەسىلەن: تَاللهِ. 2) اسمنىڭ ئاخىرىدا خطاب ھەرپى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: اَنْتَ ۋە اَنْتِ. 3) فعلنىڭ ئاخىرىدا ضمير بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ضَرَبْتَ، ضَرَبْتِ، ضَرَبْتُ.

---

① 83- سۈرە مۇتەففىفىن 28- ئايەت.

② 64- سۈرە تەغابۇن 7- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ 43- سۈرە زۇخرۇف 80- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



ثُمَّ (بضم الثاء) ـــ عطف ھەرپى بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى نەرسە معطوفٌ عليەنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. بۇ ئۈچ خىل مەنىدە كېلىدۇ: 1) اشتراك. 2) ترتيب. 3) مهلة. مەسىلەن: جَآءَنِى زيدٌ ثُمَّ عمرٌو.

ثَمَّ (بفتح الثاء) ـــ ظرف بولۇپ، يىراق جايغا ئىشارەت قىلغاننى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَأَزۡلَفۡنَا ثَمَّ ٱلۡأٓخَرِينَ﴾①.

**حرف الجيم: جَيَر** ـــ جاۋاب ھەرپى بولۇپ، متكلمنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، نَعَمْگە ئوخشاش ئىشلىتىلىدۇ.

**حرف الحاء: حَاشَا** ـــ ئۈچ خىل ئىشلىتىلىدۇ: 1) حرف جار بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا استثناء مەنىسىدە بولىدۇ. مەسىلەن: جَآءَ الْقَوْمُ حَاشَا زيدٍ. 2) فعل بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا بۇنىڭ فاعلى يوشۇرۇن ضمير بولىدۇ. مەسىلەن: رأيتُ النَّاسَ مَاحَاشَا قُرَيْشًا. 3) اسم بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا پاكلاش مەنىسىدە بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿حَٰشَ لِلَّهِ مَا عَلِمۡنَا عَلَيۡهِ مِن سُوٓءٖۚ﴾②.

حَتّى ـــ بىر قانچە مەنىدە كېلىدۇ: 1) مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: نُمْتُ الْبَارِحَةَ حَتّى الصَّبَاحِ. 2) بىللە مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: مَاتَ النَّاسُ حَتَّى الْاَنْبِيَاءُ. 3) كَيْ مەنىسىدە كېلىپ، مضارعنى نصب قىلىدۇ (اَنْنَىڭ تقديرى بىلەن). مەسىلەن: اَسْلَمْتُ حَتّى اَدْخُلَ الْجَنَّةَ.

**حرف الخاء: خَلَا** ـــ ئىككى خىل ئىشلىتىلىدۇ: 1) حرف جار بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا استثناء مەنىسىدە بولىدۇ. مەسـ

---

① 26- سۈرە شۇئەرا 64- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② 12- سۈرە يۈسۈف 51- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ـلەن: جَآءَ القومُ خَلَا زَيْدٍ. 2) فعــل بولـۇپ كـېلىدۇ. بـۇ چاغدا مفعولنى نصب قىلىدۇ. مەسىلەن:

اَلَا كُلُّ شَيءٍ مَا خَلَا اللهَ بَاطِلُ.

رُبَّ ـــ حرف جــر بولـۇپ، ھـەر دائـم كـالامنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. ئۇ جر قىلىدىغان اسم كۆپىنچە صفةلەنگۈچى ئېنىقسىز ھالەتتىكى اسم بولىدۇ. بۇ ھەرپ كۆپ ساناش ۋە ئاز ساناشتىن ئىبارەت ئىككى خىل مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: رُبَّ رَجُـلٍ كريمٍ لَقِيْتُهُ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئەمەلدىن توسقۇچى «مَـا» قوشۇلۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئەملى بىكار بولىدۇ. ئۇ چاغدا كۆپىنچە يەڭگىل ئۇقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿رُّبَمَا يَوَدُّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ﴾①.

السين ـــ مضارعغا داخىل بولۇپ، مضارعنى يېقىن كەلگۈسى مەنىگە خاسلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن: ﴿فَسَيَكۡفِيكَهُمُ ٱللَّهُۚ﴾②.

سَوْفَ ـــ مضارعغا داخىل بولۇپ، مضارعنى يىراق كەلـگۈسى مەنىگە خاسلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن: ﴿فَسَوۡفَ يُغۡنِيكُمُ ٱللَّهُ﴾③. بەزىدە بۇنىڭغا تاكىدنىڭ «لام»ىمۇ داخىل بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَلَسَوۡفَ يُعۡطِيكَ رَبُّكَ فَتَرۡضَىٰٓ﴾④.

عَدَا ـــ حرف جر بولۇپ، بۇنىڭ مجروری مستثنىنىڭ ھۆكـمىدە بولىدۇ. مەسىلەن: جَآءَنِى الْقَوْمُ عَدَا زَيْدٍ.

① 15- سۈرە ھجر 2- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 2- سۈرە بەقەرە 137- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 9- سۈرە تەۋبە 28- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 93- سۈرە زۇھا 5- ئايەت.



عَلى ـــ بىر قانچە مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: 1) استعلاء (ئۈستىدە بولۇش) ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَعَلَى ٱلۡفُلۡكِ تُحۡمَلُونَ﴾①. 2) ضرر ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿عَلَيۡهَا مَا ٱكۡتَسَبَتۡۗ﴾②. 3) شرط ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: اِصْفَحْ عَنْ زَلَّاتِكَ الْمَاضِيَةِ عَلى اَنْ تُصْلِحَ اَعْمَالَكَ الْآتِيَةَ. 4) سەۋەبنى بايان قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَلِتُكَبِّرُواْ ٱللَّهَ عَلَىٰ مَا هَدَىٰكُمۡ﴾③. 5) لٰكن مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: فلانٌ جَهَنَّمِيٌّ عَلى اَنَّهُ لَا يَيْأَسُ مِنْ رَحْمَةِ اللهِ. 6) فى مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَدَخَلَ ٱلۡمَدِينَةَ عَلَىٰ حِينِ غَفۡلَةٖ﴾④. 7) مِـنْ مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَيۡلٞ لِّلۡمُطَفِّفِينَ ۝١ ٱلَّذِينَ إِذَا ٱكۡتَالُواْ عَلَى ٱلنَّاسِ يَسۡتَوۡفُونَ﴾⑤.

دىققەت: ئەگەر عَلىدىن ئىلگىرى مِنْ كەلسە عَلى ـــ اسم بولىدۇ. مەسىلەن: نَزَلْتُ مِنْ عَلَى الْفَرَسِ، يەنى مِنْ فوق الْفَرَسِ.

عَنْ ـــ بىر قانچە مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: 1) ھالقىتىۋېتىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: رَمَيْتُ السَّهْمَ عَنِ الْقَوْسِ. 2) سەۋەبنى بايان قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿مَا يَنطِقُ عَنِ ٱلۡهَوَىٰٓ﴾⑥. 3) ئالمىشىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَٱتَّقُواْ يَوۡمٗا لَّا تَجۡزِى

① 23- سۈرە مۇئمىنۇن 22- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 2- سۈرە بەقەرە 286- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 22- سۈرە ھەج 37- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 28- سۈرە قەسەس 15- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑤ 83- سۈرە مۇتەففىفىن 1- ۋە 2- ئايەت.
⑥ 53- سۈرە نەجم 3- ئايەت.

﴿نَفْسٌ عَن نَّفْسٍ شَيْـًٔا﴾①. 4) مِنْ مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَهُوَ ٱلَّذِى يَقْبَلُ ٱلتَّوْبَةَ عَنْ عِبَادِهِۦ﴾②.

**دىققەت:** ئەگەر «عَنْ»دىن ئىلگىرى «مِنْ» كەلسە «عَنْ» اسم بولىدۇ. مەسىلەن: جَلَسَ زيدٌ مِنْ عَنْ يَمِيْنِي، يەنى مِنْ جانب يَمِيْنِي.

**غيْر** ـــ اضافەتتىن ئايرىلالمايدىغان اسىمدۇر. لېكىن، ئۇستۈندىكى ئىبارەتتىن مەنە ئېنىق فهم ئېتىلسە، بۇنىڭ مضاف اليەسىنى لفظدىن حذف قىلىۋېتىش جائىز. مەسىلەن: لَا غَيْر، لَيْسَ غَيْر.

**حرف الفاء:** «ف» ـــ ئۈچ خىل ئىشلىتىلىدۇ: 1) ترتيب مەقسەت بولسا، عاطفة بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: جَآءَ زيدٌ فعمرٌو. 2) تعقيب ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: دَخَلْتُ الْبَصْرَةَ فَبَغْدَادَ. 3) شەرطنىڭ جاۋابى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: اِنْ جِئْتَنِيْ فَاُكْرِمُكَ.

**فى** ـــ بىر قانچە مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: 1) ظرفية ئۈچۈن كېلىدۇ. مەيلى ئۇ حقيقةً بولسۇن. مەسىلەن: الماء فى الكوز. مەيلى ئۇ مجازًا بولسۇن. مەسىلەن: ﴿وَلَكُمْ فِى ٱلْقِصَاصِ حَيَوٰةٌ﴾③. 2) مصاحبة مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿فَخَرَجَ عَلَىٰ قَوْمِهِۦ فِى زِينَتِهِۦ﴾④. 3) سەۋەبنى بايان قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن:

① 2- سۈرە بەقەرە 48- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 42- سۈرە شۇرا 25- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 2- سۈرە بەقەرە 179- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 28- سۈرە قەسەس 79- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



﴿فَذَٰلِكُنَّ ٱلَّذِى لُمْتُنَّنِى فِيهِ﴾①. 4) استعلاء ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَلَأُصَلِّبَنَّكُمْ فِى جُذُوعِ ٱلنَّخْلِ﴾②. 5) مفضول سابق بىلەن فاضل لاحقنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن بولسا، سېلىشتۇرۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ﴿فَمَا مَتَٰعُ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا فِى ٱلْـَٔاخِرَةِ إِلَّا قَلِيلٌ﴾③. 6) اِلَى‌غا مەنىداش بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿فَرَدُّوٓا۟ أَيْدِيَهُمْ فِىٓ أَفْوَٰهِهِمْ﴾④.

**حرف القاف:** **قَدْ** ـــ تۆت خىل ئىشلىتىلىدۇ: 1) ماضىنىڭ ئالدىدا كەلسە، ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەرپى بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿قَدْ أَفْلَحَ مَن زَكَّىٰهَا﴾⑤. 2) مضارعنىڭ ئالدىدا كەلسە، ئاز ساناشنى بىلدۈرىدىغان ھەرپ بولىدۇ. مەسىلەن: قَدْ يَصْدُقُ الْكَذُوْبُ. 3) حَسْبُ مەنىسىدىكى اسم. مەسىلەن: قَدْ زَيْدٍ دِرْهَمٌ. 4) يَكْتَفِي مەنىسىدىكى اسم فعل بولىدۇ. مەسىلەن: قَدْ زَيْدًا دِرْهَمٌ.

**قط** ـــ ئىككى خىل مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: 1) ماضىنىڭ ئىنكارىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ظرف زمان بولۇپ كېلىدۇ ھەمدە ماضى ۋە مضارع ئىككىلىسىگە داخىل بولىدۇ. مەسىلەن: مَا فَعَلْتُهُ قَطُّ. مَا اَفْعَلُهُ قَطُّ. 2) فَقَطْ مەنىسىدە كېلىدۇ. بۇ چاغدا

① 12- سۈرە يۇسۇپ 32- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 20- سۈرە تاھا 71- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 9- سۈرە تەۋبە 38- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 14- سۈرە ئىبراھىم 9- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑤ 91- سۈرە شەمس 9- ئايەت.

www.uyghurkitap.com



«ط» ساكىن بولۇپ، كۆپىنچە باش تەرىپىدە «ف» كېلىدۇ. مەسىلەن: قَامَ زيدٌ فَقَطْ (يەنى «ف» شرط محذوفنىڭ جاۋابى بولۇپ، قط اسم فعل (انْتَه) دېگەن بولىدۇ).

**الكاف** ــــ حرف جار بولۇپ، تۆت مەنىدە كېلىدۇ: 1) تَشْبِيه ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: زَيْدٌ كَالْأَسَدِ. 2) بىر جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى باشقا بىر جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشىتىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿ٱجۡعَل لَّنَآ إِلَٰهٗا كَمَا لَهُمۡ ءَالِهَةٞ﴾①. 3) زائدة بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿لَيۡسَ كَمِثۡلِهِۦ شَيۡءٞ﴾②. 4) مِثْل مەنىسىدە كېلىدۇ. بۇ چاغدا اسم بولىدۇ. مەسىلەن:

يَضْحَكْنَ عَنْ كَالْبَرَدِ الْمُنْهَمِّ.

حرف جر ئەمەس «ك» ئىككى قىسىم: 1) (اسم) ضمير منصوب ۋە ضمير مجرور. مەسىلەن: ﴿مَا وَدَّعَكَ رَبُّكَ﴾③. 2) اسم اشارةۋە ضمير منصوب منفصلنىڭ ئاخىرىدا كەلسە ھەرپ بولىدۇ. مەسىلەن: ذٰلِكَ وَإِيَّاكَ.

**كَذَا** ــــ كناية ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: فَعَلْتُ كَذَا، رَأَيْتُ بِمَكَانٍ كَذَا.

**كَلَّا** ــــ توسۇش ھەرپىدۇر. مەسىلەن: ﴿كَلَّا سَوۡفَ تَعۡلَمُونَ﴾④.

---

① 7- سۈرە ئەئراف 138- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 42- سۈرە شۇرا 11- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 93- سۈرە زۇھا 3- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 102- سۈرە تەكاسۇر 4- ئايەت.



**كِلَا ۋە كِلْتَا** ــــ ئىككى ھەرپ لفظدە مفرد، معنىدە تثنية بولۇپ، ھەر دائم معرفة ياكى خاسلاشقان نكرةگە مضاف بولۇپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: كِلَا الرَّجُلَيْنِ، ﴿كِلۡتَا ٱلۡجَنَّتَيۡنِ﴾①.

**كُلَّمَا** ــــ شرط تەكرارلانغاندا، ئىش ـ ھەرىكەتنىڭمۇ تەكـرارلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ﴿كُلَّمَآ أَضَآءَ لَهُم مَّشَوۡاْ فِيهِ﴾②.

**كَيْفَ** ــــ ئىككى مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: 1) شرط ئۈچۈن كېلىدۇ. بۇ چاغدا بۇنىڭدىن كېيىن لفظًا ۋە معنًى ئىتتىپاق كەلگەن ئىككى فعلنىڭ كېلىشى زۆرۈر. مەسىلەن: كيف تصنع اصنع. 2) استفهام بولۇپ كېلىدۇ. بەزىدە اسمغا كېلىدۇ. مەسىلەن: كيف انت. بەزىدە فعلغا كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿كَيۡفَ تَكۡفُرُونَ بِٱللَّهِ﴾③.

**لام** ــــ ئۈچ قىسىم: عامل جر، عامل جزم، غير عامل.

**لام جارة** ــــ اسمغا كەلسە كسرلىك بولىدۇ. مەسىلەن: لِزَيْدٍ. مستغاثقا كەلسە مفتوح بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىغا ياءنىڭ كېلىشى زۆرۈر. مەسىلەن: يَا لَزَيْدٍ. اسم ضمير كەلسىمۇ مفتوح بولىدۇ. مەسىلەن: لَنَا، لَكُمْ. لېكىن، واحد متكلمدە مكسور بولىدۇ. مەسىلەن: لِيْ.

**لام جارة** بىر قانچە مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ: 1) اختصاص ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ. 2) سببية ئۈچۈن كېلىدۇ.

---

① 18- سۈرە كەھف 33- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 2- سۈرە بەقەرە 20- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 2- سۈرە بەقەرە 28- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەسلەن: ضَرَبْتُ زَيْدًا للتأديبِ. 3) چىسلانى بىلدۇرۇش ئۇچۇن كېلىدۇ. مەسلەن: مات زيد لثلث قين من شهر رمضان. 4) تەئەججۇبنى پەيدا قىلىش ئۇچۇن كېلىدۇ. مەسلەن: لِلّٰهِ دَرُّكَ. 5) مەنپەئەتنىڭ قولغا كېلىشى ئۇچۇن كېلىدۇ. مەسلەن: ﴿لَهَا مَا كَسَبَتْ﴾①.

**لام جازمة** ـــــ مضارع غائبنىڭ ئالدىغا كېلىپ مضارعنى جزم قىلىپ، تەلەپ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسلەن: لِيَضْرِبْ. «ف» ۋە «واو»دىن كېيىن بۇ لام كۆپىنچە ساكىن بولىدۇ. مەسلەن: ﴿فَلْيَسْتَجِيبُوا۟ لِى وَلْيُؤْمِنُوا۟ بِى﴾②.

**لام غير عاملة** بىر قانچە قىسىم: 1) جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى تەكىتلەش ئۇچۇن كەلگەن لام ابتداء. مەسلەن: ﴿لَأَنتُمْ أَشَدُّ رَهْبَةً﴾③. 2) لام زائدة. مەسلەن: اَلَا اِنَّهُمْ لَيَأْكُلُوْنَ الطَّعَامَ. 3) لَوْ، لَوْلَا ۋە قسم قاتارلىقلارنىڭ جاۋابى بولۇپ كېلىدۇ. مەسلەن: ﴿لَوْ تَزَيَّلُوا۟ لَعَذَّبْنَا﴾④. ﴿وَلَوْلَا دَفْعُ ٱللَّهِ ٱلنَّاسَ بَعْضَهُم بِبَعْضٍ لَّفَسَدَتِ ٱلْأَرْضُ﴾⑤. ﴿تَٱللَّهِ لَقَدْ ءَاثَرَكَ ٱللَّهُ عَلَيْنَا﴾⑥.

**لَا** ـــــ ئۈچ قىسىم: **لا نافية، لا نهى، لا زائدة.**

① 2- سۈرە بەقەرە 286- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 2- سۈرە بەقەرە 186- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 59- سۈرە ھەشر 13- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 48- سۈرە فەتھ 25- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑤ 2- سۈرە بەقەرە 251- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑥ 12- سۈرە يۈسۈف 91- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



**لا نافية** ـــــ بەزىدە جىنسنى يوق قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسلەن: ﴿لَا رَيْبَ فِيهِ﴾①. بەزىدە لَيْسَ مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسلەن: لَا رَجُلَ قَائِمًا.

**لا نهى** ـــــ مضارعنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. مەسلەن: لَا يَضْرِبْ.

**لا زائدة** ـــــ تأكيد ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسلەن: ﴿لِئَلَّا يَعْلَمَ أَهْلُ ٱلْكِتَٰبِ﴾②.

**لٰكِنْ** ـــــ 1) نون ساكىن ئوقۇلغاندا ھېچقانداق ئەمەل قىلمايدۇ. مەسلەن: ﴿وَلَٰكِن كَانُوا۟ هُمُ ٱلظَّٰلِمِينَ﴾③. 2) بۇنىڭدىن ئىلگىرى نفى ياكى نهىنىڭ بولۇشى زۆرۈر. مەسلەن: مَاجَآءَنِى زَيْدٌ لٰكِنْ عَمْرٌو. لَا يَقُمْ زَيْدٌ لٰكِنْ عَمْرٌو.

**لَمْ** ـــــ مضارعنى جزم قىلىدۇ. مەسلەن: لَمْ يَضْرِبْ.

**لَمَّا** ـــــ 1) مضارعنى جزم قىلىدۇ. مەسلەن: لَمَّا يَضْرِبْ. 2) حِيْنَ ۋە اِذْ مەنىسىدە كېلىدۇ. بۇ چاغدا ماضىغىلا كېلىپ، ئىككى جۈملىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسلەن: لَمَّا جَآءَ زَيْدٌ اَكْرَمْتُهُ. 3) حرف استثناء بولۇپ كېلىدۇ. مەسلەن: ﴿إِن كُلُّ نَفْسٍ لَّمَّا عَلَيْهَا حَافِظٌ﴾④.

**لَنْ** ـــــ مضارعنى نصب قىلىدۇ. مەسلەن: لَنْ يَضْرِبَ.

**لو** ـــــ 1) حرف شرط بولۇپ، ئىككى جۈملىگە داخىل بولىدۇ. مەسلەن: ﴿لَوْ كَانَ فِيهِمَآ ءَالِهَةٌ إِلَّا ٱللَّهُ لَفَسَدَتَا﴾⑤. 2) حرف

① 2- سۈرە بەقەرە 2- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 57- سۈرە ھەدىد 29- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 43- سۈرە زۇخرۇف 76- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 86- سۈرە تارىق 4- ئايەت.
⑤ 21- سۈرە ئەنبىيا 22- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تَمَنِّى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿لَوۡ أَنَّ لَنَا كَرَّةً﴾①. 3) اَنْ نىڭ ئورنىدا مصدرى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: وَدَدْتُ لَوْ قَامَ زيدٌ، يەنى قيامه. 4) عرض بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: لَوْ تَنَزَّلُ عِنْدَنَا فَتُصِيْبُ خَيْرًا.

لولَا ـــ 1) شرط بولۇپ، ئىككى جۈملىگە داخىل بولىدۇ. مەسىلەن: لَوْلَا عَلِيٌّ لَهَلَكَ عُمَرُ. 2) حرف تحضيض بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿لَوۡلَا تَسۡتَغۡفِرُونَ ٱللَّهَ﴾②. 3) توبيخ ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿لَّوۡلَا جَآءُو عَلَيۡهِ بِأَرۡبَعَةِ شُهَدَآءَ﴾③.

لَوْمَا ـــ لَوْلَا مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿لَّوۡ مَا تَأۡتِينَا بِٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ﴾④.

مَا ـــ ئىككى قىسىم: اسمية ۋە حرفية. اسمية كۆپىنچە تۆۋەندىكى ئۈچ خىل مەنىدە كېلىدۇ: 1) موصولة بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿مَا عِندَكُمۡ يَنفَدُ ۖ وَمَا عِندَ ٱللَّهِ بَاقٍ ۗ﴾⑤. 2) موصوفة بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: رُبَمَا تَكْرَهُ النُّفُوس عن الامر لَهُ فرجة كحلّ العقال. 3) شرطيّة ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَمَا تَفۡعَلُواْ مِنۡ خَيۡرٍ يَعۡلَمۡهُ ٱللَّهُ ۗ﴾⑥.

ما حرفيةمۇ ئۈچ خىل: 1) نافية بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿مَا هَٰذَا بَشَرًا﴾⑦. 2) كافّة بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿أَنَّمَآ

---

① 2- سۈرە بەقەرە 167- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 27- سۈرە نەمل 46- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 24- سۈرە نۇر 13- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 15- سۈرە ھىجر 7- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑤ 16- سۈرە نەھل 96- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑥ 2- سۈرە بەقەرە 197- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑦ 12- سۈرە يۈسۈپ 31- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



إِلَٰهُكُمۡ إِلَٰهٌ وَٰحِدٌ﴾①. 3) مَادَامَ مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: اَقُوْمُ مَا جَلَسَ الْاَمِيْرُ.

مَنْ ـــ تۆت مەنىدە كېلىدۇ: 1) شرطية ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿مَن يَعۡمَلۡ سُوٓءًا يُجۡزَ بِهِۦ﴾②. 2) استفهامية ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿مَنۢ بَعَثَنَا مِن مَّرۡقَدِنَا ۜ﴾③. 3) نكرة موصوفة بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: مَرَرْتُ بِمَنْ معجب لَكَ. 4) موصولة بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿أَلَمۡ تَرَ أَنَّ ٱللَّهَ يَسۡجُدُ لَهُۥ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَن فِي ٱلۡأَرۡضِ﴾④.

مِنْ ـــ 1) ابتدائية ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: سِرْتُ مِنَ الْاَبَادِ اِلٰى باكستانَ. 2) بعضيّة ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: قَطَفْتُ مِنَ الْاَثْمَارِ. 3) سببيّة ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: لَا اَسْتَطِيْعُ الْحَرْكَةَ مِنَ الضَّعْفِ. 4) بيانية ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿فَٱجۡتَنِبُواْ ٱلرِّجۡسَ مِنَ ٱلۡأَوۡثَٰنِ﴾⑤. 5) بدل بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿أَرَضِيتُم بِٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا مِنَ ٱلۡأٓخِرَةِ ۚ﴾⑥. 6) ئىككى ضد نەرسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ ٱلۡمُفۡسِدَ مِنَ ٱلۡمُصۡلِحِ ۚ﴾⑦.

---

① 18- سۈرە كەھف 110- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 4- سۈرە نىسا 123- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 36- سۈرە ياسىن 52- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 22- سۈرە ھەج 18- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑤ 22- سۈرە ھەج 30- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑥ 9- سۈرە تەۋبە 38- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑦ 2- سۈرە بەقەرە 220- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**نـون ــــ** 1) تأكيد ئۈچۈن كېلىدۇ. ئۇ، خفيفةمۇ، ثقيلـةمۇ بولىدۇ. بۇ چاغدا فعلغىلا خاس بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿لَيَكُوْنَنْ مِّنَ ٱلصَّـٰغِرِينَ﴾[①]. ﴿وَلَا تَحۡسَبَنَّ ٱللَّهَ غَـٰفِلاً﴾[②]. بۇ نون تـأكيد ــــ ماضىغا كەلمەيدۇ. 2) تنوين بولۇپ كېلىدۇ. ئۇ اسمنىڭ ئاخىـرىدىن ئورۇن ئېلىپ، يېزىقتا يېزىلمايدۇ، لفـظدە ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: كِتَابٌ، دَارٌ.

**حرف الواو ــــ** 1) عطف ئۈچۈن كېلىدۇ. 2) حـال ئۈچۈن كېلىدۇ. 3) مَعَ مەنىسىدە كېلىدۇ. 4) قسم مەنىسىدە كېلىدۇ. 5) ضمير بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: قـامُوا. 6) ئايرىش ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: عَمْرونىڭ واوسى (واو بىلەن كەلسە عَمْرو، واوسىز كەلسە عُمَر). 7) إِلَّادىن كېيىن زائـدة بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ما من احدٍ إِلَّا وله طمعٌ اوحسدٌ.

**حرف الهاء ــــ** 1) غائب ئۈچۈن ضمير بولۇپ كېلىدۇ. 2) سكتەدە ساكىن بولۇپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿مَا هِيَهۡ﴾[③].

**حرف الياء ــــ** 1) مؤنـث ئۈچۈن ضـمير بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: تَقُوْمِيْنَ، قُوْمِي. 2) متكلم ئۈچۈن ضمير بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: كِتَابِي.

---

① 12- سۈرە يۈسۈف 32- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 14- سۈرە ئىبراھىم 42- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 101- سۈرە قارىئە 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## 6 - قىسىم

# مختصر تلخيص المفتاح

﴿إِنَّآ أَنزَلۡنَـٰهُ قُرۡءَٰنًا عَرَبِيًّا لَّعَلَّكُمۡ تَعۡقِلُونَ﴾

﴿سىلەرنى (ئۇنىڭ مەنىسىنى) چۈشەنسۇن دەپ، بىز ئۇنى ھەقىقەتەن ئەرەبچە قۇرئان قىلدۇق﴾

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿سُبۡحَـٰنَكَ لَا عِلۡمَ لَنَآ إِلَّا مَا عَلَّمۡتَنَآۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَلِيمُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٣٢﴾﴾

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ وَالصَّلٰوةُ وَالسَّلَامُ عَلٰى سَيِّدِ الْمُرْسَلِيْنَ وَعَلٰى اٰلِهٖ وَاَصْحَابِهٖ وَاَتْبَاعِهٖ اَجْمَعِيْنَ. اَمَّا بَعْدُ:

«قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆئجىزە ئىكەنلىكىنىڭ بىر ئالامىتى ئۇنىڭدىكى بالاغەتنىڭ كامالەتكە يېتىپ كەتكەنلىكىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بالاغەت ئىلمىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىگە يېتىش ئىنتايىن زۆرۈر.

ئوقۇغۇچىلار بالاغەت ئىلمى دەرسلىكى — «تلخيص المفتاح»نى بىلەلىگۈدەك ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ بولغىچە، نۆۋەتتىكى دەرسلىكلەردە بالاغەت ئىلمى ئىستىلاھىغا مۇھتاج بولۇپلا تۇرىدۇ. ئۇستازلىرىمۇ بۇنى ئوقۇغۇچىلارغا چۈشەندۈرۈشتە بىر ئاز قىينىلىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، اللّٰهنىڭ ئىلھامى ۋە ياردىمى بىلەن «تلخيص المفتاح»نىڭ بىر ئاددىيلاشتۇرما دەرسلىكىنى تۈزۈپ چىقتىم ھەمدە ئۇنىڭغا «مختصر تلخيص المفتاح» دەپ ئىسىم قويدۇم. چۈنكى، ئۇ ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ مەشھۇر دەرسلىكىمىز «تلخيص المفتاح»نىڭ قىسقارتىلمىسىدۇر.



بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ

# مقدمة[1]: فصاحة ۋە بلاغة توغرىسىدا ئۇقۇم

**فصاحة** — لۇغەت مەنىسىدە، تىل چىقماق ۋە ئاشكارا بولماق دېگەنلىكتۇر. ئىستىلاھى مەنىسى كلمةدە، كلامدا ۋە متكلمدە ئايرىم-ئايرىمدۇر.

**فصاحةلىك كلمة** — تَنَافُر حروف، غرابة ۋە مخالفة قياس لغوى قاتارلىق ئۈچ نەرسىدىن خالىي بولغان كەلىمىدۇر.

**تنافر حروف** — تەلەپپۇز قىلىش قىيىنراق بولغان كەلىمىدۇر. بۇنىڭ مىسالى شائىر إمرأ القيسنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

غَدَائِرُهٗ مُسْتَشْزِرَاتٌ اِلَى الْعُلٰى * تَضِلُّ الْعِقَاصُ فِىْ مُثَنًّى وَمُرْسَلٖ[2]

---

① مقدمة ئىككى خىل: بىرى، مُقَدِّمَةُ الْعِلْمِ، يەنە بىرى، مقدمة الكتاب.
مقدمة العلم — كۆزلىنىۋاتقان ئاساسىي مەقسەتنى چۈشىنىش ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم قائىدىلەرنى چۈشىنىشكە قاراشلىق بولغان زۆرۈرىي ئىلىمدۇر.
مقدمة الكتاب — كۆزلىنىۋاتقان ئاساسىي مەقسەتكە ئالدىن ئۇچۇر بېرىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىلىمدۇر.
بىزنىڭ بۇ يەردە كەلتۈرگىنىمىز بولسا، مقدمة الكتابتۇر.

② غَدَائِرُهٗ: بۇنىڭدىكى ضمير چاچنى كۆرسىتىدۇ. مُسْتَشْزِرَاتٌ: كۆتۈرۈلگۈچى. تَضِلُّ: غايىپ بولىدۇ، كۆرۈنمەيدۇ. اَلْعِقَاص: چوقچايتىلغان چاچ. مُثَنًّى: ئۆرۈمە چاچ. مُرْسَل: قويۇپ بېرىلگەن چاچ.

مەزكۇر شېئىردىكى «مُسْتَشْزِرَاتٌ»دا تنافر حروفنىڭ بارلىقىغا ساغلام تەبىئەتلىك تىلغا ئىگە ھەر قانداق كىشى گۇۋاھلىق بەرمەي قالمايدۇ①.

**غرابة** ـــ ئىشلىتىلىشى كەم ئۇچرايدىغان كەلىمىدۇر. بۇنىڭ مىسالى شائىر ابن العجّاجنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

وَمُقْلَةً وَحَاجِبًا مُزَجَّجَا * وَفَاحِمًا وَمِرْسَنًا مُسَرَّجَا②

بۇ شېئىردىكى «مُسَرَّج»دە غرابة بار. چۈنكى، «مُسَرَّج» مشتقّ سۆز، ھەر قانداق مشتقّ سۆزنىڭ مشتقّ منەسى بولۇش زۆرۈردۇر. لۇغەت كىتابلىرىدا ئۇنىڭ مشتقّ منەسىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. دېمەك، بۇ ئىنچىكە ۋە تۈزلۈكتە سُرَيْجِى دېگەن ئادەمنىڭ قىلىچىغا ئوخشاش دېگەنلىكمۇ ياكى نۇر چېچىشتا سىراج (چىراغ)قا ئوخشاش دېگەنلىكمۇ؟ بىلگىلى بولمايدۇ. بۇ لفظنى بىر شائىر بۇرۇننى مەدھىيىلەشكە ئىشلەتكەن. ئۇ كۆپ ئۇچرىمايدىغان ياۋايى سۆز بولغاچقا، فصاحةلىك كلمة بولالمايدۇ.

**مخالفة قياس لغوى** ـــ قىياسقا (تىل قائىدىلىرىگە) خىلاپ كەلگەن كەلىمىدۇر. بۇنىڭ مىسالى شائىر ابو النجم فضل بن قدامة بن عبيد الله عجلىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الْعَلِيِّ الْاَجْلَلِ * اَلْوَاحِدِ الْفَرْدِ الْقَدِيْمِ الْاَوَّلِ

---

① الضابطة ههنا ان كل ما يَعُدُّه الذوق الصحيح ثقيلا متعسّر النطق فهو متنافر سواء كان من قرب المخارج اوبُعدها اوتوسُّط الشين بين التاء والزاء.

② مُقْلَة: كۆز. حَاجِبًا مُزَجَّجَا: ئىنچىكە ئۇزۇن قاش. فَاحِمًا: قارا چاچ. مِرْسَنًا: بۇرۇن. شېئىرنىڭ مەنىسى: مەھبۇبە كۆزىنى كۆرسەتتى ...



بۇ شېئىردىكى «اَجْلَلِ» دېگەن كەلىمىدە بىرىنچى لام ئىككىنچى لامغا ئىدغام قىلىنىپ «اَجَلِّ» دېيىلمەستىن، بەلكى ئىدغام قائىدىسىگە خىلاپ ھالدا «اَجْلَلِ» دەپ كەلگەنلىكى قىياسقا مۇخالىف. شۇڭا، بۇمۇ فصاحةلىك كلمة بولالمايدۇ.

**فصاحةلىك كلام** ـــ تەركىبىدىكى كەلىمىلەر فصاحةلىك كەلىمە بولغان ھەمدە ضَعْف تَأْلِيف، تَنَافُر كلمات ۋە تعقيد قاتارلىق ئۈچىدىن خالىي بولغان كالامدۇر.

**ضعف تأليف** ـــ مەشھۇر نەھۋى قائىدىلىرىگە خىلاپ كەلگەن كالامدۇر. مەسىلەن: مرجعسىز ضمير تۇتۇش. ئۇنىڭ مىسالى ـــ ضَرَبَ غُلَامُهٗ زَيْدًا.

**تنافر كلمات** ـــ گەرچە ھەر بىر كەلىمە فصاحةلىك بولسىمۇ، ئەمما تۆۋەندىكى مىسالدىكىگە ئوخشاش كەلىمىلەرنىڭ تۇتاش-تۇتاش كەلگەنلىكى سەۋەبىدىن، تىلغا ئېغىرلىق پەيدا قىلغان كەلىمىلەردۇر. بۇنىڭ مىسالى جىننىڭ ئېيتقان مۇنۇ شېئىرىدۇر:

وَقَبْرُ حَرْبٍ بِمَكَانٍ قَفْرُ * وَلَيْسَ قُرْبَ قَبْرِ حَرْبٍ قَبْرُ①

بۇ شېئىردا «قُرْبَ قَبْرِ حَرْبٍ قَبْرُ»نىڭ تۇتاش-تۇتاش كەلگەنلىكى تىلغا ئېغىرلىق پەيدا قىلدى.

**تعقيد** ئىككى قىسىم: بىرى تعقيد لفظى، يەنە بىرى تعقيد معنوى.

---

① حَرْب: كىشى ئىسمى. قَفْر: قاقاس يەر. قُرْب: يېنىدا.

**تعقيد لفظى** ــــ تقديم، تأخير، حذف، اضمار قبل الذكر سەۋەبلىك، مەقسەتنى چۈشىنىش قىيىن بولغان كالامدۇر. بۇنىڭ مىسالى شائىر ابو فراس فرزدقنىڭ هشام بن عبد الملك بن مرواننىڭ خال تۇغقىنى ابرهيم بن هشام بن اسماعيل مخزومىنى مەدھىيىلەشتە ئېيتقان مۇنۇ شېئىردۇر:

وَمَا مِثْلُهُ فِى النَّاسِ اِلَّا مُمَلَّكًا * اَبُوْ اُمِّهٖ حَيٌّ اَبُوْهُ يُقَارِبُه

ئەسلى ئىبارەت مۇنداق ئىدى: وَمَا مِثْلُهُ فِى النَّاسِ حَيٌّ يُقَارِبُهُ اِلَّا مُمَلَّكٌ اَبُوْ اُمِّهٖ اَبُوْهُ.

مبتدأ وخبر (اَبُوْ اُمِّهٖ اَبُوْهُ)نىڭ ئارىلىقىدا يات نەرسە (حَيٌّ) فاسىلدۇر. موصوف وصفة (حَيٌّ يُقَارِبُهُ)نىڭ ئارىلىقىدا يات نەرسە (اَبُوْهُ) فاسىلدۇر. شۇنىڭدەك مستثنى (مُمَلَّكًا) مستثنى منه (حَيٌّ)غا مقدمدۇر، شۇنداقلا مبدل منه (مِثْلُهُ) ۋە بدل (حَيٌّ)نىڭ ئارىلىقىدا كۆپ فاسىل بار.

**تعقيد معنوى** ــــ لۇغەت مەنىسىدىن مەقسەتنى چۈشىنىش قىيىن بولغان كالامدۇر. بۇ قرينەنىڭ مەخپىي بولۇشىغا باغلىق. بۇنىڭ مىسالى شائىر عباس بن احنفنىڭ مۇنۇ شېئىردۇر:

سَاَطْلُبُ بُعْدَ الدَّارِ عَنْكُمْ لِتَقْرُبُوْا * وَتَسْكُبُ عَيْنَايَ الدُّمُوْعَ لِتَجْمُدَا

شائىر «جمود عين»دىن قاتتىق خۇشاللىقنى ئىرادە قىلماقچى ئىدى. ۋەھالەنكى، «جمود عين» خۇشاللىقتىن كىنايە بولماي قېلىپ، غەمكىنلىك مەنىسىنى ئۇقتۇرۇپ قويىدى.



**فصاحةلىك متكلم** ــــ ئۆزىنىڭ ھەرقانداق مەقسىتىنى فصاحةلىك لەۋزىلەر بىلەن ئىپادىلىيەلەيدىغان پۇختا قابىلىيەتكە ئىگە كىشىدۇر.

**بلاغة** ــــ لۇغەت مەنىسىدە، مۇكەممەل بولماق، ۋايىغا يەتمەك دېگەنلىكتۇر. ئىستىلاھى مەنىسى كلامدا ۋە متكلمدە ئايرىم-ئايرىمدۇر.

**بلاغةلىك كلام** ــــ فصاحةلىك ھەمدە مقتضائى حالغا مۇۋاپىق بولغان كالامدۇر.

**مقتضائى حال** ــــ ھەر بىر ئادەمگە شۇ ئادەمنىڭ ھال-ئەھۋالىغا قارىتا مۇۋاپىق سۆز قىلىشتۇر.

**بلاغةلىك متكلم** ــــ بلاغةلىك كلام ياساشقا قۇدرىتى يېتىدىغان پۇختا قابىلىيەتكە ئىگە كىشىدۇر.

غرابةنى علم اللغة چۈشەندۈرىدۇ. مخالفةنى علم الصرف چۈشەندۈرىدۇ. ضعف تأليف ۋە تعقيد لفظىنى علم النحو چۈشەندۈرىدۇ. تنافر حروف ۋە تنافر كلمات ئۈچۈن ساغلام تەبىئەتلىك تىل كۇپايە. ئەمما، مقتضائى حال دېگەننى بىلىش ئۈچۈن علم المعانىنى، تعقيد معنوىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن علم البياننى ئوقۇش زۆرۈر. كلامنى فصيح ۋە بليغ قىلىپ ياساپ بولغاندىن كېيىن، لفظى ۋە معنىگە ھۆسنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن علم البديعنى ئوقۇش زۆرۈر. بۇ ئۈچ ئىلىم مەزكۇر رىسالىمىزدە ئاددىي قىلىپ چۈشەندۈرۈلىدۇ.

# الفن الاول علم المعانى

علم المعانى ـــ ئەرەب تىلىدىكى كالامنىڭ مقتضائى حـالغا مۇۋاپىق بولۇش ھالەتلىرى تونۇشتۇرىلىدىغان ئىلىمدۇر.

بۇ پەندە سەككىز باب بار: 1) اسناد خبرىنىڭ ئـەھۋالى. 2) مسند اليەنىڭ ئەھۋالى. 3) مسندنىڭ ئەھۋالى. 4) فعلنىڭ متعلقاتلىـرىنىڭ ئـەھۋالى. 5) قصر. 6) انشاء. 7) فصل ووصل. 8) ايجـاز، اطناب ومساواة.

بـۇ پـەننى سـەككىز بابقـا ئايرىشـتىكى سـەۋەب شـۇكى، كالامدىكى نسبەت، يەنى ھۆكۈم (ثبوتيّة بولسۇن ياكى سـلبيّة بولسۇن) واقعدىكى نسبەتكە مۇۋاپىق ياكى مۇخالىف بولغانلىقى ئالاھىدە نەزەردە تۇتۇلسا، ئۇ كلام خبرىدۇر. جۇملىدىكى نسبەتلا ئاساس قىلىنىپ، ئۇنى واقعدىكى نسـبەتكە سىلىشـتۇرۇش ئـىرادە قىلىنمايدىغـان كـالامدىن بولسـا، ئـۇ كـلام انشائىدۇر. كلام خبرىدە مسند، مسـند اليـە ۋە اسـناد بولـۇش زۆرۈردۇر. مسند ـــ فعل يـاكى فعـلنىـڭ مەنداشلىرى[1]دىـن

---

① اسم فاعل، اسم مفعول، مصدر، صفة مشبهة ۋە اسم تفضيل.



بولسا، بەزىدە ئۇنىڭغا خاس متعلقمۇ بولىدۇ. اسـناد ۋە فعـلغا ئائىت متعلق بەزىدە قصر بىلەن، بەزىدە قصرسىز كېلىدۇ. جۇمـلە بەزىدە معطوف بولىدۇ، بەزىدە بولمايدۇ. بۇ، فصل ۋە وصـل دېيىلىدۇ. كالامغا بـەزىدە ئەسلى مەقسـەتتىن ئارتۇقچـە بىـر نەرسە قوشۇلۇپ قالىدۇ، بەزىدە قوشۇلمايدۇ. بۇ بولسا ايجـاز، اطناب ۋە مساواة دېيىلىدۇ. دېمەك، مۇشۇ سەككىز خىل ھالـەت كـالامنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسـيەتلىرىنى ئاساسـەن تولـۇق ئـۆز ئىچىگە ئالغان دېيىشكە بولىدۇ.

## بىرىنچى باب اسناد خبرىنىڭ ئەھۋالى

اسنادنىڭ ئەھۋالى دېگـىنىمىزدىن تأكيد، ترك تأكيد، حقـيقى عقلى ۋە مجاز عقلى قاتارلىق تۆتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

متكلمنىڭ مەقسـىتى مخاطبكـە ھـۆكۈمنى ئۇقـتۇرۇش بولسا فائدة خبر، مخاطبكـە ھـۆكۈمنى ئـۆزىنىڭ بىلىدىغـانلىقىنى ئۇقـتۇرۇش بولسا لازم فائدة خبر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، بىـزنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى يادلىغان كىشىگە «قَدْ حَفِظْتَ الْقُرْآنَ» دېگـىنىمىزدەك.

بەزىدە ھۆكۈمنى بىلىدىغان مخاطبنى بىلمەيدىغانلار قاتارىغا ئېلىپ سۆز قىلىنىدۇ. بۇ ئۈچ خىل ھالەتتۇر: 1) مخـاطب فـائدة

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



خبر ۋە لازم فائدة خبر ـــ ئىككىلىسىدىن خەۋىرى بولسىمۇ، لېكىن متكلمنىڭ ئۇنىڭغا بىلمەيدىغانلار قاتارىدا سۆز قىلىشى. مەسىلەن: «الله ربنا ومحمد رسولنا» دېگەندەك. بۇ مۇنداق مخاطبكە قارىتىپ دېيىلىدىغان سۆزكى، مخاطب ئۆزى مۇئمىن ھەم ئۇنىڭ مۇئمىن ئىكەنلىكىنى متكلممۇ بىلىدۇ. لېكىن ئۇ، متكلمنى الله ۋە رسولنى بىلمەيدىغان كافىر دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئازار يەتكۈزگەن بولسا، متكلم ئۇنىڭغا قارىتىپ شۇنداق سۆز قىلىدۇ. 2) مخاطبنىڭ فائدة خبردىن خەۋىرى بولسىمۇ، لېكىن متكلمنىڭ ئۇنىڭغا بىلمەيدىغانلار قاتارىدا سۆز قىلىشى. مەسىلەن، بىناماز ئادەمگە «الصلوة واجبة» دېگەندەك. 3) مخاطبنىڭ لازم فائدة خبردىن خەۋىرى بولسىمۇ، لېكىن متكلمنىڭ ئۇنىڭغا بىلمەيدىغانلار قاتارىدا سۆز قىلىشى. مەسىلەن: «ضربتَ زيدًا» دېگەندەك. بۇ متكلمنىڭ بىلگەنلىكىنى مخاطب ئۇققان بولسىمۇ، لېكىن بىلمىگەندۇ، دەپ گۇمان قىلىنغان ئەھۋالدا ئېيتىلغان سۆزدۇر.

متكلم ۋە مخاطب ئارا تولا يۈز بېرىدىغان مۇھىم بىر ئەھۋال شۇكى، ئەگەر مخاطبنىڭ زېھنى ھۆكۈمدىن شەكلىنىشتىن خالىي بولسا، كالامنى تەكىتلەش①نىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بۇ، ابتدائى دېيىلىدۇ.

مخاطبتە شەكلىنىش بولسا، تەكىت كەلتۈرۈش ياخشى. بۇ، طلبى دېيىلىدۇ.

① تەكىت كەلىمىلىرىدىن بىرەرنى ئىشلىتىش.



ئەگەر مخاطب ھۆكۈمنى ئىنكار قىلسا، كالامنى تەكىتلەپ كەلتۈرۈش زۆرۈر. بۇ، انكارى دېيىلىدۇ. مەزكۇر تەرىقىگە مۇۋاپىق كالام كەلتۈرگەنلىك اخراج على مقتضى الظاهر دېيىلىدۇ.

بەزى جايدا اسناد ابتدائى بولىدۇ. لېكىن، ئەسلى خبردىن ئىلگىرى مخاطبكە خبرنىڭ ئىشتىياقى ۋە تەلپىپى پەيدا بولىدىغان بىر سۆز كەلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن اسناد طلبى كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: الله تعالىنىڭ سۆزى: ﴿وَلَا تُخَٰطِبۡنِي فِي ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓاْ﴾①دا نوح عليه السلامغا تەلەپ پەيدا بولۇۋىدى، ئۇنىڭغا قارىتا كەينىدىن ﴿إِنَّهُم مُّغۡرَقُونَ﴾ دېيىلدى.

شۇنىڭدەك، ئەگەر مخاطبتە بىرەر ئىنكار قىلىش ئالامىتى كۆرۈلسە، گەرچە ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىنكار قىلغۇچى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىنكار قىلغۇچى قاتارىدا سۆز قىلىنىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىر حجل بن نضلةنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر.

جَاءَ شَقِيْقٌ عارِضًا رُمْحَهُ * اِنَّ بَنِيْ عَمِّكَ فِيْهِمْ رِمَاحُ

شَقِيْق ئۇلاردا قورال بارلىقىنى ئىنكار قىلمايتتى، لېكىن ئۇ ئۇرۇشتىن بىپەرۋادەك، نەيزىسىنى يوتىسى ئۈستىگە توغرىسىغا قويۇپ كەلگەن ھالىتى، ئۇلاردا قورال بارلىقىغا ئىنكار قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئىنكار قىلغۇچى دەپ تونۇپ كالامنى «اِنَّ بَنِيْ عَمِّكَ فِيْهِمْ رِمَاحُ» دەپ، «اِنَّ» ۋە جملة اسمية بىلەن تەكىتلەپ كەلتۈردى.

① 11- سۈرە ھۇد 37- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يەنە شۇنىڭدەك، ئىنكارنى يوقىتىدىغان ئالامەتلەر پۈتۈنلەي ئېنىق بولسا، ئىنكار قىلغۇچىنى ئىنكار قىلمىغۇچى قاتارىدا تونۇپ سۆز قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ﴿لَا رَيْبَ ۛ فِيهِ ۛ﴾①.

اسناد (إنشائى بولسۇن ياكى خبرى بولسۇن) كۆپىنچە ئورۇنلاردا حقيقى عقلى بولىدۇ.

فعل ئالتە خىل نەرسە بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ: فاعل، مفعول به، مصدر، زمان، مكان، سبب.

فعل ـــ ھەقىقىي فاعلغا ياكى ھەقىقىي مفعول بەغا اسناد قىلىنسا، اسناد ـــ حقيقى عقلى بولىدۇ.

فعل ـــ مصدر، زمان، مكان ۋە سبب قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسىگە اسناد قىلىنسا، اسناد ـــ مجاز عقلى بولىدۇ. بۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ فاعل مجازى دەپ ئاتىلىدۇ.

اسنادنىڭ حقيقى عقلى بولۇشىنىڭ ئالامىتى ئىككىدۇر: 1) فعل معلوم ياكى ئۇنىڭ مەنىسىدىكى نەرسە② ئۆزىنىڭ ھەقىقىي فاعلىغا اسناد قىلىنىش. مەسىلەن: ضَرَبَ زيدٌ عَمْـرًوا. 2) فعل مجهول ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مفعولىغا اسناد قىلىنىش. مەسىلەن: ضُرِبَ عَمْرٌو.

اسنادنىڭ مجاز عقلى بولۇشىنىڭ ئالامىتى تۆۋەندىكىلەردۇر: 1) فعل ياكى ئۇنىڭ مەنىسىدىكى نەرسە معلوم ياسىلىپ، ھەقىقىي

① 2- سۇرە بەقەرە 2- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② مصدر، إسم فاعل، إسم مفعول، صفة مشبهة، إسم تفضيل ۋە ظرف.



مفعول بەغا اسناد قىلىنىش. مەسىلەن: ﴿فَهُوَ فِي عِيشَةٍ رَّاضِيَةٍ﴾① (ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتىدۇر). بۇنىڭدا ﴿رَّاضِيَةٍ﴾ ـــ معلوم صيغەسىدا ياسالدى ھەمدە ھەقىقىي مفعول بەغا اسناد قىلىندى. ئەسلى ئىبارەت: «فهو في عيشة مرضية» ئىدى. چۈنكى، تۇرمۇش رازى بولۇنغۇچى نەرسە، رازى بولغۇچى ئۇنىڭ ئىگىسىدۇر. ﴿خُلِقَ مِن مَّآءٍ دَافِقٍ﴾② (ئۇ ئېتىلىپ چىققۇچى مەنىيدىن يارىتىلدى)مۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇنىڭدا ﴿دَافِقٍ﴾ ـــ معلوم صيغەسىدا ياسالدى ھەمدە ھەقىقىي مفعول بەغا اسناد قىلىندى. ئەسلى ئىبارەت: «ماء مدفوق» (ئېتىپ چىقىرىلغۇچى مەنىي) ئىدى. سِرٌّ كَاتِمٌ (يوشۇرغۇچى سىر)مۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىن. ئەسلى ئىبارەت: «سِرٌّ مَكْتُومٌ» (يوشۇرۇلغۇچى سىر) ئىدى. 2) فعل ياكى ئۇنىڭ مەنىسىدىكى نەرسە مجهول صيغەسىدا ياسىلىپ، ھەقىقىي فاعلغا اسناد قىلىنىش. مەسىلەن: سَيْلٌ مُفْعَمٌ (تولدۇرۇلغۇچى كەلكۈن). بۇنىڭدا «مُفْعَمٌ» ـــ مجهول صيغەسىدا ياسالدى ھەمدە ھەقىقىي فاعلغا اسناد قىلىندى. ئەسلى ئىبارەت: «سَيْلٌ مُفْعِمٌ» (تولدۇرغۇچى كەلكۈن)دۇر. چۈنكى، كەلكۈن تولدۇرىدىغان نەرسە، تولدۇرۇلىدىغان نەرسە ئەمەس. 3) فعل ياكى ئۇنىڭ مەنىسىدىكى نەرسە مصدر صيغەسىدا ياسىلىپ، ھەقىقىي فاعلغا اسناد قـ

① 101- سۇرە قارىئە 7- ئايەت.
② 86- سۇرە تارىق 6- ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ـلىنىش. مەسلەن: شِعْرٌ شَاعِرٌ (شېئىر شېئىر ئېيتقۇچى). بۇنىڭدا «شَاعِرٌ» ــــ معلوم صيغةسىدا ياسالدى هەمدە ھەقىقىي مصدرگە اسناد قىلىندى. ۋەھالەنكى، ئۇ ھەقىقىي فاعل، يەنى شَخْصكە اسناد قىلىنىشى لازىم ئىدى. چۈنكى، شېئىرنىڭ ئىگىسى شائىر بولىدۇ، شېئىرنىڭ ئۆزى بولمايدۇ. ئەسلى ئىبارەت: «شَخْصٌ شَاعِرٌ» ئىدى. 4) فعل ياكى ئۇنىڭ مەنىسىدكى نەرسە معلوم صيغةسىدا ياسىلىپ، زامانغا اسناد قىلىنىش. مەسلەن: نَهَارُهُ صَائِمٌ (كۈندۈز روزا تۇتقۇچىدۇر). بۇنىڭدا «صَائِمٌ» ــــ معلوم صيغةسىدا ياسالدى هەمدە ھەقىقىي انسانغا اسناد قىلىندى. ئۇنىڭ زامانغا بولغان اسنادى مجازدۇر. چۈنكى، ئىنسان روزا تۇتقۇچىدۇر، كۈندۈز روزا تۇتقۇچى ئەمەس. 5) فعل ياكى ئۇنىڭ مەنىسىدكى نەرسە معلوم صيغةسىدا ياسىلىپ، مكانغا اسناد قىلىنىش. مەسلەن: نَهْرٌ جَارٍ (ئاققۇچى ئۆستەڭ). بۇنىڭدا «جَارٍ» ــــ معلوم صيغةسىدا ياسالدى هەمدە ھەقىقىي ماءغا اسناد قىلىندى. ئەسلى ئىبارەت: «الماء جار في النهر» (سۇ ئۆستەڭدە ئاققۇچى) ئىدى. چۈنكى، ئاققان نەرسە سۇدۇر، ئۆستەڭ ئەمەس. طَرِيْقٌ سَائِرٌ (ماڭغۇچى يول) مۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. 6) فعل ياكى ئۇنىڭ مەنىسىدكى نەرسە معلوم صيغةسىدا ياسىلىپ، سببكە اسناد قىلىنىش. مەسلەن: بَنَى الْاَمِيْرُ الْمَدِيْنَةَ (پادىشاھ شەھەر ياسىدى). بۇنىڭدا «بَنَى» ــــ معلوم صيغةسىدا ياسالدى هەمدە ھەقىقىي مِعمارلارغا اسناد قىلىندى. چۈنكى، پادىشاھ سبب اٰمِردۇر.



**مجاز عقلى** ــــ مسند ۋە مسند اليەنىڭ حقيقى لغوى ياكى مجاز لغوى بولۇش ئېتىبارى بىلەن تۆت قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) مسند ۋە مسند اليه ــــ ئىككىلىسى حقيقى لغوى بولۇش. مەسلەن: اَنْبَتَ الرَّبِيْعُ الْبَقْلَ. بۇنىڭدا «اَنْبَتَ» (مسند) ۋە «الرَّبِيْعُ» (مسند اليه) ــــ ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. دېمەك، بۇ مۇسۇلمانىنىڭ سۆزى بولغاندا شۇنداق بولىدۇ. 2) مسند ۋە مسند اليه ــــ ئىككىلىسى مجاز لغوى بولۇش. مەسلەن: اَحْيَى الْاَرْضَ شَبَابُ الزَّمَانِ (بۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسى: زېمىننى زامانىنىڭ ياشلىقى تىرىلدۈردى. مجاز مەنىسى: زېمىننى زامانىنىڭ باھار دەۋرى گۈزەللەشتۈردى). بۇنىڭدا «اَحْيَى» (مسند) ۋە «شَبَابُ الزَّمَانِ» (مسند اليه) ــــ ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدە ئىشلىتىلمەستىن، بەلكى مجازى مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. 3) مسند ــــ حقيقى لغوى، مسند اليه ــــ مجاز لغوى بولۇش. مەسلەن: اَنْبَتَ الْبَقْلَ شَبَابُ الزَّمَانِ (بۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسى: ئۆسۈملۈكنى زامانىنىڭ ياشلىقى ئۈندۈردى. مجاز مەنىسى: ئۆسۈملۈكنى زامانىنىڭ باھار دەۋرى ئۈندۈردى). بۇنىڭدا «اَنْبَتَ» ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدە، «شَبَابُ الزَّمَانِ» بولسا مجازى مەنىدە ئىشلىتىلگەن. 4) مسند ــــ مجاز لغوى، مسند اليه ــــ حقيقى لغوى بولۇش. مەسلەن: اَحْيَى الْاَرْضَ الرَّبِيْعُ.

بۇ خىل مجازلار انشاءدىمۇ يۈز بېرىدۇ. مەسلەن: ﴿يَٰهَٰمَٰنُ ٱبۡنِ لِي صَرۡحًا﴾[1]. قورۇلۇش ياساش مىمارلارنىڭ ئىشى، ھامان بولسا سبب آمردۇر. دېمەك، بۇنىڭدا سبب آمرگە اسناد قىلىندى.

[1] 23- سۈرە مۇئمىن 36- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مجاز عقلیدە ھەقىقي معنىدىن توسىدىغان بىرەر قرينة (دەلىل) تېپىلىش زۆرۈردۇر.

بۇ قرينەلەرنىڭ بەزىلىرى لفظى بولىدۇ. مەسىلەن: مۇسۇلـمانىنىڭ «شفى الطبيبُ المريضَ» دېگىنىدەك. بۇ سۆزنى دېگۈچىـنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكى اسنادىنىڭ مجاز عقــلى ئىكــەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

بەزىلىرى معنوى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىپادىلىرى: مسندنىــڭ مسند اليەدىن سادىر بولغانلىقى عقلًا مۇمكىن بولماسلىق. مەســىلەن: مَحَبَّتُكَ جَائَتْ بِيْ اِلَيْكَ دېگەندەك؛ ياكى عادةً مۇمكىن بولماسلىق. مەسىلەن: هَزَمَ الْاَمِيْرُ الْجُنْدَ دېگەندەك؛ ياكى مۇئمىن تەرىپىدىن يارىتىشنى اللهنىڭ باشقىسىغا نسبەت بېرىلگەن بىر كالام سادىر بولۇش. مەسىلەن: اَنْبَتَ الرَّبِيْعُ الْبَقْلَ.

مجاز عقلىنىڭ ھەقىقتىنى تونۇش بەزىدە ئاشكارا بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿فَمَا رَبِحَت تِّجَٰرَتُهُمۡ﴾①. بۇنىڭ ھەقىقتى «فَمَا رَبِحُوْا فِى تِجَارَتِهِمْ»دۇر. بۇنىڭدا ﴿ربح﴾نىڭ ﴿تجارة﴾كە بولغان إسنادى مجازدۇر. مسند اليە ھەقىقي تجارەت ئەھلى بولۇپ، بۇنى تونۇش إستعمال عرفىگە ئاساسلانغاندا ئاشكارىدۇر. چۈنكى، تىلشۇناسلار ھەقىقي مەنىسىنى ئىستېمال قىلغاندا ﴿ربح﴾نى تجارەتكە إسناد قىلماي، تجارەت ئەھلىگە إسناد قىلىدۇ.

مجاز عقلىنىڭ ھەقىقتىنى تونۇش بەزىدە مەخپىي بولىدۇ، يەنى چوڭقۇر ئويلانمىسا، بىلگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدا تولاراق

① 2- سۈرە بەقەرە 16- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



فاعل مجازى ياكى مفعول مجازىغا إسناد قىلىنىپ، ھەقىقي فــاعل ياكى ھەقىقي مفعولغا بولغان إسناد تەرك ئېتىلىدۇ. مەسىلەن: سَرَّتْنِىْ رُؤْيَتُكَ، يەنى سَرَّنِىَ اللهُ عِنْدَ رُؤْيَتِكَ. بۇنىڭدىكى «سَرَّتْ»نىڭ «رُؤْيَة»كە بولغان اسنادى مجازدۇر، ھەقىقي فاعل ـــ اللهُ تعالىدۇر.

## ئىككىنچى باب مسند اليەنىڭ ئەھۋالى

### بىرىنچى ئەھۋال، مسند اليەنىڭ حذف قىلىنىشى:

مسند اليە تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن حذف قىلىـنىدۇ: 1) زۆرۈر بولمىغان كالامدىن ساقلىنىش ئۈچۈن. 2) ئەقلىنىڭ دالالىتى لفظنىڭ دالالىتىدىن كۈچلۈك دېگەننى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن. بۇ ئىككىسىنىڭ مىسالى:

قَالَ لِيْ كَيْفَ اَنْتَ قُلْتُ عَلِيْلُ * سَهَرٌ دَائِمٌ وَحُزْنٌ طَوِيْلُ①

بۇ شېئىردا شائىرنىڭ «اَنَا عليلُ» دېمەسلىكىدىكى سەۋەب: بىرى، زۆرۈر بولمىغان كالامدىن ساقلىنىش، يەنە بىرى، ئەقلىنىڭ دالالىتى لفظنىڭ دالالىتىدىن كۈچلۈك دېگەننى ھېس قىلدۇرۇشتۇر. 3) قرينەنى تىكلەپ قويۇپ تۇرۇپ، سامعنىڭ زېرەكلىكىنى ياكى زېرەك ئەمەسلىكىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن. 4) سامعنىڭ زېرەكلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، زېرەكـ

① عَلِيْل: كېسەل. سَهَر: بىدارلىق. حُزْن: غەم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ـلىكىنىڭ مىقدارىنى (يەنى تېز چۈشىنەلەمدۇ ياكى تېز چۈشـ
ـنەلمەمدۇ) سىناپ كۆرۈش ئۈچـۈن. 5) مسند اليەنـىڭ مەرتىـ
ـۋىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغاچقا، ئۇنى ئۇلۇغلاشنى ئىپادىلەش
ئۈچۈن. ئۇنىڭدىن واجب الْإِتِّباع كىشى (رسول الله ﷺغا ئوخـ
ـشاش) مەقسـەتتۇر. 6) ھـەقىر ساناشـنى ئىپادىلەش ئۈچـۈن.
ئۇنىڭدىن واجب المخالفة كىشى (شيطان عليه اللعنةگە ئوخشـاش)
مەقسـەتتۇر. 7) زۆرۈر بولغـاندا ئىنكـار قىلىۋېلىشـقا ئىمكانىيـەت
قالدۇرۇش ئۈچۈن. مەسىلەن: فاجرٌ فاسقٌ. 8) مسند اليه ھەممىيـ
ـلەنگە ئايان بولغانلىقى ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿خَـٰلِقُ كُـلِّ شَىۡءٍ﴾①.
بۇ يەردىكى مسند اليه ﴿رَبُّكُمْ﴾دۇر. 9) مسند اليەنىڭ ھەممىيلەنگە
ئايـان ئىكـەنلىكىنى دەۋا قىلـىش ئۈچـۈن. مەسـىلەن: وَهَّـــابُ
الْأُلُوْفِ. بۇ، السلطانُ وَهَّابُ الْأُلُوْفِ دېگەنلىكتۇر.

### ئىككىنچى ئەھۋال، مسند اليەنىڭ زىكرى قىلىنىشى:

مسند اليــه تۆۋەندىكىدەك سـەۋەبلەر تۈپـەيلىدىن زىكـرى
قىلىنىدۇ: 1) زىكرى قىلىش ئەسلى بولغانلىقتىن. 2) قرينـــةگـە
تايىنىش ئاجىز بولغاچقا، ئېھتىيات يۈزىسـدىن. 3) سامىئنىـڭ
دۆتلىكىگـە تەنبىـھ بېـرىش ئۈچـۈن. 4) مەقسـەتنى تـېخىمۇ
روشەن ئىپادىلەش ئۈچـۈن. مەسـىلەن: ﴿أُوْلَـٰٓئِكَ عَلَىٰ هُدًى مِّن
رَّبِّهِمۡۖ وَأُوْلَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ۝٥﴾②. 5) ئۇلۇغلاشنى ئىپادىلەش
ئۈچۈن. مەسـىلەن: امير المؤمــنين حاضــرٌ. 6) ھـەقىر ساناشـنى

① 23- سۈرە مۇئمىن 62- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 2- سۈرە بەقەرە.



ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: السارقُ اللئيمُ حاضرٌ. 7) بەرىكەت
ھاسىل قىلىش ئۈچۈن. مەسـىلەن: النبى ﷺ قائل هذا القــول. 8)
ئىسمىدىن ھوزۇر ئېلىش ئۈچۈن. الحبيبُ حاضرٌ. 9) گەپ تىڭـ
ـشىلىدىغان ئورۇنـدا مەقسـەتنى ئۇزارتـىپ قىلـىش ئۈچـۈن.
مەسىلەن: ﴿هِىَ عَصَاىَ﴾①.

### ئۈچـىنچى ئـەھۋال، مسند اليەنـىڭ ضــمير شەكلىدە معرفة كەلتۈرۈلۈشى:

مسند اليەنىڭ ئورنـى تكلُّم، خطــاب، غيبــة ــــ ئۈچىنـىڭ
بىرىدە بولغاندا ضمير شەكلىدە معرفة كەلتۈرۈلىدۇ.

### تۆتىنچى ئەھۋال، مسند اليەنـىڭ عَلَم شـەكلىدە معرفة كەلتۈرۈلۈشى:

مسند اليه تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن عَلَم شەكلىدە
معرفة كەلتۈرۈلىدۇ: 1) ســامىئنـىڭ زېھنىغا دەسلەپـتىلا ئىسـىم
ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش ئۈچۈن. مەسـىلەن: ﴿قُلۡ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ﴾②.
2) ئۇلۇغلاشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: قَالَ عَلِيٌّ. بۇنىڭدا
«عَلِيٌّ» دېگەن سۆز شۇ كىشـىنىڭ تەزىمىگـە دالالـەت قىلـىدۇ.
چۈنكى بۇ، عُلُودىن ياسالغان بولۇپ، «ئۈستۈن بولماق» دېگەن
مەنىدىدۇر. 3) ھەقىر ساناشنى ئىپادىلەش ئۈچـۈن. مەسـىلەن:
هَرب ابو جهل. 4) دوزىخى ئىكەنلىكىنى كىنايە قىلـىش ئۈچـۈن.
مەسىلەن: ابو لهبٍ فَعَلَ كذا. 5) متكلمنـىڭ مسند اليەدىـن ھـۇزۇر

① 20- سۈرە تاھا 18- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 112- سۈرە ئىخلاس 1- ئايەت.

ئېلىشى ئۈچۈن. بۇنىڭ مىسالى شائىر حسين بن عبد الله العرجىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

بِاللهِ يَاظَبِيَّاتِ الْقَاعِ قُلْنَ لَنَا * اَلَيْلَايَ مِنْكُنَّ اَمْ لَيْلَى مِنَ الْبَشَرِ①

مەقسەت «اَلَيْلَايَ»دىدۇر. 6) بەرىكەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن. مەسىلەن: اَللّٰهُ الْهَادِى ومحمد الشفيع.

**بەشىنچى ئەھۋال، مسند اليەنىڭ موصول شەكلىدە معرفة كەلتۈرۈلۈشى:**

مسند اليە تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن موصول شەكلىدە معرفة كەلتۈرۈلىدۇ: 1) سۆلەدىن باشقا ئەھۋالنىڭ مخاطبكە مەلۇم ئەمەسلىكىنى تونۇتۇش ئۈچۈن. مەسىلەن: اَلَّذِىْ كَانَ مَعَنَا اَمْسِ رَجُلٌ عَالِمٌ. 2) كالامنىڭ مەقسىتىنى پۇختىلاش ئۈچۈن. 3) ئىسمىنى تىلغا ئېلىش ئەپسىز بولغانلىقى ئۈچۈن. ئىككىسىنىڭ مىسالى: ﴿وَرَٰوَدَتۡهُ ٱلَّتِي هُوَ فِي بَيۡتِهَا عَن نَّفۡسِهِۦ﴾②. 4) چوڭ كۆرسىتىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿فَغَشِيَهُم مِّنَ ٱلۡيَمِّ مَا غَشِيَهُمۡ﴾③. ﴿مَا﴾ دەپ موصول مبهم كەلتۈرۈش بولسا ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. 5) مخاطبنىڭ خاتا كەتكىنىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش ئۈچۈن. مەسىلەن:

اِنَّ الَّذِيْنَ تُرَوْنَهُمْ اِخْوَانَكُمْ * يَشْفِىْ غَلِيْلُ صُدُوْرِهِمْ اَنْ تُصْرَعُوْا④

---

① ظَبِيَّات: كېيىكلەر. القاع: سايلىق. لَيْلَى: مەھبۇبەنىڭ ئىسمى. البَشَر: ئىنسان.
② 12- سۈرە يۈسۈف 23- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 20- سۈرە تاھا 78- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ تُرَوْنَ: گۇمان قىلامسىلەر. يَشْفِى: شىپا تاپىدۇ. غَلِيْل: دۈشمەنلىك. صُدُوْر: قەلبلەر. تُصْرَعُوا: يىقىتىلغايسىلەر.



6) خبرنىڭ تۈرى تەرەپكە ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يَسۡتَكۡبِرُونَ عَنۡ عِبَادَتِي سَيَدۡخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ﴾①. بۇنىڭدىكى ﴿ٱلَّذِينَ﴾ — خبرنىڭ تۈرىنىڭ ئازاب جىنسىدىن ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلدى.

**ئالتىنچى ئەھۋال، مسند اليەنىڭ اسم اشارة شەكلىدە معرفة كەلتۈرۈلۈشى:**

مسند اليە تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن اسم اشارة شەكلىدە معرفة كەلتۈرۈلىدۇ:

1) مسند اليەنى تولۇق ئايرىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن. مەسىلەن:

هٰذَا اَبُو الصَّقْرِ فَرْدًا فِىْ مَحَاسِنِهٖ * مِنْ نَسْلِ شَيْبَانَ بَيْنَ الضَّالِ وَالسَّلَمِ②

2) سامىئنى محسوسنىڭ باشقىسىنى بىلمەيدۇ دەپ، ئۇنىڭ دۆتلىكىگە ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن. بۇنىڭ مىسالى شائىر فرزدقنىڭ جريرنى ھەجۋە قىلىپ ئېيتقان مۇنۇ شېئىرىدۇر:

اُولٰئِكَ اٰبَائِىْ فَجِئْنِىْ بِمِثْلِهِمْ * اِذَا جَمَعَتْنَا يَا جَرِيْرُ الْمَجَامِعُ③

3) مسند اليەنىڭ يېقىنلىق، يىراقلىق، ئوتتۇرا ھاللىق جەھەتتىكى ھالىنى بايان قىلىش ئۈچۈن. مەسىلەن: هذا زيدٌ

---

① 23- سۈرە مۇئمىن 60- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② فَرْدًا: يالغۇز. مَحَاسِن: گۈزەل خىسلەتلەر. الضَّالِ وَالسَّلَمِ: بۇ ئىككىسى چۆلدە ئۆسىدىغان دەرەخنىڭ ئىسمى.
③ مَجَامِع: يىغىلىشلار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



وذلك زيدٌ وذاك زيــد. 4) ھەقىر ساناشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿أَهَٰذَا ٱلَّذِى يَذۡكُرُ ءَالِهَتَكُمۡ﴾①. بۇ گويا مۇنداق دېگەندەك بولىدى: أهذا الحقير (العياذ بالله) يذكر آلهتكم. ﴿أَهَٰذَا ٱلَّذِى بَعَثَ ٱللَّهُ رَسُولًا﴾②مۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. 5) ئۇلۇغلاشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿ذَٰلِكَ ٱلۡكِتَٰبُ﴾③. ﴿إِنَّ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانَ يَهۡدِى لِلَّتِى هِىَ أَقۡوَمُ﴾④. 6) كېيىن كەلگەن ھۆكۈمنىڭ سەۋەبى ئالدىنقى سۈپەتلەردىن ئىكەنلىكىگە تەنبىھ قىلىش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿أُوْلَٰٓئِكَ عَلَىٰ هُدٗى مِّن رَّبِّهِمۡۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ۝٥﴾⑤.بۇنىڭدىكى ئالدىنقى سۈپەت غەيبكە ئىشىنىش، ناماز ئوقۇش، ئۆشرە-زاكات بېرىش، ساماۋى كىتابلارغا ئىشىنىش، ئاخىرەتكە ئىشىنىش ئىدى.

## يەتتىنچى ئەھۋال، مسند اليــەنىڭ مُعَــرَّف بــاللام شەكلىدە معرفة كەلتۈرۈلۈشى:

مسند اليه تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل سەۋەب تۈپەيلىدىن مُعَرَّف باللام شەكلىدە معرفة كەلتۈرۈلىدۇ: 1) متكلم ۋە مخاطب ئارا بىلىشىدىغان نەرسىگە ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن. بۇ، الــف لام عهد خارجى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَلَيۡسَ ٱلذَّكَرُ كَٱلۡأُنثَىٰۖ﴾⑥.

① 21- سۈرە ئەنبىيا 36- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 25- سۈرە فۇرقان 41- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 2- سۈرە بەقەرە 2- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 17- سۈرە بەنى ئىسرائىل 9- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑤ 2- سۈرە بەقەرە.
⑥ 3- سۈرە ئال ئىمران 36- ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ئايەتنىڭ ئومۇمىيسى بۇ:
﴿إِذۡ قَالَتِ ٱمۡرَأَتُ عِمۡرَٰنَ رَبِّ إِنِّى نَذَرۡتُ لَكَ مَا فِى بَطۡنِى مُحَرَّرٗا فَتَقَبَّلۡ مِنِّىٓۖ



﴿الانثى﴾دىكى الف لام عهد خارجى بولۇپ، بۇ ئالدىنقى ﴿فَلَمَّا وَضَعَتۡهَا قَالَتۡ رَبِّ إِنِّى وَضَعۡتُهَآ أُنثَىٰ﴾غا ئىشارەتتۇر. بۇنىڭ زىكرى صراحةً ئۆتكەن. لېكىن بۇ، مسند اليه ئەمەس. ﴿ٱلذَّكَرُ﴾دىكىمۇ الف لام عهد خارجى بولۇپ، بۇ ئالدىنقى ﴿إِذۡ قَالَتِ ٱمۡرَأَتُ عِمۡرَٰنَ رَبِّ إِنِّى نَذَرۡتُ لَكَ مَا فِى بَطۡنِى مُحَرَّرٗا﴾غا ئىشارەتتۇر. بۇنىڭ زىكرى كناية ئۆتكەن. 2) ماھىيەتكە ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن. بۇ، الف لام حقيقة ۋە الف لام جنسي دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: اَلرَّجُلُ خَيْرٌ مِنَ الْمَرْأَةِ. يەنى حقيقةُ الرجلِ من حيث هي هي خيرٌ من حقيقة المــراة من حيث هي هي. الكل اعظم من الجــزءمۇ ئاشۇ جۈملىدىندۇر. ﴿وَجَعَلۡنَا مِنَ ٱلۡمَآءِ كُلَّ شَىۡءٍ حَىٍّۖ﴾① شۇ بابنىڭ غەيرىدىن بولسىمۇ، يەنىلا مۇشۇ جۈملىدىندۇر. 3) ھەقىقەتتىن مۇئەييەن بولمىغان كۆڭلىدىكى بىر فردكە ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن. بۇ الــف لام عهد ذهني دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: اُدْخُلِ السُّــوْقَ (بازارغا كىرگىن). بۇنىڭدىكى «اُدْخُل» دېگەن سۆز «سوق»نىڭ ھەقىقەتنى ئىرادە قىلىشتىن توسىدىغان قرىنــەدۇر. چۈنكى، «سوق»نىڭ ھەقىقىتىگە كىرىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭدەك «اُدْخُل» ھەر بىر فردنى ئىرادە قىلىشتىن توسىدىغان قرىنــەدۇر. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ جاھاندىكى بازارنىڭ ھەربىرىگە كىرىپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مەلۇم بولدىكى، بۇنىڭدىن كۆك-

إِنَّكَ أَنتَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ۝٣٥ فَلَمَّا وَضَعَتۡهَا قَالَتۡ رَبِّ إِنِّى وَضَعۡتُهَآ أُنثَىٰ وَٱللَّهُ أَعۡلَمُ بِمَا وَضَعَتۡ وَلَيۡسَ ٱلذَّكَرُ كَٱلۡأُنثَىٰۖ وَإِنِّى سَمَّيۡتُهَا مَرۡيَمَ وَإِنِّىٓ أُعِيذُهَا بِكَ وَذُرِّيَّتَهَا مِنَ ٱلشَّيۡطَٰنِ ٱلرَّجِيمِ ۝٣٦﴾.

① 21- سۈرە ئەنبىيا 30- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

لىدىكى بەزى فــرد (قىسمەن بازار) مەقسەتتۇر. ﴿وَأَخَافُ أَن يَأۡكُلَهُ ٱلذِّئۡبُ﴾① مۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. 4) ھەقىقەتنىڭ ھەر بىر فردىگە تولۇق ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن. بۇ، الــف لام استغراقي دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿إِنَّ ٱلۡإِنسَٰنَ لَفِي خُسۡرٍ﴾②. بۇنىڭدىكى ﴿ٱلۡإِنسَٰن﴾دىن ماھىيەت مەقسەت ئەمەس ھەم كۆڭۈلدىكى مۇبھەم بىر فــردمۇ مەقسەت ئەمەس، شۇنداقلا مۇئەييەن بىر فــردمۇ مەقسەت ئەمەس. بەلكى، ئىنسان ھەقىقىتىدىن تامامى افرادىنىڭ ضمنىدا مەۋجۇد بولغىنى مەقسەتتۇر. بۇ الف لامنىڭ استغراقي ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى ﴿إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ...﴾دىكى استثناءنىڭ متصل بولغانلىقىدۇر.

استغراق ئۇمۇمىي جەھەتتىن ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: بىرى، استغراق حقيقي. يەنە بىرى، استغراق عرفي.

لەۋزى ـــ لۇغەت ئېتىبارى بىلەن ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر بىر فرد مەقسەت بولسا، استغراق حقــيقي بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿عَٰلِمُ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ﴾③، يەنى عالم كل غيب عنا وعالم كل شهادة.

لەۋزى ـــ ئۆرپىي تونۇيدىغان بويىچە ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر بىر فرد مەقسەت بولسا، استغراق عرفي بولىدۇ. مەسىلەن: جمع الاميرُ الصاغةَ.

ئاگاھ بولۇڭكى، الف لام عهد ذهني ۋە الف لام استغراقي ـــ الف لام حقيقەتنىڭ تارماقلىرىدۇر.

---

① 12-سۈرە يۈسۈف 13- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 103- سۈرە ئەسر.
③ 6- سۈرە ئەنئام 73- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



**سەككىزىنچى ئەھۋال، مسند اليەنىڭ اضــافة بىلەن معرفة كەلتۈرۈلۈشى:**

مسند اليە تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن اضافة بىلەن معرفة كەلتۈرۈلىدۇ: 1) اختصار (قىسقا لەۋزى بىلەن مەقسەتنى ئىپادىلەش) ئۈچۈن. مەسىلەن: هَوَايَ ذاهبٌ. بۇ اَلَّذِيْ اَهْوَاهُ ذَاهِبٌ دېگەندىن قىسقا. 2) مضاف اليــەنى ئۇلۇغلاشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: عبدى حضر. 3) مضافنى ئۇلۇغلاشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: عبد الخليفة ركب. 4) مضــاف ۋە مضــاف اليــەدىن ئۆزگىنى ئۇلۇغلاشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: عبد السلطان عندى. 5) مضافنى ھەقىر ساناشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ولد الحجّام حاضر. 6) مضاف اليەنى ھەقىر ساناشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ضــارب فــلان حاضر. 7) مضاف ۋە مضاف اليەنىڭ ئۆزگىنى ھەقىر ساناشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ولد الحجام جليس فلان.

**توققۇزىنچى ئەھۋال، مسند اليــەنىڭ نكــرة كەلتۈرۈلۈشى:**

مســند اليــە تــۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نكــرة كەلتۈرۈلىدۇ: 1) بىرلا كىشىنى ئىرادە قىلغانلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿وَجَآءَ رَجُلٌ مِّنۡ أَقۡصَا ٱلۡمَدِينَةِ يَسۡعَىٰ﴾①. بۇنىڭدا اشخاص رجالدىن لا على التعيين بىرلا فرد مەقسەتتۇر. 2)

---

① 28- سۈرە قەسەس 20- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىرلا نوئىنى ئىرادە قىلغانلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. چۈنكى تنكير ــــ وحدة شخصيةگە دالالەت قىلغاندەك، وحدة نوعيةگىمۇ دالالەت قىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَعَلَىٰٓ أَبۡصَٰرِهِمۡ غِشَٰوَةٞۖ﴾①. بۇنىڭدىكى ﴿غِشَٰوَة﴾تىن الله رب العزةنىڭ ئايەتلىرىنى چوڭقۇر ئويلىنىشتىن توسىدىغان پەردە مەقسەتتۇر. 3) ئۇلۇغلاشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. 4) ھەقىر ساناشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. بۇ ئىككىسىنىڭ مىسالى شائىر ابن ابى السِّمْطنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

لَهُ حَاجِبٌ عَنْ كُلِّ اَمْرٍ يَشِيْنُهُ * وَلَيْسَ لَهُ عَنْ طَالِبِ الْعُرْفِ حَاجِبُ②

بۇنىڭدىكى بىرىنچى «حَاجِب»نىڭ تنكيرى ئۇلۇغلاشنى، ئىككىنچى «حَاجِب»نىڭ تنكيرى ھەقىر ساناشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بولغان. 5) كۆپ ساناشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. بۇنىڭ مىسالى ئەرەبلەرنىڭ بۇ سۆزى: وَاِنَّ لَهُ لَإِبِلًا وَاِنَّ لَهُ لَغَنَمًا. 6) ئاز ساناشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿وَرِضۡوَٰنٞ مِّنَ ٱللَّهِ أَكۡبَرُۚ﴾③.

**ئونىنچى ئەھۋال، مسند اليەنىڭ سۈپەتلىنىپ كېلىشى:**

مسند اليە تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سۈپەتلىنىپ كېلىدۇ: 1) مسند اليەنىڭ مەنىسىنى شەرھلەش ۋە روشەن ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: اَلْجِسْمُ ــــ الطَّوِيْلُ الْعَرِيْضُ الْعَمِيْقُ

① 2- سۈرە بەقەرە 7- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② بىرىنچى حَاجِبٌ: مانع عظيم مەنىسىدە. يَشِيْنُهُ: يعيبه. العُرْف: الاحسان. ئىككىنچى حَاجِب: مانع حقير مەنىسىدە.
③ 9- سۈرە تەۋبە 72- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



يَحْتَاجُ اِلَى فراغٍ يَشْغُلُهُ. بۇنىڭدا «طويل»، «عريض»، «عميق»تىن ئىبارەت ئۈچ سۈپەت «جسم»نى شەرھلىدى. 2) مسند اليەنى خاسلاشتۇرۇش ئۈچۈن. مەسىلەن: زيدٌ التاجرُ عندنا. 3) مسند اليەنى مەدھىيىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: جاءنى زيدٌ العالم. 4) مسند اليەنى سۆكۈش ئۈچۈن. مەسىلەن: جاءنى فلانٌ الجاهلُ. 5) مسند اليەنى تەكىتلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: اَمْسِ الدابرُ كَانَ يومًا عظيمًا.

**ئون بىرىنچى ئەھۋال، مسند اليەنىڭ تەكىتلەپ كەلتۈرۈلۈشى:**

مسند اليە تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەكىتلەپ كەلتۈرۈلىدۇ: 1) مسند اليەنى غەيرىگە ئېھتىمال تۇتمىغۇدەك دەرىجىدە سامىئنىڭ زېھنىغا پۇختىلاش ئۈچۈن. مەسىلەن: جاء زيدٌ زيدٌ. 2) مجازنىڭ گۇماننى يوقىتىش ئۈچۈن. مەسىلەن: قَطَعَ اللِّصَّ الْاَمِيْرُ الْاَمِيْرُ. بۇنىڭدا ئەمدى «قَطَعَ»نىڭ «اَلْاَمِيْرُ»غا بولغان اسنادى مجازمىكى (يەنى كەسكۈچى نەۋكەرلەرنىڭ بىرەرسىمىكى) دېيىدىغان گۇمان قالمىدى. 3) سەھۋنىڭ گۇماننى يوقىتىش ئۈچۈن. مەسىلەن: جَاءَ زيدٌ زيدٌ. 4) مسند اليەنى بىر پۈتۈن ئۆز ئىچىگە ئالمىغانمىكى دېگەن گۇماننى يوقىتىش ئۈچۈن. مەسىلەن: جاءنى القوم كُلُّهُمْ.

**ئون ئىككىنچى ئەھۋال، مسند اليەنىڭ عطف بيان ئارقىلىق روشەن ئىپادىلىنىشى:**

بۇنىڭ مىسالى: قدم صديقُك خالدٌ. بۇنىڭدىكى مسند اليە بولغان «صديقُك»نى خاس ئىسىم «خالدٌ» روشەن ئىپادىلىدى.

**ئون ئۈچىنچى ئەھۋال، مسند اليەدىن بدل ئېلىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ زىيادە پۇختىلىنىشى:**

بۇنىڭ مىسالى: جاءنى زيدٌ اخوك. بۇ بدل الكل من الكل بولدى.

**ئون تۆتىنچى ئەھۋال، مسند اليەنىڭ عطف بىلەن كەلتۈرۈلۈشى:**

مسند اليە تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن عطف بىلەن كەلتۈرۈلىدۇ: 1) مسند اليەنى قىسقا يول بىلەن بايان قىلىش ئۈچۈن. مەسىلەن: جاءنى زيدٌ وعمرٌو. 2) مسندنى قىسقا يول بىلەن بايان قىلىش ئۈچۈن. مەسىلەن: جاءنى زيد ثم عمرٌو. 3) سامعنى خاتالىقتىن توغرىلىققا قايتۇرۇپ ئەكېلىش ئۈچۈن. مەسىلەن: جاءنى زيدٌ لا عمرٌو. 4) ھۆكۈمنى ئىككىنچى بىر مسند اليە تەرەپكە ئاغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن. مەسىلەن: جاءنى زيد بل عمرٌو. 5) شەكلەنگەنلىكنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: جاءنى زيد او عمرو. 6) ئىككىنچى تەرەپنى شەكلەندۈرۈش ئۈچۈن. مەسىلەن: مەزكۇر مىسالدەك.

**ئون بەشىنچى ئەھۋال، مسند اليەنىڭ ئارقىسىغا ضمير فصلنىڭ كەلتۈرۈلۈشى:**

بۇنداق كەلتۈرۈلۈشنىڭ سەۋەبى، مسندنى مسند اليەگە خاس قىلىش ئۈچۈندۇر. مەسىلەن: زيد هو القائم. بۇنىڭ مەنىسى قيام ـــ زيدكىلا خاس بولۇپ، عمروگە جارى بولمايدۇ.



**ئون ئالتىنچى ئەھۋال، مسند اليەنىڭ مسندكە مقدَّم قىلىنىشى:**

تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مسند اليە مسندكە مقدَّم قىلىنىدۇ: 1) مقدملىكىنىڭ ئەسلى بولغانلىقى ھەمدە مؤخر قىلىشقا ئائىت بىرەر سەۋەب بولمىغانلىقى ئۈچۈن. 2) مسندكە ئىشتىياق باغلىتىش ۋە ئۇنى دىلدا پۇختىلاش ئۈچۈن. بۇنىڭ مىسالى شائىر ابو العلاء المعرىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

وَالَّذِىْ حَارَتِ الْبَرِيَّةُ فيه * حيوانٌ مستحدَثٌ مِنْ جَمَادِ①

3) ياخشى پال ئالدۇرۇش ئۈچۈن. مەسىلەن: سعدٌ فى دارك. 4) يامان پال ئالدۇرۇش ئۈچۈن. مەسىلەن: السفَّاح② فى دارِ صديقِك. 5) ئۇنتۇيالمايدىغانلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: الحبيبُ جَاءَ. 6) ھوزۇر ئېلىش ئۈچۈن. مەزكۇر مىسالدەك.

**ئون يەتتىنچى ئەھۋال، مسند اليەنىڭ مسندتىن مؤخر قىلىنىشى:**

مسندنى مقدم قىلىش تەلەپ قىلىنىدىغان ئورۇندا ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. بۇ كېيىن مسندنىڭ ھالەتلىرىدە كېلىدۇ، انشاء الله تعالى.

---

① حَارَت: ھەيران قالدى، بۇ يەردە اخْتَلَفَتْ مەنىسىدە كەلدى، يەنى ملزومنى سۆزلەپ لازمنى ئىرادە قىلىشتۇر. چۈنكى بىرەر ئىشتا ھەيران بولغاندا ئومۇمەن ئىختىلاپ لازىم كېلىدۇ. بَرِيَّة: خالايىق. حيواندىن ئادەم بالىلىرىنىڭ تەن ۋە بەدەنلىرى مەقسەتتۇر. مستحدَث: پەيدا قىلىنغان. جَمَاد: تۇپراق.

② سفَّاح: قانخور.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەزكۇر ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى① مقتضائى ظـاھر حـالغا مەنسۇپتۇر.

كالام قسمەن ئورۇنلاردا مقتضائى ظـاھرنىڭ خىلاپىدىمۇ تۈزۈلىدۇ. اسم ظاھرنىڭ ئورنىدا اسم ضمير ئىشلىتىش، كالامنى مقتضائى ظاھرنىڭ خىلاپىدا تۈزگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، نِعْمَ الرجلُنىڭ ئورنىدا نعم رجلا زيدٌ دېگەنگە ئوخشاش. بۇ يەردە اسم ضميرنىڭ ئورنىدا اسم ظاھر ئىشلىتىش مقتضائى ظاھر ئىدى. چۈنكى مسند اليەنىڭ زىكرى ئۈستۈندە ئۆتمىگەن ھەم مسند اليەگە دالالەت قىلىدىغان قرينة يوق. بۇنىڭدىكى ضمير غائب كۆڭلىدە تونۇشلۇق بولغان بىرسىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ھەقتە ئۆلىمالارنىڭ ئىككى خىل قارىشى بار: بىرى، مخصوص ـــ مبتدأ محذوفنىڭ خبرىدۇر، (يەنى ھو زيدٌ). بۇ چاغدا «نعم رجلا زيدٌ» ئىككى جۈملە ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىرى، مخصوص ـــ مبتدأ مۇئەخخەردۇر، «نعم رجلا» ـــ ئۇنىڭ خبر مقەددەمىدۇر. بۇ چاغدا «نعم رجلا زيدٌ» بىر جۈملە ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ توختىلىۋاتقىنىمىز بىرىنچى قاراشقا ئۇدۇل كېلىدۇ.

بەزىدە ضميرنىڭ ئورنىدا اسم ظاھر كەلتۈرۈلىدۇ. ضميرنىڭ ئورنىدا اسم ظاھر ئىشلىتىلىشمۇ كالامنى مقتضائى ظاھرنىڭ خىلاپىدا تۈزگەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

ضميرنىڭ ئورنىدا اسم ظاھرلاردىن اسم اشارەتنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، بۇنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق بىر قانچە خىل بولىدۇ.

① حذف، ذكر، اضمار ۋە باشقىلار.



1) مسند اليەنى ئاجايىپ ـ غارايىپ ھۆكۈمگە خاس قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى اسم اشارة ئارقىلىق كامىل ئايرىپ چىقىپ، شۇ تەرەپكە تولۇق يۈزلەندۈرۈش. بۇنىڭ مىسالى شائىر احمد بن يحيى بن اسحق راۋەندىنىڭ ئېيتقان مۇنۇ شېئىرىدۇر:

كَمْ عاقلٍ عاقلٍ اَعْيَتْ مَذَاهِبُهُ * وجاهلٍ جاهلٍ تَلْقَاهُ مَرْزُوْقَا
هَذَا الَّذِى تَرَكَ الْاَوْهَامَ حَائِرَةً * وَجَعَلَ العالِمَ النِّحْرِيرَ زِنْدِيقَا①

بۇنىڭدىكى «هَذَا»دىن ئالدىنقى ھەيران قالارلىق بىر ھۆكۈم تەرەپكە ئىشارەت بار. ئۇ بولسىمۇ دانانىڭ رىزقتىن مەھرۇم قېلىشى، ناداننىڭ رىزقلىق بولۇشى. بۇ يەردە مقتضائى ظاھر شائىرنىڭ ضمير كەلتۈرۈشى ئىدى. چۈنكى ئىلگىرى ئۆتكەن غير محسوس نەرسە مرجع بولالاتتى.

2) ئەماغا چاقچاق قىلغانلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن، ئەما كىشىنىڭ « مَنْ ضَرَبَنِى؟» دېگەن سوئالىغا «هذا ضَرَبَكَ» دەپ جاۋاب بېرىش. ئەسلىدە جاۋاب «ھو» بولۇشى لازىم ئىدى. 3) سامىئنى محسوسنىڭ باشقىسىنى بىلمەيدۇ، دەپ ئۇنىڭ دۆتلىكىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن. مەسىلەن، بىرسى «مَنْ عَالِمُ الْبَلَدِ؟» دەپ سورىسا، ئۇنىڭ جاۋابىدا «ھو زيد» دېيىشنىڭ ئورنىغا «ذلك زيد» دېگەندەك. 4) سامىئنىڭ ناھايىتى

① كم خبرية ـــ تكثير ئۈچۈن. ئىككىنچى عاقل بىرىنچى عاقلنىڭ سۈپىتى، يەنى كامل العقل. اعيت: قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. مذاهب: تۇرمۇش يوللىرى. ترك: بمعنى صيَّر. حائرة: ھەيران قالدۇرغۇچى. نحرير: ئۆتكۈر ئالىم. زنديق: كافىر.

سەزگۈرلىكىنى تونۇتۇش ئۈچۈن. مەسىلەن، بەزى مۇدەررىسنىڭ بىرەر قىيىن مەسىلىنىڭ تەقرىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، «هذه عند فلانٍ ظاهرةٌ» دېگىنىگە ئوخشاش. بۇ يەردە «هي ظاهرة عند فلان» دېيىش لازىم ئىدى. لېكىن، سامىئنىڭ ئالدىدا معقولاتمۇ محسوساتنىڭ ئورنىدا دېگەننى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قېيىپ كېتىلدى.

ضمىرنىڭ ئورنىدا بەزىدە اسم اشارەتتىن باشقا اسم ظاهردىن بىرەرسى كەلتۈرىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك: 1) سامىئنىڭ زېھنىگە مسند اليەنى پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿قُلْ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ ۝ ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ﴾[1]، «هو الصمد» دېمىدى. 2) سامىئنىڭ دىلىغا قورقۇنچ تاشلاش ئۈچۈن. 3) بۇ ئىش چوقۇم بولۇش لازىم، دەپ ھۆكۈمنىڭ سەۋەبىنى پۇختا قىلىش ئۈچۈن. بۇ ئىككىلىسىنىڭ مىسالى: «اَنَا اٰمُرُكَ» دەيدىغان يەرگە «اَمِيْرُ المؤمنين يأمرك بكذا» دەيدۇ (پادىشاھ). 4) مېھرى-شەپقەت تەلەپ قىلىش ئۈچۈن. بۇنىڭ مىسالى شائىر امام زين العابدين على بن حسين بن علىنىڭ ئېيتقان مۇنۇ شېئىرىدۇر:

اِلٰهِيْ عَبْدُكَ الْعَاصِي اَتَاكَا * مُقِرًّا بِالذُّنُوْبِ وَقَدْ دَعَاكَا[2]

ئەسلىدە «انا اٰتِيْكَ عاصِيًا» دېيىسە بولاتتى، لېكىن شائىر سامىئدىن شەپقەت تەلەپ قىلىش مەقسىتىدە ضمىرنىڭ ئورنىدا «عبدك» دەپ اسم ظاهر كەلتۈردى.

---

① 112- سۈرە ئىخلاس.
② بۇنىڭ ئاخىرى: فَاِنْ تَغْفِرْ فَاَنْتَ لِذَاكَ اَهْلٌ * وَاِنْ تَطْرُدْ فَمَنْ يَّرْحَمْ سِوَاكَا



صنعة التفاتمۇ كالامنى مقتضائى ظاهرنىڭ خىلاپىدا تۈزگەنگە تەۋەدۇر.

**صنعة التفات** —— ئۈچ ئۇسلۇبنىڭ ئىچىدىن بىر ئۇسلۇبتا بىر نەرسىنى زىكرى قىلغاندىن كېيىن، ئارقىدىن يەنە بىر ئۇسلۇبتا زىكرى قىلىشتۇر.

ئۈچ ئۇسلۇب: تكلُّم، خطاب، غيبةتۇر. مەسىلەن: ﴿إِنَّآ أَعْطَيْنَٰكَ ٱلْكَوْثَرَ ۝ فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَٱنْحَرْ﴾[1]. مقتضائى ظاهر «لنا» ئىدى. بۇنىڭدا، التفاتتا يېڭىلىق پەيدا بولغانلىقتىن سامىئنىڭ خۇشاللىقى ۋە يۈز كەلتۈرۈشى ئاشىدۇ.

بەزى ئورۇنلاردىكى صنعة التفاتتا ئارتۇقچە مۇھىم نۇقتىلارمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: سۈرە فاتىھەنىڭ بېشىدا الله تعالىنىڭ زىكرى اسم ظاهر شەكلىدە كەلدى (بۇ حكمًا غائبنىڭ ئۇسلۇبى ھېسابلىنىدۇ). كەينىدىن خىتاب بىلەن كەلدى. دېمەك، ئارىلىقتا نۇرغۇنلىغان مۇھىم نۇقتىلار بار.

كالامنى مقتضائى ظاهرنىڭ خىلاپىدا تۈزۈشنىڭ يەنە مۇنداق بىر شەكلىمۇ بار: ئۇنىڭدا مخاطبنىڭ سۆزى ئۇنىڭ مۇرادىنىڭ خىلاپىغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. بۇ، سەن ئۇنى ئىرادە قىلماي، بۇنى ئىرادە قىلىشىڭ لازىم دېگەنگە ئىشارەت قىلغان ھالدا ئۇقتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: پادىشاھ حجّاج تەھدىت سېلىپ: «لَاَحْمِلَنَّكَ عَلَى الْاَدْهَمِ» (ساڭا كىشەن سالىمەن)، دېگەندە، شائىر قُبَعْثَرٰى: «مِثْلُ الْاَمِيْرِ يَحْمِلُ عَلَى الْاَدْهَمِ وَالْاَشْهَبِ» (ئۆزلىرىگە ئوخشاش

---

① 108- سۈرە كەۋسەر.

www.uyghurkitap.com



پادىشاھ قارا ۋە ئاق ئاتقا مىندۇرۇپ قويىدۇ)، دېگىنىگە ئوخشاش.

سورىغۇچىنىڭ سوئالىغا ئۇنىڭ سوئالىنىڭ خىلاپىدا جاۋاب بېرىشمۇ كالامنى مقتضائى ظاھرنىڭ خىلاپىدا تۈزۈشنىڭ بىر شەكلىدۇر. مەسىلەن: ﴿يَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلۡأَهِلَّةِۖ قُلۡ هِيَ مَوَٰقِيتُ لِلنَّاسِ وَٱلۡحَجِّۗ﴾① (ساھابىلار: «ئاي نېمە ئۈچۈن دەسلەپتە كىچىك چىقىپ ئاندىن چوڭىيىدۇ»، دەپ ئاسترونومىيە ئىلمىدىن سورىسا، «بۇ ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ئىش-كۈشلىرى، ھەج، ئىبادەت، زىرائەت، تىجارەت، ئاياللارنىڭ ئىددەتىنىڭ مۇددىتى، ھامىلدارلىق، ھەيز، نىفاس قاتارلىقلارنىڭ ۋاقتىنى بىلىش ئۈچۈن ئالامەتتۇر»، دەپ سورىغۇچىنىڭ سوئالىنىڭ خىلاپىدا جاۋاب بېرىلدى).

شۇنىڭدەك، مستقبلنىڭ واقعەسىنى ماضى بىلەن بايان قىلىشمۇ كالامنى مقتضائى ظاھرنىڭ خىلاپىدا تۈزۈشنىڭ بىر شەكلىدۇر (بۇ خىل شەكىلدە، مستقبلنىڭ واقعەسى ماضىغا ئوخشاش جەزملىك بولىدۇ). مەسىلەن: ﴿وَيَوۡمَ يُنفَخُ فِي ٱلصُّورِ فَفَزِعَ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَن فِي ٱلۡأَرۡضِ﴾②. قورقۇنچ ئاخىرەتتە بولىدىغانلىقتىن ﴿فيفزع﴾ دېيىش لازىم ئىدى. لېكىن، بۇنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ جەزملىكىگە تەنبىھ قىلىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ماضى بىلەن ئىبارەت كەلتۈرۈلدى.

① 2-سۈرە بەقەرە 189- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 27- سۈرە نەمل 87- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



قلبمۇ كالامنى مقتضائى ظاھرنىڭ خىلاپىدا تۈزۈشنىڭ بىر شەكلى: بۇنىڭدا كالامنىڭ بۆلەكلىرىدىن بىرىنچىسىنىڭ ئورنىغا ئىككىنچىسى، ئىككىنچىسىنىڭ ئورنىغا بىرىنچىسى ئورۇنلاشتۇرىلىدۇ. مەسىلەن: عَرَضْتُ النَّاقَةَ عَلَى الْحَوْضِ (بۇ سۆزنىڭ ئۆگى مۇنداق: عرضتُ الْحَوْضَ عَلَى الناقةِ اى اظهرتُه عليها لِتَشْرَبَ). بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، معروض عليەنىڭ صاحب شعور وادراك بولۇشى زۆرۈردۇر، شۇندىلا ئۇنىڭدا معروض تەرەپكە رىغبەت ياكى نەپرەت بولىدۇ. بۇ ئىش تۆگىدە تېپىلىدۇ. حوضدە تېپىلمايدۇ.

## ئۈچىنچى باب مسندنىڭ ئەھۋالى

### بىرىنچى ئەھۋال، مسندنىڭ حذف قىلىنىشى:

مسندنىڭ حذف قىلىنىش سەۋەبلىرى مسند اليەنىڭ حذف قىلىنىش سەۋەبلىرىگە ئوخشاش. بۇنىڭ مىسالى شائىر ضابى بن الحارثنىڭ ئېيتقان مۇنۇ شېئىرىدۇر:

وَمَنْ يَكُ اَمْسٰى بِالْمَدِيْنَةِ رَحْلُهُ * فَاِنِّىْ وَقَيَّارٌ بِهَا لَغَرِيْبُ①

بۇ كالامنىڭ ئەسلىسى: «فانى بها لغريب وقيار بها غريب»دۇر.

① رَحْل: ئۆي، قونالغۇ. قَيَّار: شائىرنىڭ تۆگىسىنىڭ ئىسمى. غَرِيْب: مۇساپىر.

حذف قىلىشتا قىرىنەنى تىكلەپ قويۇپ، ئاندىن حذف قىلىش لازىم. قرينة، يەنى حذفنىڭ ۋەجھىلىرى تۆۋەندىكىچە: 1) اختصار. 2) خبرنى زىكرى قىلىشتا پايدا بولماسلىق. 3) شائىرنىڭ ھەسرەت ۋە دەرت ـ ئەلەم ئىچىدە زۆرۈرەتتىن ئارتۇق سۆزلەشنى خالىماسلىقى. 4) شېئىرنىڭ ۋەزنىسىنى ساقلاپ قېلىش.

**ئىككىنچى ئەھۋال، مسندنىڭ زىكرى قىلىنىشى:**

مسندنىڭ زىكرى قىلىنىش سەۋەبلىرى مسند اليەنىڭ زىكرى قىلىنىش سەۋەبلىرىگە ئوخشاش.

بۇنىڭدىن باشقا، مسندنىڭ اسم ياكى فعل ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش ئۈچۈنمۇ مسند زىكرى قىلىنىدۇ. چۈنكى، اسمدا ثبوت ۋە فعلدا تجدُّد بولىدۇ.

**ئۈچىنچى ئەھۋال، مسندنىڭ مفرد بولۇپ كېلىشى:**

ھۆكۈمنى كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنمىسا، مسند جۈملە بولماي، مفرد بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: زيد قائم.

**تۆتىنچى ئەھۋال، مسندنىڭ فعل بولۇپ كېلىشى:**

بۇنىڭ رولى قىسقا يول بىلەن مەقسەتنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، فعلنى ئۈچ زاماننىڭ بىرىگە قەيت قىلىش ھەمدە تجدُّدنى ئىپادىلەشتۇر. بۇنىڭ مىسالى شائىر طريف بن تميمنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

اَوَكُلَّمَا وَرَدَتْ عُكَاظَ قَبِيْلَةٌ * بَعَثُوْا اِلَيَّ عَرِيْفَهُمْ يَتَوَسَّمُ①

بۇنىڭدىكى «يَتَوَسَّمُ» تجددنى ئىپادىلەيدىغان فعلدۇر.

① عكاظ: بازار ئىسمى. عريف: داھى، رەھبەر. يتوسم: ئىنچىكىلەپ قارايدۇ.



**بەشىنچى ئەھۋال، مسندنىڭ اسم بولۇپ كېلىشى:**

بۇنىڭ رولى دوام ۋە ثبوتنى ئىپادىلەشتۇر. بۇنىڭ مىسالى شائىر نضر بن لۇيەنىڭ ئېيتقان مۇنۇ شېئىرىدۇر:

لَا يَأْلِفُ الدِّرْهَمَ الْمَضْرُوْبَ صُرَّتُنَا * لٰكِنْ يَمُرُّ عَلَيْهَا وَهْوَ مُنْطَلِقُ

بۇنىڭدا شائىرنىڭ «مُنْطَلِق» دېگەن مسندنى اسم شەكلىدە كەلتۈرۈپ، درھەمگە «انطلاق» سۈپىتىنى ئىسپاتلىشىدىكى سەۋەب، درھەم يانچۇقتا كىرىپ تۇرغان بولسىمۇ، سېخىيلىقنىڭ ۋەجھىدىن، يەنە بىر تەرەپتىن توختىماستىن چىقىپ تۇرىدۇ، دېگەنلىكنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغانلىقتىندۇر①.

**ئالتىنچى ئەھۋال، فعل ۋە فعلنىڭ ئوخشىشىدىن بولغان مسندكە بەش مفعولنىڭ بىرى، ياكى حال، ياكى تمييزدىن بىرىنىڭ قەيت قىلىنىشى:**

بۇنىڭ رولى مەزمۇننى بېيىتىشتۇر. چۈنكى، كالامدا خۇسۇسىيەت ۋە تەپسىل قانچە كۆپ بولسا، پايدىمۇ شۇ قەدەر زىيادە بولىدۇ.

**يەتتىنچى ئەھۋال، فعل ۋە فعلنىڭ ئوخشىشىدىن بولغان مسندكە مفعول ۋە باشقىسىنىڭ قەيت قىلىنماسلىقى:**

مەزمۇننى بېيىتىشتا بىرەر مانع تېپىلىپ قالغاندا شۇنداق بولىدۇ. مانع دېگىنىمىزدىن، مۇددەتنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى، پۇرسەتنىڭ كېتىپ قېلىشى دېگەندەك ئىشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

① ئاگاھ بولۇڭكى، اسم فاعل بۇ يەردە قرينەلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ھازىرقى زامانغا دالالەت قىلىشتىن پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



**سەككىزىنچى ئەھۋال، فعــل‌دىن بولغان مســـندنىڭ شرطكە قەيت قىلىنىشى:**

بۇ يەردە، ئالدى بىلەن شرط كەلىملىرىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئازراقىنى بايان قىلىمىز:

«انْ» ۋە «اذَا» استقبالدا شرط بولۇپ كېلىدۇ.

«انْ» كۆپىنچە شرطنىڭ واقىع بولۇشىدا جەزم بولمىغان (شەكلەنگەن) ئورۇندا ئىشلىتىلىدۇ.

«اذَا» كۆپىنچە جەزملىك ئورۇندا ئىشلىتىلىدۇ. كۆپىنچە بۇنىڭ بىلەن ماضى بىرگە كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿فَإِذَا جَآءَتۡهُمُ ٱلۡحَسَنَةُ قَالُواْ لَنَا هَٰذِهِۦۖ وَإِن تُصِبۡهُمۡ سَيِّئَةٞ يَطَّيَّرُواْ بِمُوسَىٰ وَمَن مَّعَهُۥٓۗ﴾[1]. بۇنىڭدىكى ﴿ٱلۡحَسَنَةُ﴾ ماضى لەۋزى ﴿إِذَا﴾ بىلەن كەلدى. چۈنكى ﴿ٱلۡحَسَنَةُ﴾دىن مەۋجۇدلۇقى جەزىم بولغان مۇتلەق ياخشىلىق مەقسەتتۇر. ﴿سَيِّئَةٞ﴾ مضارع لەۋزى ﴿إِن﴾ بىلەن كەلدى. چۈنكى بالا ۋە مۇسىبەتنىڭ يۈز بېرىشى ياخشىلىققا نىسبەتەن كەم بولىدۇ. ﴿ٱلۡحَسَنَةُ﴾دىن مۇتلەق ياخشىلىق مەقسەتتۇر. شۇڭا، ئۇنىڭغا معرَّف بلام الجنس داخل بولغان. چۈنكى جنس ھەر قانداق نوعدە تېپىلىدۇ. كثير الوقوع بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېششى جەزملىك بولىدۇ. ﴿سَيِّئَةٞ﴾دىن قەھەتچىلىك دېگەندەك بەزى ياماللىق مەقسەت بولۇپ، بۇ ﴿ٱلۡحَسَنَةُ﴾گە نىسبەتەن يۈز بېرىشى ئاز بولغانلىقتىن جەزملىك بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ نكرە كەلدى.

① 7- سۈرە ئەئراف 131- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



بۇنىڭدىنمۇ زىيادە روشەن مىسال بۇ ئايەتتۇر: ﴿إِذَا قُمۡتُمۡ إِلَى ٱلصَّلَوٰةِ ... الى وَإِن كُنتُمۡ جُنُبٗا فَٱطَّهَّرُواْۚ وَإِن كُنتُم مَّرۡضَىٰٓ﴾[1]. يەنى، بۇ ئايەتتە دائىم يۈز بېرىدىغان تاھارەت ھەققىدە ﴿إِذَا﴾ لەۋزى كەلدى. يۈز بېرىشى ئاز بولىدىغان جىنابەت غۇسلىسى ھەققىدە ﴿إِن﴾ لەۋزى كەلدى.

«انْ» بەزىدە جەزملىك ئورۇندا ئۆزىنى بىلمەسكە سېلىۋالغانلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: قۇلدىن خوجايىن توغرۇلۇق: «هَلْ هُوَ في الدار؟» دەپ سورالسا، ئۇ ئۆيدە بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ: «انْ كان فيها اُخبِرُكَ» (ئۆيدە بولسا بار دېمەمتىم) دەپ ئۆزىنى بىلمەسكە سېلىۋالىدۇ.

بەزىدە مخاطبكە ئىشەنچ بولمىغان سەۋەبلىكمۇ «انْ» ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن، دېگەن كىشىگە مۇنداق دېيىلىدۇ: «انْ صدقتُ فماذا تَفعل» (ئەگەر راستىنى ئېيتسام نېمە قىلالايتتىڭ).

بەزىدە ئالىمنى جاھىلنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈنمۇ «انْ» ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۆزىنىڭ ئاتىسىغا ئازار بەرگەن كىشىگە: «انْ كَانَ ابَاكَ فَلَا تُؤْذِهِ» دېگەنگە ئوخشاش (ئۇ سېنىڭ ئاتاڭ بولغان بولسا، ئازار بەرمەستىڭ، ـھە!).

بەزىدە مخاطبكە كايىش ئۈچۈنمۇ «انْ» ئىشلىتىلىدۇ (شرط ھەرگىز بولماسلىق لازىم ئىدى دېمەكچى). مەسىلەن: ﴿أَفَنَضۡرِبُ

① 6- سۈرە مائىدە 6- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

عَنكُمُ ٱلذِّكۡرَ صَفۡحًا اِنْ كُنتُمۡ قَوۡمًا مُّسۡرِفِينَ﴾[①] (اِنْنىڭ ھەمـزىسى كسرة ئوقۇلغان قرائەتكە بىنائەن). ئۇلارنىڭ ئىسراپ قىلغۇچى قەۋم ئىكەنلىكى مقطوعٌ بە ئىش ئىدى. لېكىن بۇ يەردە ﴿إِن﴾ ئىشلىتىلىشتىكى سەۋەب، بىرى، ئۇلارغا كايىش ئۈچۈن. يەنە بىرى، ئاڭلىقلاردىن ئىسراپ سادىر بولۇش مۇھالنىڭ ئورنىدا پەرەز ئېتىلىش ئۈچۈندۇر. (سىلەرغۇ ھەرگىز كافىرلىق قىلغۇچى قەۋم بولمايسىلەر، ئاقىلدىن كۇفرى سادىر بولۇش مۇمكىن ئەمەس. سىلەردىن كۇفرىلىقنىڭ سادىر بولۇشنى پەرەز ئەتكەن تەقدىردىمۇ «قۇرئان كەرىم»نى ئۇستۇڭلاردىن ھەرگىز قايتۇرۇپ كەتمەيمىز).

بەزىدە سۆيەتلەنمىگەننى سۆيەتلەنگەننىڭ ئۇستىگە غالىب قىلىش ئۈچۈنمۇ «اِنْ» ئىشلىتىلىدۇ. بۇمۇ كالامنى مقتضائى ظاھرنىڭ خىلاپىدا تۈزگەنلىكتۇر. مەسىلەن: ﴿وَإِن كُنتُمۡ فِي رَيۡبٍ مِّمَّا نَزَّلۡنَا عَلَىٰ عَبۡدِنَا﴾[②]. شەك قىلمىغانلارمۇ بار ئىدى، لېكىن خىتاب ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇ مخاطبكە كايىشنىڭمۇ مىسالى بولالايدۇ.

تغليب نۇرغۇن يەردە كېلىدۇ. مەسىلەن، ﴿وَكَانَتۡ مِنَ ٱلۡقَٰنِتِينَ﴾[③]دا مذكر ـــــ مؤنثنىڭ ئۇستىگە غالىب قىلىندى.

لَوْ ـــــ جزاءنىڭ مەزمۇنىنىڭ ھاسىل بولۇشنى ئۆتكەن زاماندا ھاسىل بولۇشى پەرەز ئېتىلگەن شەرطنىڭ مەزمۇنىغا

① 43- سۇرە زۇخرۇف 5- ئايەت.
② 2- سۇرە بەقەرە 23- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 66- سۇرە تەھرىم 12- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



باغلاشقا تەيىن قىلىنغان كەلىمىدۇر ھەمدە شرطنىڭ جەزمەن يوقلۇقا چىقىشى شەرتتۇر. بۇنىڭدىن جزاءنىڭ يوقلىشى لازىم. مەسىلەن: «لَوْ جِئْتَنِي لَأَكْرَمْتُكَ» دېسە، بۇنىڭ ئۆرپىي مەنىسى مۇنداق: ئۆتكەن زاماندا «ئىكرام»نىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى، ئۆتكەن زاماندا «كېلىش»نىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا باغلىق ئىدى. لېكىن، «كېلىش» ۋۇجۇدقا چىقمىغانلىقتىن، «ئىكرام»مۇ ۋۇجۇدقا چىقمىدى.

## توققۇزىنچى ئەھۋال، مسندنىڭ نكرة كەلتۈرۈلۈشى:

مسند تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نكرة شەكلىدە كەلتۈرۈلىدۇ: 1) حصر ۋە عهد ئىرادە قىلىنمىغانلىقتىن. مەسىلەن: زيد كاتبٌ. 2) تفخيم (مۇبالغە)نى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿هُدًى لِّلۡمُتَّقِينَ﴾[①]. 3) ھەقىر ساناشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ما زيدٌ شيئًا.

## ئونىنچى ئەھۋال، مسندنىڭ اضافة ياكى صفةكە خاس قىلىنىشى:

بۇنىڭ رولى مەزمۇننى بېيىتىشتۇر. اضافةنىڭ مىسالى: زيد غلام رجل. صفةنىڭ مىسالى: زيد رجل عالم.

## ئون بىرىنچى ئەھۋال، مسندنىڭ اضافة ياكى صفةكە خاس قىلىنماسلىقى:

مەزمۇننى بېيىتىشتىن بىرەر مانع بولۇپ قالغاندا شۇنداق بولىدۇ.

① 2- سۇرە بەقەرە 2- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



### ئون ئىككىنچى ئەھۋال، مسندنىڭ معرفة كەلتۈرۈلۈشى:

بۇنىڭ رولى، مخاطبكە بەزىبىر سۈپەت مەلۇم بولغان بولسا، متكلم شۇنى مخاطبكە ئەسلىتىشنى مەقسەت قىلسا، تعريف يوللىرىنىڭ بىرى بىلەن مسندنى معرفة كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن: مخاطب زيدنى تونۇيدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆز قېرىندىشى ئىكەنلىكىنى تونۇمايدۇ. بۇ ھالدا، متكلم مخاطبكە «زيدٌ اَخُوْكَ» دەيدۇ. بۇ يەردە مسند اضافة بىلەن، مسند اليه علم بىلەن كەلدى؛ مخاطب ئۆزىنىڭ بىرەر قېرىندىشىنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ زيد ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. بۇ ھالدا، متكلم مخاطبكە «اَخُوْكَ زيدٌ» دەيدۇ. بۇ يەردە مسند علم بىلەن، مسند اليه اضافة بىلەن كەلدى؛ مخاطب عمرو ئىسىملىك بىرسىنى بىلىدۇ ھەم بۇ يەردە انطلاق بىلەن سۈپەتلەنگەن مۇئەييەن بىرسىنىمۇ بىلىدۇ. لېكىن، انطلاق بىلەن سۈپەتلەنگىنى عمرو ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. بۇ ھالدا، متكلم مخاطبكە «عمرو المنطلقُ» دەيدۇ. بۇ يەردە مسند لام عهد بىلەن، مسند اليه علم بىلەن كەلدى؛ مخاطب مۇئەييەن بىر كىشىنىڭ انطلاق بىلەن سۈپەتلەنگەنلىكىنى بىلىدۇ، لېكىن ئۇ مۇئەييەن كىشى عمرو ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. بۇ ھالدا، متكلم مخاطبكە «المنطلقُ عمرو» دەيدۇ. بۇ يەردە مسند علم بىلەن، مسند اليه لام عهد بىلەن كەلدى.

### ئون ئۈچىنچى ئەھۋال، مسندنىڭ جۈملە بولۇپ كېلىشى:

ئىككى خىل ۋەجھىدىن مسند جۈملە بولۇپ كېلىدۇ: بىرى، مسند — سببى بولغانلىقتىن. مەسىلەن: زيدٌ ابوه قائمٌ.



يەنە بىرى، مسند — ھۆكۈمنىڭ كۈچىيىشىنى ئىپادىلىگۈچى بولغانلىقتىن. مەسىلەن: زيدٌ قامَ.

### ئون تۆتىنچى ئەھۋال، مسندنىڭ مسند اليهدىن مؤخَّر قىلىنىشى:

بۇنىڭ سەۋەبى مسند اليهنى مقدم قىلىش سەۋەبلىرىگە ئوخشاش.

### ئون بەشىنچى ئەھۋال، مسندنىڭ مسند اليهگە مقدم قىلىنىشى:

1) مسند اليهنى مسندكە خاس قىلىش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿لَا فِيهَا غَوْلٌ﴾[1] بخلاف خمور الدنيا فان فيها غولا. 2) دەسلەۋىدىلا سامىعغا بۇ، صفة ئەمەس، خبر دېگەنگە تەنبىھ قىلىش ئۈچۈن. بۇنىڭ مىسالى شائىر ھەزرىتى حَسَّان بن ثابت رضي الله عنهنىڭ رسول الله ﷺنىڭ ئالىي شەنىگە قارىتىپ ئېيتقان مۇنۇ شېئىرىدۇر:

لَهُ هِمَمٌ لَا مُنْتَهٰى لِكِبَارِهَا * وَهِمَّتُهُ الصُّغْرٰى اَجَلُّ مِنَ الدَّهْرِ[2]

بۇ يەردە «هِمَمٌ لَهُ» دېسە موصوف ۋە صفةكە ئېھتىمال تۇتۇپ قالغان بولاتتى.

3) دەسلەۋىدىلا سامىعغا خۇشاللىقنى ھېس قىلدۇرۇپ ياخشى پال ئالدۇرۇش ئۈچۈن. مەسىلەن:

سَعِدَتْ بِغُرَّةِ وَجْهِكَ الْاَيَّامُ * وَتَزَيَّنَتْ بِبَقَائِكَ الْاَيَّامُ[3]

بۇنىڭدا «سَعِدَتْ» مەقسەتلىك مقدم قىلىندى.

---

① 37- سۈرە سافات 47- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② هِمَم: ئىرادە، ھىممەت.

③ غُرَّة: ئاقلىق، نۇر چېچىش.

4) مسند اليەنىڭ زىكرىگە ئىشتىياق باغلىتىش ئۈچۈن. بۇنىڭ مىسالى شائىر محمد بن وهبنىڭ ابو اسحق المعتصم باللهنى مەدھىيلەپ ئېيتقان مۇنۇ شېئىرىدۇر:

ثلاثةٌ تُشْرِقُ الدُّنْيَا بِبَهْجَتِهَا * شمسُ الضُّحٰى وابو اسحق والقمر[①]

بۇنىڭدا «ثلاثةٌ» مەقسەتلىك مقدم قىلىندى.

تەنبىھ: مسند ۋە مسند اليەنىڭ مەزكۇر ھالەتلىرى مفعول بە، حال، تمييز ۋە مضاف اليه قاتارلىقلاردىمۇ تېپىلىدۇ.

## تۆتىنچى باب فعلنىڭ متعلقاتلىرىنىڭ ئەھۋالى

### بىرىنچى ئەھۋال، مفعولنىڭ حذف قىلىنىشى:

مفعول تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن حذف قىلىنىدۇ: 1) ابهامنى ئىزاھلاش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿فَلَوْ شَآءَ لَهَدَىٰكُمْ أَجْمَعِينَ﴾[②]، يەنى لوشاء هدايتكم لهداكم أجمعين. 2) دەسلىۋىدىلا مەقسەتنىڭ غەيرىنى ئىرادە قىلىپ قېلىشنىڭ گۇمانىنى يوقىتىش ئۈچۈن. بۇنىڭ مىسالى شائىر بحترىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

وَكَمْ ذِدْتَ عَنِّى مِنْ تحامُل حادثٍ * وسورة ايامٍ حَزَزْنَ اِلَى الْعَظْمِ[③]

---

① تُشْرِقُ: يورۇيدۇ. بَهْجَة: گۈزەللىك.

② 6- سۈرە ئەنئام 149- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ ذدت: چېكىندۈردىڭ. تحامل: ئىنساپسىزلىق. سورة: قاتتىقلىق. حزن: كەستى.



ئەگەر «حَزَزْنَ»نىڭ مفعولى (اللحم)نى تىلغا ئېلىپلا قويسا، سۆز «الى العظم»گە بېرىپ بولغىچە مخاطبكە كېسىش گۆشتىلا توختاپ سۆزگەككە يەتمەيتۇ، دەيدىغان گۇمان كېلىپ قالىدۇ. بۇ بولسا مەقسەتنىڭ خىلاپىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مفعول حذف قىلىندى. 3) متكلم ـــ فعلنى كېيىنكى مفعولغا باغلاشقا زىيادە كۆڭۈل بۆلگەندە، فعلنى شۇ مفعولنىڭ ئاشكارا لفظىگە چۈشۈرىدۇ. مۇنداق ھالەتتە، ئەگەر مەقسەتلىك كېيىنلەشتۈرۈلگەن مفعولنى ئىلگىرىلەشتۈرسە، ئارقىدىن كەلگەن فعلغا ئۇنى كۆرستىپ بېرىدىغان ضميردىن بىرنى باغلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ بولسا مەقسەتنىڭ خىلاپىدۇر. بۇنىڭ مىسالى شائىر بحترىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

قَدْ طَلَبْنَا فَلَمْ نَجِدْ لَكَ فِى السُّو * دَدِ والمجدِ والمكارمِ مِثْلَا

بۇنىڭدا شائىر «طَلَبْنَا»نىڭ مفعولىنى مذكور (مِثْلَا)نى پەرەز قىلىپ تۇرۇپ حذف قىلدى. چۈنكى «مِثْلَا»نى باشتا زىكرى قىلغان بولسا، بۇنىڭغا قارىتىپ بىر ضمير كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ چاغدا كالام مۇنداق بولىدۇ: قد طلبنا مثلا لك فِى السُّودَدِ والمكارمِ فَلَمْ نَجِدْهُ. بۇ ھالەتتە شائىرنىڭ مەقستى (يەنى، لَمْ نَجِدْ فعلنى مفعولنىڭ ئاشكارا لفظىگە چۈشۈرۈش) ئىپادىلەنمەي قالىدۇ. بۇ چاغدا مخاطبكە باشقىچە گۇمان كېلىپ قالىدۇ. 4) اختصار بىلەن ئۇمۇميلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: قدكان منك ما يُؤلم. بۇ يەردە ئۇمۇم ئىرادە قىلىنغانلىقتىن مفعول

حذف قىلىنىپ كەتتى، يەنى «كُلَّ اَحَدٍ» دېگەن بولدى. 5) ئومۇمىيلىقنى كۆزلىمەي، اختصارنىلا ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿رَبِّ أَرِنِيٓ أَنظُرۡ إِلَيۡكَ﴾① يەنى اَرِنِى ذَاتَكَ. 6) فاصىلەگە رىئايە قىلىش② ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿مَا وَدَّعَكَ رَبُّكَ وَمَا قَلَىٰ﴾③، ئەسلىسى «مَا قَلَاكَ» ئىدى. 7) مفعولنى تىلغا ئېلىش ئەپسىز بولغانلىقى ئۈچۈن. مەسىلەن: ھەزرىتى عائشة صدىقة رضي الله عنهانىڭ سۆزى: «كنتُ اغتسلُ انا ورسول الله ﷺ من اناءٍ واحدٍ ما رأيتُ منه» اى من النبى ﷺ «ولا رأى منّى» اى العورة.

## ئىككىنچى ئەھۋال، مفعول ۋە ئۇنىڭ باشقىسىنىڭ فعلغا مقدَّم قىلىنىشى:

بۇنىڭ سەۋەبى، تعيىندىكى خاتالىققا رەددىيە بېرىشتۇر. مەسىلەن: زيدًا عرفتُ. يەنى، مخاطب عمرو دەپ چۈشىنىپ قالغان بولسا، عمرو ئەمەس، زيد ئىدى دەپ زيدنى تونۇتتى.

## ئۈچىنچى ئەھۋال، بەزى معموللارنىڭ بەزى معمولLارغا مقدم قىلىنىشى:

تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزى معمولLار بەزى معمولLارغا مقدم قىلىنىدۇ: 1) مقدم قىلىش ئەسلى بولغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ خىلاپىنى تەلەپ قىلغۇچى بولمىغانلىقى ئۈچۈن.

① 7- سۈرە ئەئراف 143- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② «قۇرئان كەرىم»دە فاصلەگە رىئايە قىلىش، «قۇرئان كەرىم»نىڭ باشقىسىدا سجع دەپ ئاتىلىدۇ.
③ 93- سۈرە زۇھا 3- ئايەت.



مەسىلەن، فاعلنى مقدم قىلىش: ضَرَبَ زيدٌ عَمْرًوا. 2) مقدم قىلىنغۇچى معمولنىڭ زىكرى مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن. مەسىلەن: قَتَلَ الخارجىَ فلانٌ. 3) تەخىر قىلىنغاندا كالامنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بولغانلىقتىن. مەسىلەن: ﴿وَقَالَ رَجُلٌ مُّؤۡمِنٌ مِّنۡ ءَالِ فِرۡعَوۡنَ يَكۡتُمُ إِيمَٰنَهُۥٓ﴾①. ئەگەر ﴿مِّنۡ ءَالِ فِرۡعَوۡنَ﴾نى ﴿يَكۡتُمُ إِيمَٰنَهُۥٓ﴾دىن كېيىن كەلتۈرسە، ئۇ ﴿رَجُل﴾ ﴿ءَال فِرۡعَوۡنَ﴾دىن ئىدى دېگەن مەنە ئۇقتۇرۇلماي قالىدۇ. چۈنكى كېيىن كەلتۈرگەندە ﴿مِّن﴾ ﴿يَكۡتُم﴾غا متعلق بولۇپ قالىدۇ. 4) كېيىن كەلتۈرگەندە تناسُبقا نۇقسان يەتكەنلىكتىن. مەسىلەن: فاصلەگە رىئايە قىلىش يوقايدۇ. ﴿فَأَوۡجَسَ فِي نَفۡسِهِۦ خِيفَةً مُّوسَىٰ ٦٧﴾②. بۇنىڭدا ﴿فِي نَفۡسِهِۦ﴾ جار مجرور ۋە ﴿خِيفَة﴾ مفعول ــــ ﴿مُّوسَىٰ﴾ فاعلغا مقدم قىلىندى. ئەگەر مقدم قىلىنمىسا فاصلەگە رىئايە قىلىنماي قالىدۇ. چۈنكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئايەتلەرنىڭ فاصلەسى ﴿الف﴾ بولۇپ كەلگەن.

# بەشىنچى باب قصر

قصرنىڭ لۇغەت مەنىسى چەكلىمەك، ئىستىلاھى مەنىسى قصرنىڭ تۆت ئۇسۇلىدىن مەلۇم بىر يولدا بىر نەرسىنى

① 23- سۈرە مۇئمىن 28- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 20- سۈرە تاھا.

(موصوف بولسۇن ياكى صفة بولسۇن) يەنە بىر نەرسگە خاس قىلىش، ئۇنىڭدىن باشقىغا ئۆتمەسلىك دېگەنلىكتۇر.

قصر ئىككى قىسمغا بۆلىنىدۇ: 1) قصر حقيقى (بىر نەرسە يەنە بىر نەرسگە پۈتۈن خۇسۇسىيەتتە خاس قىلىنىش. ئۇنىڭدىن باشقىغا ئۆتمەسلىك). مەسىلەن: «لَآ اِلٰـهَ اللهُ اِلَّا». بۇنىڭدا ئۇلۇھىيەت اللهنىڭ ئۆزگىسىدىن پۈتۈنلەي يوقۇلۇپ، پەقەت اللهقىلا ئىسپاتلاندى. 2) قصر اضافى (بىر نەرسە يەنە بىر نەرسگە قىسمەن خۇسۇسىيەتتىلا خاس قىلىنىش). مەسىلەن: «ما زيد إلَّا قائم»، يەنى «زيد» قيام دېگەن سۈپەتتىلا خاس قىلىندى. قعود تەرەپكە ئۆتمىدى. بۇنىڭدىن «زيد» ئۆرە تۇرغۇچىلا، باشقا نەرسە ئەمەس، انسانمۇ ئەمەس، حيوانمۇ ئەمەس ۋە باشقا نەرسمۇ ئەمەس دېگەنلىك چىقمايدۇ.

بۇلارنىڭ ھەر بىرى يەنە ئىككى قىسمغا بۆلىنىدۇ: 1) قصر الموصوف على الصفة①. 2) قصر الصفة على الموصوف②.

قصر بابىدىكى صفةتىن نعت نحوى ئىرادە قىلىنماستىن، بەلكى صفة معنوى ئىرادە قىلىنىدۇ.

قصر حقيقىدىن بولغان قصر الموصوف على الصفةنىڭ مىسالى: «ما زيدٌ إلَّا كاتبٌ». بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. چۈنكى بىر نەرسگە بىرلا سۈپەت ئىسپات-

① هو ان لا يتجاوز الموصوف من تلك الصفة الى صفة اخرى لكن يجوز ان تكون تلك الصفة لموصوف اٰخر مثلا ما زيد الا قائم.
② هو ان لا يتجاوز تلك الصفةُ عن ذلك الموصوفِ الى موصوف اٰخر لكن يجوز ان يكون لذلك الموصوف صفات اخر مثلا ما قائم الا زيد.



-لىنىپ، ئۇنىڭ ئۆزگىلىرىنى يوقىقا چىقىرىش ناھايىتى ئاز تېپىلىدۇ.

قصر حقيقىدىن بولغان قصر الصفة على الموصوفنىڭ مىسالى: «ما خاتم الانبياء إلَّا محمدٌ (ﷺ)». بۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بەزى چاغدا بۇنىڭدا مۇبالىغىمۇ مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى مذكورنىڭ باشقىسى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. مەسىلەن: «ما فى الدار إلَّا زيدٌ» دېسەك، بۇ، زيد بار يەردە باشقىلار يوقنىڭ ھۆكمىدە، دېگەنلىك بولىدى.

قصر حقيقىنىڭ تۆت قىسمى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان — قصر موصوف حقيقي، ادّعائي، قصر صفة حقيقي، ادّعائيلاردىن ئىبارەتتۇر. ئەمدى قصر اضافى توغرىسىدا توختىلىمىز.

قصر اضافىدىن بولغان قصر الموصوف على الصفة ئىككى خىل: بىرى، موصوفنى بىر صفة تاشلاپ، يەنە بىر صفةكە خاس قىلىش. يەنە بىرى، بىر صفةنىڭ ئورنىغا يەنە بىر صفةنى خاس قىلىش.

بىرىنچى ھالەتتە قصر افرادى①، ئىككىنچى ھالەتتە قصر قلبى ۋە قصر تعيينى بولىدۇ.

قصر اضافىدىن بولغان قصر الصفة على الموصوفمۇ ئىككى خىل: بىرى، بىر صفةنى بىر موصوف تاشلاپ، يەنە بىر موصوفقا خاس قىلىش. يەنە بىرى، بىر موصوفنىڭ ئورنىغا يەنە بىر موصوفنى خاس قىلىشتۇر.

① بۇنىڭ ئىبارىتى مۇنداق: تخصيص امر بصفة دون اخرى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بىرىنچى ھالەتتە قصر افرادى، ئىككىنچى ھالەتتە قصر قلبى ۋە قصر تعيينى بولىدۇ.

*بۇلارنىڭ جەريانى:* مخاطب بىر موصوفنى ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق صفةلەردە ياكى بىر صفةنى ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق موصوفلاردا شېرىك دەپ ئويلىسا، بىز ئۇنىڭغا رەددىيە بەرسەك، بۇ قصر افراد دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ شەرتى، ئىككىلى صفةتە اجتماع مۇمكىن بولۇشتۇر. مەسىلەن: مخاطب — زيد خەت يازالايدۇ ھەم شېئىر ئېيتالايدۇ دەپ قارىغان بولسا، ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، «ما زيد إلَّا شاعرٌ» (زيد پەقەت شېئىرلا ئېيتالىغۇچى) دېيىمىز. مخاطب خەت يازالايدىغانلار زيد ھەم عمرو دەپ قارىغان بولسا، ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، «ما كاتب إلَّا زيد» (پەقەت زيدلا خەت يازالغۇچى) دېيىمىز.

مخاطبنىڭ يوققا چىقارغىنىنى متكلم ئىسپاتلىسا، مخاطبنىڭ ئىسپاتلىغىنىنى متكلم يوققا چىقارسا، بۇ قصر قلب دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ شەرتى، اجتماع مۇمكىن بولماسلىقتۇر. مەسىلەن: مخاطب — زيد ئولتۇرغۇچى، ئۆرە تۇرغۇچى ئەمەس دېگەننى ئىسپاتلىسا، متكلم ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن «ما زيدٌ إلَّا قائم» (زيد پەقەت ئۆرىلا تۇرغۇچى) دېيىدۇ. مخاطب شېئىر ئېيتالايدىغىنى عمرودۇر، زيد ئەمەس دېگەننى ئىسپاتلىسا، متكلم ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن «ما شاعر إلَّا زيد» (شېئىر ئېيتالايدىغىنى پەقەت زيدلا) دېيىدۇ.



مخاطب ئىككى ھۆكۈمنىڭ ئارىلىقىدا ئارىسالدى بولسا، بۇ قصر تعيين دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ شەرتى يوق. مەسىلەن: مخاطب — زيدنىڭ ئۆرە تۇرغانلىقى ياكى ئولتۇرغانلىقىغا جەزم قىلالمىسا، متكلم ئۇنىڭغا قارىتا «ما زيد إلَّا قائمٌ» دېيىدۇ. ئەگەر مخاطب شېئىر ئېيتالايدىغىنى زيدمىدۇ ياكى عمرومىدۇ؟ دەپ ئارىسالدى بولسا، متكلم ئۇنىڭغا قارىتا «ما شاعر إلَّا زيد» دېيىدۇ.

ئاگاھ بولۇڭكى، قصر افراد، قصر قلب ۋە قصر تعيين قاتارلىق ئۈچى قصر اضافىنىڭ سۈپەتلىرىدۇر.

كالامدا قصر پەيدا قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى ھەرخىل بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىسى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىندى. مەسىلەن: ضمير فصل ﴿فَٱللَّهُ هُوَ ٱلْوَلِيُّ﴾①، شۇنىڭدەك ﴿وَأُوْلَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ﴾②، ﴿إِنَّ هَـٰذَا لَهُوَ ٱلْقَصَصُ ٱلْحَقُّ﴾③ ۋە ﴿إِنَّ شَانِئَكَ هُوَ ٱلْأَبْتَرُ﴾④ قاتارلىقلار مۇشۇ جۈملىدىندۇر.

اهل بيان ئۆلىمالىرى ضمير فصلنىڭ حصرنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى مسند اليهنىڭ بابىدا زىكرى قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككىلى جزئىنى معرفة كەلتۈرۈشمۇ حصرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: المنطلق زيد.

﴿ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ﴾مۇ ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ﴾غا ئوخشاش حصرنى ئىپادىلەيدۇ.

---

① 42- سۈرە شۇرا 9- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 2- سۈرە بەقەرە 5- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 3- سۈرە ئال ئىمران 62- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 108- سۈرە كەۋسەر 3- ئايەت.

قصرنىڭ باشقا ئۇسۇللىرى ئىچىدىن تۆتى بۇ يەردە زىكرى قىلىنىدۇ: 1) عطف[①]. مەسىلەن: قصر الموصوف على الصفة افراديدا «زيد شاعر لا كاتب»، «ما زيد كاتبا بل شاعر»؛ قلبيدە «زيد قائم لا قاعد»، «ما زيد قائما بل قاعد» دېيىلىدۇ. قصر الصفة على الموصوف افرادي ۋە قلبيدە ماقام ھېسابى بويىچە «زيد شاعر لا عمرو»، «ما عمرو شاعرًا بل زيد» دېيىلىدۇ. 2) نفى ۋە استثناء[②]. مەسىلەن: قصر الموصوف على الصفة افراديدا «ما زيد إلّا شاعرٌ»، قلبيدە «ما زيد إلّا قائم» دېيىلىدۇ. قصر الصفة على الموصوف افرادي ۋە قلبيدە ماقام ھېسابى بويىچە «ما شاعر إلّا زيد» دېيىلىدۇ. 3) انما. مەسىلەن: قصر الموصوف على الصفة افراديدا «انما زيد كاتب»، قلبيدە «انما زيد قائم» دېيىلىدۇ. قصر الصفة على الموصوف افرادي ۋە قلبيدە ماقام ھېسابى بويىچە «انما قائم زيد» دېيىلىدۇ. 4) تقديمُ ما حقُّهُ التأخيرُ. مەسىلەن: قصر الموصوف على الصفةتە «تميميٌّ اَنَا»، قصر الصفة على الموصوفتا «انا كفيتُ مُهِمَّكَ» دېيىلىدۇ.

## ئالتىنچى باب انشاء

انشاء ئورتاقلىقا ئىگە سۆز بولۇپ، ھەر قاچان ئاڭلىتىلسا زېھنىگە ئىككى مەنە تەڭ كېچىدۇ:

① تۆتىدىن عطفنى مقدم قىلىشتىكى سەۋەب شۇكى، بۇنىڭدا منفي ۋە مثبت ئاشكارا بولىدۇ. قالغان ئۈچىدە نفي ضمني بولىدۇ.

② نفى ـــ «ليس» بىلەن، «ما» بىلەن، «ان»بىلەن، ياكى باشقا حرف نفي بىلەن بولىدۇ. استثناء ـــ «إلّا» بىلەن، «عدا» بىلەن ياكى باشقا ادوات استثناء بىلەن بولىدۇ.



بىرى، جۇملىنىڭ ئۆزىدىكى نىسبەتلا ئاساس قىلىنىپ، ئۇنى واقعدىكى نىسبەتكە سېلىشتۇرۇش ئىرادە قىلىنمايدىغان كالا مدىن بولغىنى.

يەنە بىرى، بىرىنچى شەخسنىڭ ئىككىنچى شەخسكە بۇيرۇق شەكلىدە ياكى تەلەپ ۋە ئۈمىد شەكلىدە سۆز قىلغىنى.

نۆۋەتتىكى انشاءدىن ئىككىنچى مەنە مەقسەتتۇر.

### انشاءنىڭ بىرىنچى نوعسى تَمَنِّىدۇر:

بۇنىڭغا ئەسلىدە «لَيْتَ» تەيىنلەنگەن. مەسىلەن: لَيْتَ الشباب يعود (ياشلىق ئەسلىگە يانسىكەن). ئۇنىڭدا ئارزۇ-ئۈمىد بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى شەرت ئەمەس.

بەزىدە «هَلْ»، «لَوْ» «لَعَلَّ»مۇ ئارزۇ-ئۈمىد مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، هل مِنْ شفيعٍ (قۇتقۇزغۇچى بولسىكەن)، بۇ، قۇتقۇزغۇچىنىڭ يوقلۇقى جەزىم بولغان يەردە دېيىلىدۇ. بۇ سوئالنى بىلدۈرمەيدۇ.

لَوْ تَأْتِينِىْ فَتُحَدِّثَنِىْ بالنصب أي فأَنْ تحدثنى (يېنىمغا كېلىپ گەپ قىلىپ بەرسەڭكەن).

لَعَلِّىْ اَحُجُّ فَاَزُوْرَكَ بالنصب (ھەج قىلالىغان بولسام، سېنى زىيارەت قىلاتتىم).

### انشاءنىڭ ئىككىنچى نوعسى استفهامدۇر:

استفهام (سوئال) ئۈچۈن تەيىن قىلىنغانلار: همزة، هل، ما، مَنْ، أي، كَمْ، كيف، اين، انى، متى، ايان قاتارلىقلاردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



همزة ـــ طلب تصديق (جۇملە مەزمۇنىنىڭ نسبة ثبوتية ياكى نسبة سلبية ھۆكمىنىڭ تەيىن تاپقان، تاپمىغانلىقىنى سوراش) ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: أقام زيدٌ (جملة فعلية)، أزيد قائم (جملة إسمية). ياكى طلب تصور (يەككە سۆز ئۇقۇمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى سوراش) ئۈچۈن كېلىدۇ. مەسىلەن: مسند اليەنى ئۇقماقچى بولسا «أدِبْسٌ في الاناء أَمْ عَسَلٌ» دەيدۇ[①]. مسندنى ئۇقماقچى بولسا «أفي الخابية دبسك أم في الزِّقِّ» دەيدۇ[②].

هل ـــ بۇمۇ طلب تصديق ئۈچۈن تەيىن قىلىنغان بولۇپ، بۇ جملة فعلية ۋە جملة اسمية ھەر ئىككىسىگە داخىل بولىدۇ. مەسىلەن: هل قام زيد، هل عمرو قاعد.

ئىككى جۈملىگە داخىل بولۇشىنىڭ شەرتى، «هل» داخىل بولىدىغان جۈملىنىڭ مثبَت بولۇشى[③]، مَنفي بولماسلىقىدۇر. شۇڭا، «هل لا قام زيد» دېيىش دۇرۇس ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، «هل» ئەسلىدە «قد» مەنىسىدىدۇر. «قد» منفى جۈملىگە داخىل بولالمايدۇ. يەنى، «قد لا يقوم زيد» دېيىش دۇرۇس ئەمەس.

«هل» طلب تصديق ئۈچۈن كەلگەنلىكتىن «هل زيد قام ام عمرو»غا ئوخشاش تەركىب دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى «ام»دىن

---

① بۇ، قاچىدا بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، ئۇنى تەيىن قىلىپ بېرىشنى سورىغانلىقتۇر. دِبْس: شىرنە. عَسَل: ھەسەل.
② بۇ، ئىككى قاچىنىڭ بىرىدە شىرنىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، ئۇنى تەيىن قىلىپ بېرىشنى سورىغانلىقتۇر. خابية: كوزا. زقّ: تۇلۇم.
③ مانا مەزكۇر مسالدا قيام ـــ زيدقا، قعود ـــ عمروغا ئىسپاتلاندى.



كېيىن اسم مفرد (عمرو)نىڭ كەلگەنلىكى، بۇنىڭ اَمْ مُتَّصلة ئىكەنلىكى، ام منقطعة ئەمەسلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى ام منقطعةدىن كېيىن جملة كېلىش شەرتتۇر.

ئەلھاسىل، ام مُتَّصلةدىن سورىغۇچىنىڭ ھۆكۈمدىن خەۋىرى بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. «هل»دىن سورىغۇچىنىڭ ھۆكۈمدىن بىخەۋەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى، «هل» حكم (تصديق) ئۈچۈن كېلىدۇ. ئىككىسىدە تناقض بار. شۇڭا ام مُتَّصلة ۋە «هل» ئىككىسىنى بىر تەركىبتە جەمئي قىلىش جائىز ئەمەس.

ام ئىككى قىسىم: ام مُتَّصلة، ام منقطعة.

ام مُتَّصلة ـــ طلب تصور ئۈچۈن كېلىدۇ. ام منقطعة ـــ «بل» مەنىسىدە بولۇپ، بۇ طلب تصديق ئۈچۈن كېلىدۇ. بۇلارنىڭ پەرقى: 1) ام مُتَّصلةدىن ئىلگىرى (لفظًا بولسۇن معنًى بولسۇن) استفهامنىڭ كېلىشى زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن: ازيد ام عمرو قائم، سواء عليّ اقمت ام قعدت. ام منقطعةدە بۇ زۆرۈر ئەمەس. 2) ام منقطعةدىن كېيىن داۋاملىق جۈملە كېلىدۇ. ئەگەر بىرەر يەردە مفرد ئۇچراپ قالسا، ئۇنىڭ مبتدأسى محذوف بولغان بولىدۇ.

استفهامنىڭ قالغان لەۋزىلىرى طلب تصوُّر (يەككە سۆز ئۇقۇمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى سوراش) ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ.

ما ـــ جىنسنى سوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ما عندك. يەنى، «أيّ أجناس الاشياء عندك»نىڭ جاۋابىدا «كتابٌ» (ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش جىنس ئىسىملىرى) كېلىدۇ.

«ما» يەنە بەزىدە سۈپەتنى سوراش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: «ما زيدٌ؟»نىڭ جاۋابىدا «كريم» ياكى باشقا سۈپەت كېلىدۇ.

ئاڭلىقلارنى بىلدۈرۈشكە تەيىنلەنگەن مَنْ — مۇئەييەن شەخسنى سوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: «مَنْ فى الدار؟»نىڭ جاۋابىدا «زيدٌ» (ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش شەخس ئىسىملىرى) كېلىدۇ.

أيّ — ئايرىپ بەرگۈچى نەرسىنى سوراشقا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿ أَيُّ ٱلْفَرِيقَيْنِ خَيْرٌ مَّقَامًا ﴾[1]، يەنى أنحن ام اصحاب محمد (ﷺ).

كَمْ — سانىنى سوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿ سَلْ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ كَمْ ءَاتَيْنَٰهُم مِّنْ ءَايَةٍۭ بَيِّنَةٍ ﴾[2] أي كم اٰية اٰتيناهم أعشرين ام ثلاثين. بۇنىڭدىكى «كم» لەۋزى ساندىن سوراش ئۈچۈندۇر. لېكىن، ماھىيەتتە سوئال مەقسەت ئەمەس، بەلكى مالامەت قىلىش ۋە كايىش مەقسەتتۇر.

**كيف** — ئەھۋال سوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

اين — ماكاننى سوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

متى — زاماننى سوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

أيّانَ — كەلگۈسى زاماننى سوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

أنّى — بەزىدە «كيف» مەنىسىدە كېلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىن فعل كېلىش ۋاجىبتۇر. مەسىلەن: ﴿فَأْتُوا۟ حَرْثَكُمْ أَنَّىٰ شِئْتُمْ﴾[3].

---

① 19- سۈرە مەريەم 73- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 2- سۈرە بەقەرە 211- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 2- سۈرە بەقەرە 223- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



بەزىدە «مِنْ ايـن» مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿أَنَّىٰ لَكِ هَٰذَا﴾[1]، أي من اين لكِ هذا الرزق الآتِي فى كلِّ يومٍ.

مەزكۇر كەلىمىلەر استفهامدا ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، بەلكى استفهامنىڭ باشقىسى ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ: 1) كېچىككەنلىكنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: كَمْ دَعَوْتُكَ. بۇنىڭدىن استفهام مەقسەت ئەمەس، بەلكى مەن سېنى قايتا-قايتا چاقىرغان بولساممۇ سەن كېچىكىپ تۇرىۋالدىڭ، دېيىش مەقسەتتۇر. 2) ھەيران قالغانلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿مَا لِىَ لَآ أَرَى ٱلْهُدْهُدَ﴾[2]. بۇ زات ھۆپۈپنى يېنىمدا بار دەپ ئويلايتتى. 3) ئازغانغا تەنبىھ بېرىش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿فَأَيْنَ تَذْهَبُونَ ٢٦﴾[3]. 4) تەھدىت سېلىش ئۈچۈن. مەسىلەن: ئەدەبسىزلىك قىلغان كىشىگە «اَلَمْ اُؤَدِّبْ فلانًا» دېيىسە، مخاطب ئەدەبلەنگەن كىشىنى بىلگەن بولسا، بۇ جۈملە سوئالنى بىلدۈرمەيدۇ. 5) بۇيرۇقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿ فَهَلْ أَنتُم مُّسْلِمُونَ ﴾[4] يەنى، اَسْلِمُوا. 6) ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن. مەسىلەن: أَضَرَبْتَ زَيْدًا — فعلغا ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن؛ أَأَنْتَ ضَرَبْتَ — فاعلغا ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن؛ أَزيدًا ضَرَبْتَ — مفعولغا ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن. 7) ئىنكار قىلىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿أَغَيْرَ ٱللَّهِ

---

① 3- سۈرە ئال ئىمران 37- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 27- سۈرە نەمل 20- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 81- سۈرە تەكۋىر.
④ 11- سۈرە ھۇد 14- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com



تَدْعُونَ﴾[1]. 8) مەسخىرە قىلىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿أَصَلَوٰتُكَ تَأْمُرُكَ أَن نَّتْرُكَ مَا يَعْبُدُ ءَابَآؤُنَآ﴾[2]. 9) ھەقىر ساناشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: مَنْ هٰذا. 10) قورقۇتۇشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿وَلَقَدْ نَجَّيْنَا بَنِيٓ إِسْرَٰٓءِيلَ مِنَ ٱلْعَذَابِ ٱلْمُهِينِ ۝٣٠ مِن فِرْعَوْنَ﴾[3]، استفهام ﴿مَنْ﴾نىڭ مىمىنى فتح ئوقۇش بىلەن. 11) يىراق ساناشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿أَنَّىٰ لَهُمُ ٱلذِّكْرَىٰ وَقَدْ جَآءَهُمْ رَسُولٌ مُّبِينٌ ۝١٣ ثُمَّ تَوَلَّوْا۟ عَنْهُ﴾[4].

### انشاءنىڭ ئۈچىنچى نوعسى امردۇر:

امر — ئۆزىنى چوڭ تۇتقان ھالدا، مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتنى تەلەپ قىلىشنى بىلدۈرىدىغان صيغەدۇر.

امر صيغەسى تەلەپتىن باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ: 1) اباحەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن[5]. مەسىلەن: جَالِسِ الْحَسَنَ اوابنَ سيرينَ. 2) قورقۇتۇشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿ٱعْمَلُوا۟ مَا شِئْتُمْ﴾[6]. 3) ئاجىز ساناشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن.

---

[1] 6- سۈرە ئەنئام 40- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] 11- سۈرە ھۇد 87- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] 44- سۈرە دۇخان 30~31- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] فانه لا يجوز حمله على حقيقة الاستفهام وهو ظاهر بل المراد استبعاد ان يكون لهم الذكرى بقرينة قوله ﴿وَقَدْ جَآءَهُمْ رَسُولٌ مُّبِينٌ ۝١٣ ثُمَّ تَوَلَّوْا۟ عَنْهُ﴾. سۈرە دۇخان 13~14- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] اباحەتتە جمع بين الامرين جائىزدۇر. تخييردا جائىز ئەمەس.
[6] 41- سۈرە ھامىم سەجدە 40- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



مەسىلەن: ﴿فَأْتُوا۟ بِسُورَةٍ مِّن مِّثْلِهِۦ﴾[1]. 4) مەسخىرە قىلىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿كُونُوا۟ قِرَدَةً خَٰسِـِٔينَ﴾[2]. 5) ھاقارەتلەشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿كُونُوا۟ حِجَارَةً أَوْ حَدِيدًا﴾[3]. 6) باراۋەر ئىكەنلىكنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿فَٱصْبِرُوٓا۟ أَوْ لَا تَصْبِرُوا۟﴾[4]. 7) ئارزۇنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. بۇنىڭ مىسالى شائىر إمرأ القيسنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

اَلَآ اَيُّهَا الَّيْلُ الطَّوِيْلُ اَلَا انْجَلِى * بِصُبْحٍ وَمَا الْإِصْبَاحُ مِنْكَ بِاَمْثَلِ[5]

8) دۇئانى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿رَبِّ ٱغْفِرْ لِى﴾[6]. 9) ئىلتىماسنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: دەرىجىدە ئۆزىگە باراۋەر كىشىگە «اِفْعَلْ» دېگەندەك.

مۇشۇ يەرگىچە توققۇز خىل مەنە زىكرى قىلىندى. علامة بهاء الدين سبكى ﷺ «عروس الافراح»تا امرنىڭ ئۇلاردىن باشقا مەنىلەر ئۈچۈنمۇ كېلىدىغانلىقىنى نەقلى قىلدى: 1) ارشادنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿وَٱسْتَشْهِدُوا۟ شَهِيدَيْنِ مِن رِّجَالِكُمْ﴾[7]. 2) انذارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿قُلْ تَمَتَّعُوا۟﴾[8]. 3)

---

[1] 2- سۈرە بەقەرە 23- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] 2- سۈرە بەقەرە 65 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] 17- سۈرە بەنى ئىسرائىل 50- ئايەت.
[4] 52- سۈرە تۇر 16- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] انْجَلِى: يورۇغىن. الْإِصْبَاح: سۈبھى يورۇماق. اَمْثَل: ئەۋزەل.
[6] 7- سۈرە ئەئراف 151- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[7] 2- سۈرە بەقەرە 282- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[8] 14- سۈرە ئىبراھىم 30- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

امتناننى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿فَكُلُواْ مِمَّا رَزَقَكُمُ ٱللَّهُ﴾①. 4) اكرامنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿ٱدۡخُلُوهَا بِسَلَٰمٍ﴾②. 5) احتقارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿أَلۡقُواْ مَآ أَنتُم مُّلۡقُونَ﴾③. 6) تكويننى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿كُن فَيَكُونُ﴾④. 7) انعامنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿كُلُواْ مِن طَيِّبَٰتِ مَا رَزَقۡنَٰكُمۡ﴾⑤. 8) تفويضنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿فَٱقۡضِ مَآ أَنتَ قَاضٍ﴾⑥. 9) تعجبنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿ٱنظُرۡ كَيۡفَ ضَرَبُواْ لَكَ ٱلۡأَمۡثَالَ﴾⑦. 10) تكذيبنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿قُلۡ فَأۡتُواْ بِٱلتَّوۡرَىٰةِ فَٱتۡلُوهَآ﴾⑧. 11) مشورةنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿فَٱنظُرۡ مَاذَا تَرَىٰ﴾⑨. 12) اعتبارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: ﴿ٱنظُرُوٓاْ إِلَىٰ ثَمَرِهِۦٓ إِذَآ أَثۡمَرَ﴾⑩.

---

① والظاهر انه قسم من الاباحة لكن معه امتنان. سۈرە مائىدە 88- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 15- سۈرە ھىجر 46- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 26- سۈرە شۇئەرا 43- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 2- سۈرە بەقەرە 117- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑤ 2- سۈرە بەقەرە 57- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑥ 20- سۈرە تاھا 72- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑦ 17- سۈرە بەنى ئىسرائىل 48- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑧ 3- سۈرە ئال ئىمران 93- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑨ 37- سۈرە ساففات 102- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑩ 6- سۈرە ئەنئام 100- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



## انشاءنىڭ تۆتىنچى نوعسى نهيدۇر:

نهي — ئۆزىنى چوڭ تۇتقان ھالدا، بىراۋنى بىرەر ئىش-ھەرىكەتتىن توسۇشتۇر. مەسىلەن: لا تفعلْ.

ئۇ بەزىدە بۇ مەنىنىڭ باشقىسى ئۈچۈنمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: گەپكە ئۇنىمىغان قۇلغا تەھدىت سىلىپ «لَا تَمْتَثِلْ اَمْرِى» (ئەمرىمگە بويسۇنماي باقا قېنى) دېگەندەك. شۇنىڭدەك، نهي يەنە دۇئا ۋە ئىلتىماس ئۈچۈنمۇ كېلىدۇ.

دۇئانىڭ مىسالى: ﴿رَبَّنَا لَا تُزِغۡ قُلُوبَنَا﴾①. ئىلتىماسنىڭ مىسالى: لا تعص ربَّك ايها الاخُ.

## انشاءنىڭ بەشىنچى نوعسى نداءدۇر:

نداء — اَدْعُونىڭ ئورنىنى باسىدىغان نداء ھەرپى ئارقىلىق بىرسىنى يۈز كەلتۈرگۈزۈشتۇر.

بەزىدە بۇ مەنىنىڭ باشقىسىدىمۇ نداء صيغةسى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: 1) اغراء (كۆپتۈرۈش، رىغبەتلەندۈرۈش)نى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: يا مظلومُ. 2) اختصاصنى ئىپادىلەش ئۈچۈن②. مەسىلەن: انا افعل كذا ايها الرجل أي متخصّصا من بين الرجال (مەن كامىل ئەر بولۇش ھالىتىم بىلەن شۇنداق قىلىمەن).

---

① 3- سۈرە ئال ئىمران 8- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② اختصاصنى تونۇتىدىغان ئالامەت: 1) اهل لەۋزى. مەسىلەن: رسول الله ﷺنىڭ سۆزى «سلمان منا اهل بيت». 2) آل لەۋزى. مەسىلەن: «نحن آل فلان كرام». 3) معشر لەۋزى. مەسىلەن: «نحن معاشر الانبياء لا نورث». 4) بنى لەۋزى. مەسىلەن: «انا بنى نهشل». 5) علم لەۋزى. مەسىلەن: «بك الله نرجو الفضل».
اختصاصنىڭ مەقسىتى: بىرى، پەخرى قىلىش. مەسىلەن: نحن العرب اقرى الناس للضيف. يەنە بىرى، تاۋازۇنى ئىزھار قىلىش، مەسىلەن: انى ايها العبد الفقير الى الله.

دىققەت: خبر بىر قىسىم مەقسەتلەر تۈپەيلىدىن انشاءنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ: 1) تفاؤلنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: وَفَّقَكَ اللّٰهُ للتقوى. 2) حرص فى الوقوعنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: رزقنى الله تعالى لقاءك. ئەگەر بلىغ كىشىدىن ماضى صيغةسىدا دۇئا سادىر بولسا، ئۇ چاغدا مەزكۇر ئىككىسىگە ئېھتىمال تۇتىدۇ (التفاؤل ۋە اظهار الحرص فى الوقوع). 3) امر شەكلىدىن ساقلىنىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن. مەسىلەن: قۇلىنىڭ «يَنْظُرُ الْمَوْلٰى اِلَيَّ ساعةً» دېگىنىگە ئوخشاش. 4) متكلمنىڭ يالغان ئېيتىشىنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بىلگەن مخاطبنى مەقسەتكە تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن. مەسىلەن: تأتينى غدًا (ئەتە يېنىمغا كېلەرسىز).

# يەتتىنچى باب فصل ووصل

بىر جۈملە يەنە بىر جۈملىگە عطف بولسا وصل، عطف بولمىسا فصل دېيىلىدۇ.

ئىككى جۈملە ئارقا-ئارقىدىن كەلسە، بىرىنچىسىدە اعرابتىن ئورۇن بار-يوقلۇقىغا قارايمىز: ئەگەر اعرابتىن ئورۇن بولسا ھەمدە بىز ئىككىنچىسىنى بىرىنچىسىنىڭ اعراب ھۆكمىگە① شېرىك قىلىشنى خالىساق عطف قىلىمىز. ئەگەر ئۇنداق

① اعراب ھۆكمى دېگىنىمىز: بىرىنچى جۈملىنىڭ اعرابى مبتدأنىڭ خبرى بولۇش. مەسىلەن: زيد يعطى ويمنع، ياكى حال بولۇش. مەسىلەن: جاء زيد يعطى ويمنع،



بولمىسا عطف قىلمايمىز. مەسىلەن: زيد يكتب ويشعر، زيد يعطى ويمنعدا اعرابتىن ئىبارەت بىرلا ھۆكۈمدە شېرىك قىلىندى.

عطفنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ شەرتى شۇكى، بۇ ئىككى جۈملە ئارىسىدا مەلۇم بىر مۇناسىۋەت ياكى مەلۇم بىر زىتلىق① تېپىلىشى لازىم، خۇددى شعر بىلەن كتابەتتە مۇناسىۋەت ۋە اعطاء بىلەن منعدە زىتلىق تېپىلغاندەك.

ئىككىنچى جۈملىنى بىرىنچى جۈملىگە اعراب ھۆكمىدە شېرىك قىلىشقا بولمىغان تەقدىردە عطف قىلمايمىز. مەسىلەن: ﴿وَإِذَا خَلَوْاْ إِلَىٰ شَيَٰطِينِهِمْ قَالُوٓاْ إِنَّا مَعَكُمْ إِنَّمَا نَحْنُ مُسْتَهْزِءُونَ ۝١٤ ٱللَّهُ يَسْتَهْزِئُ بِهِمْ﴾②. ﴿ٱللَّهُ يَسْتَهْزِئُ بِهِمْ﴾ مۇنافىقلارنىڭ سۆزى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ﴿إِنَّا مَعَكُمْ﴾غا عطف قىلىنمىدى.

ئەگەر ئالدىنقى جۈملىدە اعرابتىن ئورۇن بولمىسا، لېكىن ئىككىنچى جۈملە بىرىنچى جۈملىگە «واو»دىن باشقا ھەرپ بىلەن عطف قىلىنسا، ئۇ چاغدا ئىككىنچى جۈملىنى بىرىنچى جۈملىگە عطف قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: دَخَلَ زيد فخرج عمرٌو، دخل زيد ثم خرج عمرو③.

ياكى صفة بولۇش. مەسىلەن: مررت برجل يعطى ويمنع، ياكى مفعول بولۇش. مەسىلەن: الم تعلم انى احبك واكرمك.

① جهة جامعة تېپىلىش (تناسُب ياكى تضادّ).

② 2- سۈرە بەقەرە 14~15- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ بۇ ھالەتتە جهة جامعةنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى بۇنىڭدا حروف عاطفةدىكى ئىشتىراكىيەتتىن باشقىمۇ تعقيب ۋە تأخير دېگەندەك خۇسۇسىي مەنىلەر يەنە بار. شۇ ۋەجىھدىن جهة جامعة بولمىسىمۇ عطف قىلىش دۇرۇس بولىۋېرىدۇ. «واو» ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئىشتىراكىيەتتىن باشقا مەنە يوق. شۇڭا ئۇنىڭدا جهة جامعة بولۇش زۆرۈردۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەگەر بىرىنچى جۈملىدىكى ھۆكۈمنى ئىككىنچى جۈملىگە بېرىش مەقسەت قىلىنمىسا، بۇ يەردە فصل (عطفسىز كەلتۈرۈش) ۋاجىبتۇر. ظرفتە ئىشتىراك بولۇپ قېلىپ مەنە خاتالىقى كېلىپ چىقماسلىقى ئۈچۈن مەزكۇر ئايەتتە شۇنداق بولدى. يەنى، ﴿وَإِذَا خَلَوۡاْ إِلَىٰ شَيَٰطِينِهِمۡ قَالُوٓاْ إِنَّا مَعَكُمۡ﴾نىڭ ﴿قَالُوٓا﴾سىغا ﴿ٱللَّهُ يَسۡتَهۡزِئُ بِهِمۡ﴾ عطف قىلىنمىدى.

بىرىنچى جۈملىدە ئىككىنچى جۈملىگە بەرگۈدەك بىرەر ھۆكۈم بولمىسا، بۇ مەسىلە ئىككى خىل ھالەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، بىرىنچى جۈملىدە ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن ئېشىنچە بولۇپ تۇرىدىغان بىرەر ھۆكۈم بولماسلىق. يەنە بىرى، ھۆكۈم بار، لېكىن ئۇ ھۆكۈمنى ئىككىنچى جۈملىگە بېرىش ئارقىلىق شېرىك قىلىش مەقسەت قىلىنغان بولۇش.

بۇ، ئالتە خىل ھالەتتۇر: 1) ئىككى جۈملىنىڭ ئارىلىقىدا كمال انقطاع بلا ايهام بولغان ھالەت. 2) ئىككى جۈملىنىڭ ئارىلىقىدا كمال اتصال بولغان ھالەت. 3) ئىككى جۈملىنىڭ ئارىلىقىدا شبه كمال انقطاع بولغان ھالەت. 4) ئىككى جۈملىنىڭ ئارىلىقىدا شبه كمال اتصال بولغان ھالەت. 5) ئىككى جۈملىنىڭ ئارىلىقىدا كمال انقطاع مع الايهام بولغان ھالەت. 6) توسط بين الكمالين ھالىتى.

بۇلارنىڭ ئىچىدىن بەشىنچى ۋە ئالتىنچى ھالەتتە وصل بولىدۇ. قالغان تۆتىدە فصل بولىدۇ.

**كمال انقطاع** دېگەندە، تۆۋەندىكى ئىككى خىل ھالەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ: 1) ئىككى جۈملىنىڭ بىرى لفظًا ۋە مَعْنًى خبر بولغان، يەنە بىرى لفظًا ۋە مَعْنًى انشاء بولغان. بۇنىڭ مىسالى شائىر اخطلنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

وَقَالَ رَائِدُهُم اَرْسُوا نُزَاوِلُهَا * فَكُلُّ حَتْفِ امْرَئٍ يَجْرِىْ بِمِقْدَارِ①

مانا بۇنىڭدا «نُزَاوِلُهَا» «اَرْسُوا»غا عطف قىلىنمىدى. چۈنكى بۇلارنىڭ ئوتتۇرىدا تەركىب جەھەتتە زور پەرق بار. 2) خبر ۋە انشاءدا لفظ جەھەتتە پەرق بولماي، معنى جەھەتتە پەرق بولغان. مەسىلەن: مَاتَ فلانٌ رحمه الله تعالى. مانا بۇنىڭدا «رحمه الله تعالى»، «مَاتَ»گە عطف قىلىنمىدى. چۈنكى بۇلارنىڭ ئوتتۇرىدا مەنە جەھەتتە پەرق بار.

**كمال اتصال** دېگەندە، تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ھالەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ: 1) مجاز ياكى خاتا گۇماننى كەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىككىنچى جۈملە بىرىنچى جۈملىنى تأكيد معنوي تەرىقىسىدە تەكىت قىلىپ كېلىش. مەسىلەن: ﴿ذَٰلِكَ ٱلۡكِتَٰبُ﴾نى ﴿لَا رَيۡبَۛ فِيهِۛ﴾② تأكيد معنوي تەرىقىسىدە تەكىت قىلدى. بۇنىڭ كۈچى «جاءني زيد نفسه»دىكى «نفسه»غا باراۋەر كېلىدۇ. 2) ئىككىنچى جۈملە بىرىنچى جۈملىدىن بدل اشتمال بولۇپ كېلىش. بۇنىڭ مىسالى شائىرنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

اَقُوْلُ لَهُ ارْحَلْ لَا تُقِيْمَنَّ عِنْدَنَا * وَإِلَّا فَكُنْ فِى السِّرِّ وَالْجَهْرِ مُسْلِمَا

---

① رائد: يولباشچى. ارسو: قېيىقنى توختىتىڭلار. نزاول: ئۇرۇش قىلىشنى خالايمىز. حَتْف: ئۆلۈم. مِقْدَار: تەقدىر.

② 2- سۇرە بەقەرە 2- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



«اَقُولُ لَهُ ارْحَلْ الخ»دىن شائىرنىڭ مەقسىتى مخاطبنىڭ تۇرۇشىغا نەپرەت نەزىرى بىلەن قارىغانلىقىدۇر. بىرىنچى جۇملە، يەنى «ارْحَلْ» گەرچە شۇ نەپرەتكە دالالەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دالالىتى بالالتزامدۇر. ئىككىنچى جۇملە، يەنى «لَا تُقِيْمَنَّ»نىڭ دالالىتى بالمطابقةتۇر. ئەلھاسىل، ئىككىنچى جۇملىنىڭ كۈچى پۈتۈنلەي «اعجبنى الدارُ حسنُها»دىكى «حسنها»غا ئوخشايدۇ، يەنى «حسنها» بدل اشتمال بولغاندەك ئىككىنچى جۇملىمۇ بدل اشتمالدۇر. بۇنىڭدا عدم اقامة — ارتحالغا مغاير. شۇڭا، ئىككىنچى جۇملە تأكيد بولالمايدۇ، شۇنداقلا ما قبلسىگە داخلىمۇ ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بدل بعضمۇ بولالمايدۇ. 3) بىرىنچى جۇملىنىڭ مەقسەتكە دالالەت قىلىشى مەخپىي بولغانلىقتىن ئىككىنچى جۇملە بىرىنچى جۇملە ئۈچۈن عطف بيان بولۇپ كېلىش. مەسىلەن: ﴿فَوَسْوَسَ إِلَيْهِ ٱلشَّيْطَٰنُ قَالَ يَٰٓـَٔادَمُ هَلْ أَدُلُّكَ عَلَىٰ شَجَرَةِ ٱلْخُلْدِ وَمُلْكٍ لَّا يَبْلَىٰ ﴿١٢٠﴾﴾①، بۇ ئايەتتىكى بىرىنچى جۇملە، يەنى ﴿فَوَسْوَسَ﴾نىڭ مەقسەتكە دالالەت قىلىشى مەخپىيدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىككىنچى جۇملە، يەنى ﴿قَالَ يَٰٓـَٔادَمُ ...﴾ ئارقىلىق بايان قىلىندى. دېمەك، بۇنىڭ كۈچى «اَقْسَمَ بِاللهِ اَبُوْ حَفْصٍ عُمَرُ»دىكى «عُمَرُ»گە ئوخشاش، يەنى «اَبُوْ حَفْصٍ» ئۇمۇمىي كۇنىيەت بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ مەقسەتكە دالالەت قىلىشى مەخپىي ئىدى. «عُمَرُ» دېگەن لەۋزى ئۇنى چۈشەندۈرگەن. شۇنىڭدەك

① 20- سۈرە تاھا.



﴿فَوَسْوَسَ﴾نىڭ مەقسەتكە دالالەت قىلىشى مەخپىي بولۇۋىدى، ئۇنى ﴿قَالَ يَٰٓـَٔادَمُ ...﴾ چۈشەندۈردى.

**شِبْهِ كمال انقطاع** دېگىنىمىزدە، ئەگەر ئىككىنچى جۇملىنى بىرىنچى جۇملىگە عطف قىلسا، مەقسەتنىڭ خىلاپى بولغان باشقا بىر جۇملىگە عطف قىلىنىپ كېتىش ئېھتىمالى كېلىپ چىقىدىغان ھالەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىرنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

وَتَظُنُّ سَلْمٰى اَنَّنِى اَبْغِىْ بِهَا * بَدَلًا اُرَاهَا فِى الضَّلَالِ تَهِيْمُ①

يەنى، بۇ يەردە «اُرَاهَا»نىڭ ئالدىغا عطف ھەرپى كەلتۈرۈلسە، مەقسەتنىڭ خىلاپى بولغان «اَبْغِى»غا عطف بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ مەھبۇبە سلمىنىڭ گۇمانلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ.

**شبه كمال اتصال** دېگىنىمىزدە، ئىككىنچى جۇملە بىرىنچى جۇملە تەقەززا قىلغان سوئالغا جاۋاب بولۇپ كەلگەن ھالەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى سوئال-جاۋاب ئارىلىقىدا تۇتاشلىق مەۋجۇدتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن عطف تەرك ئېتىلىدۇ.

بىرىنچى جۇملە تەقەززا قىلغان سوئالغا جاۋاب بولۇپ كەلگەن ئىككىنچى جۇملە — استيناف دەپ ئاتىلىدۇ.

① اَبْغِى: تەلەپ قىلىۋېتىپتىمەن. بَدَلًا: باشقىنى. اُرَا: گۇمان قىلىمەن. تَهِيْمُ: ھەيران بولىدۇ.

استيناف ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) ھۆكۈمنىڭ سەۋەبىدىن سوئال بولۇش. بۇنىڭ مىسالى شائىرنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

قَالَ لِيْ كَيْفَ اَنْتَ قُلْتُ عَلِيْلُ * سَهَرٌ دَائِمٌ وَحُزْنٌ طَوِيْلٌ①

بىرىنچى جۈملە، يەنى «عَلِيْل»دە مەھكوم بەنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ مۇتلەق سەۋەبى سورىلىدۇ. شېئىردىكى «عَلِيْل» أنا دېگەن مبتدأ محذوفنىڭ خبرى بولۇپ، دەل مۇشۇ جۈملە سوئالنىڭ مەنبىئىدۇر. سوئال بۇ: كېسەللىكىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ جاۋاب بىرىلدىكى، «سَهَرٌ دَائِمٌ الخ». 2) شۇ ھۆكۈمگە خاس سەۋەبتىن سوئال بولۇش. مەسىلەن: ﴿وَمَآ أُبَرِّئُ نَفۡسِيٓۚ إِنَّ ٱلنَّفۡسَ لَأَمَّارَةُۢ بِٱلسُّوٓءِ﴾②. دېمەك، بىرىنچى مىسالدىكى سوئال «ما سبب علّتك؟» ئىككىنچى مىسالدىكى سوئال تەكىتكە ئائىت دەلىل بىلەن «هل النفسُ امّارةٌ بالسوء؟» دېگەندەك بولىدى. 3) مۇتلەق سەۋەب ۋە خاس سەۋەبتىن سوئال بولماي، بەلكى بىرىنچى جۈملىگە مۇناسىۋەتلىك ۋە ماقام تەقەززا قىلغان نەرسىدىن سوئال بولۇش. مەسىلەن: ﴿قَالُواْ سَلَٰمٗاۖ قَالَ سَلَٰمٞۖ﴾③. پەرىشتىلەر ھەزرىتى اِبْرَاهِيْم عَلَيْهِ السَّلَامغا ﴿سَلَٰمٗا﴾، دېدى. ئەمدى سوئال پەيدا بولدىكى، ئۇ زات ئۇنىڭ جاۋابىدا نېمە دېدى؟ ئۇ زات: ﴿سَلَٰمٞ﴾ دەپ، يەنى ئۇلاردىن ياخشىراق لەۋزى بىلەن جاۋاب بەردى. چۈنكى ﴿سَلَٰمٞ﴾ جملة اسمية بولۇپ، ئۇ دوام ۋە

① عَلِيْل: كېسەل. سَهَر: بىدارلىق، ئۇيقۇ كەلمەسلىك. حُزْن: غەم.
② 12- سۈرە يۇسۇف 53- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 11- سۈرە ھۇد 69- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



ثبوتقا دالالەت قىلىدۇ. جملة فعلية ئۇنىڭغا دالالەت قىلمايدۇ. ئەسلى ئىبارەت «سلام عليكم» ئىدى.①

ئىككى ھالەت وصلنى تەقەززا قىلىدۇ: بىرى، كمال انقطاع مع الايهام. يەنە بىرى، توسُّط بين الكمالين. بۇ ئىككى خىل ھالەتتە عطف قىلمىغان تەقدىردە، سامعغا متكلمنىڭ مەقسىتىنىڭ ئەكسى گۇمان قىلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، بۇ گۇماننى كەتكۈزۈش ئۈچۈن عطف قىلىش لازىمدۇر. مەسىلەن، ئالدىنقى مەزمۇنغا رەددىيە بېرىش ھەمدە مخاطب ئۈچۈن دۇئا قىلىش ئىشلىرىدا ئەرەبلەرنىڭ مۇنداق دېئالوگى بار: «لَا وَأَيَّدَكَ اللّٰهُ» (ياق، الله سېنى كۈچلەندۈرسۇن). «هل الامر كذلك» دېيىلسە، جاۋابتا «لَا» (يەنى ليس الامر كذلك) دەيدۇ، بۇنىڭدىكى «لَا» كەلىمىسى ئالدىنقى مەزمۇنغا رەددىيە بېرىشنى بىلدۈرىدۇ، «لَا» جملة خبريةدۇر. «وَأَيَّدَكَ اللّٰهُ» دۇئا بولغانلىقتىن جملة انشائيةدۇر. ئەلھاسىل، ئىككىسىدە عطف قىلىشنى توسىدىغان كمال انقطاع بولسىمۇ، لېكىن عطف قىلىندى. عطف قىلمىغان تەقدىردە سامع دۇئا قىلىشنىڭ ئورنىغا دۇئايىبەت قىلدى، دەپ چۈشىنىلىپ قالىدۇ. بۇ بولسا مەقسەتكە زىتتۇر.

ھەزرىتى ئىمام ئەھمەد رحمه اللهنىڭ مۇسنەد كىتابىدىمۇ ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنهدىن بۇنىڭ ئوخشىشى رىۋايەت قىلىنغان:

① شيخ عبد القاهر رحمه الله «دلائل الاعجاز»دا مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان كەرىم»دىكى «قال» لەۋزى قانداق ئورۇندا عطفسىز كەلسە، ئۇ استينافقا دالالەت قىلىدۇ. ابن الزملكانى رحمه اللهمۇ «البيان»دا شۇنداق دەيدۇ.

«قال كنا مع رسول الله ﷺ فى المسجد فجاءه اعرابى فقال اعطنى يا محمد فقال لا واستغفرُ اللهَ».

ئاردا قالغان ئىككى كمالنى وصل قىلىشنىڭ ئەھۋالى: ئىككى جۈملىنىڭ ئارىلىقىدا كمال اتصال ۋە كمال انقطاعنىڭ بىرسىمۇ بولمىسا ھەمدە ئىككى كمالنىڭ بىرسىنىڭ شىبەسىمۇ بولمىسا، عطف قىلىش زۆرۈر بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل: 1) ئىككى جۈملە خبرلىكتە لفظًا ۋە معنًى ھەمدە انشاءلىقتىمۇ لفظًا ۋە معنًى ئىتتىپاق كېلىش. 2) خبر ۋە انشاءلىقتا معنى جەھەتتىنلا ئىتتىپاق كېلىش ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچىدە جامعمۇ بولۇش.

بۇلارنىڭ بىرىنچىسى ئىككى خىل ھالەتتۇر. ئىككىنچىسى ئالتە خىل ھالەتتۇر. جەمئىي سەككىز خىل ھالەت بولدى.

بۇنىڭ تەپسىلى تۆۋەندىكىچە: 1) ھەر ئىككى جۈملە لفظًا ۋە معنًى انشائية بولۇش. مەسىلەن: ﴿وَكُلُواْ وَٱشْرَبُواْ وَلَا تُسْرِفُوٓاْ﴾①، بۇنىڭدا ھەر ئىككى جۈملە لفظًا ۋە معنًى انشائيەدۇر. 2) ھەر ئىككى جۈملە لفظًا ۋە معنًى خبرية بولۇش. مەسىلەن: ﴿يُخَٰدِعُونَ ٱللَّهَ وَهُوَ خَٰدِعُهُمْ﴾②، ﴿إِنَّ ٱلْأَبْرَارَ لَفِى نَعِيمٍ ﴿١٣﴾ وَإِنَّ ٱلْفُجَّارَ لَفِى جَحِيمٍ ﴿١٤﴾﴾③. بۇ ئىككى مىسالدا ھەر ئىككى جۈملە لفظًا ۋە معنًى خبريەدۇر. لېكىن، بۇلاردا ئازغىنا پەرق بار: ئىككىنچى مىسالدا ھەر ئىككى جۈملە جملة اسميەلىكتە متناسبتۇر، بىرىنچىسىدە

① 7- سۈرە ئەئراف 31- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 4- سۈرە نىسا 142- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 21- سۈرە ئىنفىتار.

www.uyghurkitap.com



ئازراق ئوخشىماسلىق بار، يەنى بىرىنچىسى فعلية، ئىككىنچىسى اسميەدۇر. 3) ھەر ئىككى جۈملە معنًى انشائية ھەمدە لفظًا خبرية بولۇش. مەسىلەن: تذهب الى فلان وتكرمه. 4) ھەر ئىككى جۈملە معنًى انشائية بولۇش ھەمدە بىرىنچى جۈملە لفظًا خبرية، ئىككىنچى جۈملە لفظًا انشائية بولۇش. مەسىلەن: ﴿وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَٰقَ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ لَا تَعْبُدُونَ إِلَّا ٱللَّهَ وَبِٱلْوَٰلِدَيْنِ إِحْسَانًا وَذِى ٱلْقُرْبَىٰ وَٱلْيَتَٰمَىٰ وَٱلْمَسَٰكِينِ وَقُولُواْ لِلنَّاسِ حُسْنًا﴾①، بۇنىڭدىكى ﴿وَقُولُوا﴾ ﴿لَا تَعْبُدُونَ﴾گە عطف قىلىندى. بۇ ھەر ئىككى جۈملە معنًى انشائيەدۇر. چۈنكى ﴿لَا تَعْبُدُونَ﴾ گەرچە لفظًا خبرية بولسىمۇ، لېكىن معنًى انشائيەدۇر، يەنى ﴿لَا تَعْبُدُوا إِلَّا ٱللَّهَ﴾ دېگەن بولىدۇ. 5) ھەر ئىككى جۈملە معنًى انشائية بولۇش ھەمدە بىرىنچىسى لفظًا انشائية، ئىككىنچىسى لفظًا خبرية بولۇش. مەسىلەن: قم الليل وانت تصوم النهار. 6) ھەر ئىككى جۈملە معنًى خبرية، لفظًا انشائية بولۇش. مەسىلەن: الم اقل لك كذا وكذا ولم اعطك أي قلت لك واعطيتك. 7) ھەر ئىككى جۈملە معنًى خبرية بولۇش ھەمدە بىرىنچى جۈملە لفظًا خبرية، ئىككىنچىسى لفظًا انشائية بولۇش. مەسىلەن: امرتك بالتقوى وألم امرك بترك الظلم. 8) ھەر ئىككى جۈملە معنًى خبرية بولۇش ھەمدە بىرىنچىسى لفظًا انشائية ۋە ئىككىنچىسى لفظًا خبرية بولۇش. مەسىلەن: ألم يؤخذ عليهم ميثاق الكتاب ان لا يقولوا على الله الا الحق ودرسوا ما فيه.

① 2- سۈرە بەقەرە 83- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇلاردا بىرىنچى جۈملىدىكى مسند اليه بىلەن ئىككىنچى جۈملىدىكى مسند اليه، شۇنىڭدەك بىرىنچى جۈملىدىكى مسند ۋە ئىككىنچى جۈملىدىكى مسندنىڭ ئارىلىقىدا جامع بولۇش زۆرۈردۇر.

مسند اليەدىلا ياكى مسندتىلا اتحاد بولۇش ياكى مۇناسىۋەت بولۇش كۇپايە قىلمايدۇ. مەسىلەن: يشعر زيد ويكتب. بۇ مىسالدا ھەر ئىككى جۈملىدە مسند اليه مُتَّحِدتۇر ۋە مسندتە مۇناسىۋەت بار. چۈنكى شعر ۋە كتابة ئىككىسى تأليف كالامدىن ئىبارەتتۇر. يعطى زيد ويمنع مۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. چۈنكى، بۇ مىسالدا مسند اليه مُتَّحِدتۇر ۋە مسندتە تضاد (مۇتلەق تنافى) بار. تضادمۇ بىر امر جامع ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال مسند اليه مُتَّحِد بولغاندا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئەگەر ئىككى جۈملىدىكى مسند اليەدە مغايرة بولسا، بۇنىڭدىمۇ مەلۇم جەھەتتىن مۇناسىۋەت بولۇش لازىم. مەسىلەن: زيد شاعر وعمرو كاتب، زيد طويل وعمرو قصير. بۇلارنىڭ ئىككىسىدە مۇناسىۋەت مەۋجۇدتۇر. شعر ۋە كتابەتتە مۇناسىۋەت ئاشكارىدۇر. قصر ۋە طولدا تضادلىق امر جامع بار.

زيد ۋە عمرونىڭ ئارىلىقىدا اخوة، ياكى صداقة، ياكى عداوة ۋەياكى باشقا مۇناسىۋەت بولۇش لازىم. چۈنكى، ھەر ئىككىسىدە مۇناسىۋەت بولۇش زۆرۈردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن زيد شاعر وعمرو طويل جائىز ئەمەس. چۈنكى، مسند اليەدە مۇناسىۋەت بولۇشى مۇمكىن ياكى بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن شعر



ۋە طوالەتتە قەتئىي مۇناسىۋەت يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن «خُفِّي ضَيِّقٌ وخَاتَمِي ضَيِّقٌ» دېيىش دۇرۇس ئەمەس، دېيىلدى. چۈنكى، گەرچە بۇنىڭ مسندىدە اتحاد بولسىمۇ، لېكىن مسند اليەدە ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق.

**مۇھىم نۇقتا:** فصل ۋە وصل بابىدا ئىككى جۈملىنىڭ ھۆكمى مەلۇم بولدى. ئەمما مفرد كەلىمىلەر توغرىسىدا كۆپ ساندىكى مۇئەللىفلەر سۈكۈت قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن علامة بهاء الدين سُبْكِي ﵀ دوست-بۇرادەرلىرىنىڭ كۆڭلى قالمىسۇن دەپ، بۇ ھەقتە مۇھىم بىر قائىدە تۈزۈپ بەردى:

ئىككى مفرد جەمئىي كەلسە ۋە ئۇلاردىن بىرىنى يەنە بىرىگە عطف قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولسا، ئۇلارغا قاراپ باقىمىز: ئەگەر بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرەر جامع بولسا وصل قىلىنىدۇ، ئۇنداق بولمىسا فصل قىلىنىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىدا جۈملىنى جۈملىگە عطف قىلىش قائىدىلىرى بايان قىلىنىپ بولغان. ئۇ قائىدىلەر بۇ يەردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلىدۇ: 1) بين المفردين كمال انقطاع بلا ايهام. مەسىلەن: زيد عالم قائم، جاء زيد لابسًا ثوبًا ضاربًا عمرًوا. بۇ ھالەتتە فصل بولىدۇ. چۈنكى جامع مەۋجۇد ئەمەس. بىرىكىشتىن ئىلگىرىكى ساناق ئىسىملارمۇ شۇنىڭغا كىرىدۇ. مەسىلەن: احد، اثنان، ثلاثة ۋە ئېلىپبە ھەرپلىرىمۇ الف با تا ثا. 2) كمال انقطاع مع الايهام. مەسىلەن: ظننت زيدًا ضاربًا وعالِمًا، بۇ ھالەتتە عطف قىلىنىدۇ. چۈنكى عطف قىلمىغاندا عالِمًا ــ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ضاربًانىڭ معمــولى ئىكەن دېگەن گۇمان كېلىپ قالىدۇ. بۇ مەقسەتنىڭ ئەكسىدۇر. 3) كمال اتصال بويىچە ئىككىنچى مفرد ـــ تأكيد معنوىدۇر. مەسىلەن: جاء زيد نفســه، ياكى تــأكيد لفظىدۇر. مەسىلەن: جاء زيد زيد. ياكى عطف بياندۇر. مەسىلەن: جاء زيد ابو عبد الله. ياكى نعتدۇر. مەسىلەن: جــاء زيــد القائم. بۇ ھالەتلەردە فصل قىلىنىدۇ. 4) شبه كمال انقطاع، بىرىنچى مفردتە بىرەر ھۆكۈم بار بولسىمۇ، ئۇنى ئىككىنچى مفردكە بېرىش مەقسەت قىلىنمىغانلىق. مەسىلەن: مجيبٌ انْ قَصَدَ صَالِحٌ، ئەگەر «صالح» ـــ «مجيب»قا عطف قىلىنسا، ئۇنىڭ صالح بولۇشى «ان قصد» بىلەن مقيَّدلىككەن دېگەن گۇمان كېلىپ قالىدۇ. بۇ بولسا مەقسەتنىڭ ئەكسىدۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ مۇتلەق صــالح ئىكەنلىكىنى خەۋەر بېرىشلا مەقسەت ئىدى. 5) شبه كمال اتصال. مەسىلەن: زيد غضبان ناقص الحظ كأن سائلا سأل لم غضب؟ 6) توسط بين الكمالين. مەسىلەن: زيد معط ومانع، على ان يكونا خبرين.

## سەككىزىنچى باب ايجاز، اطناب ۋە مساواة

مساواة ـــ لفظى ئەسلى مەقسەتكە باراۋەر كەلگەنلىكتۇر[1]. مەسىلەن: ﴿وَلَا يَحِيقُ ٱلۡمَكۡرُ ٱلسَّيِّئُ إِلَّا بِأَهۡلِهِۦۚ﴾[2]. بۇنىڭدىكى لەۋزىلەر مەقسەتكە باراۋەردۇر.

① مساواة ئالدىدا زىكرى قىلىنىشى، بۇ ئەسلىگە ئوخشاشتۇر، ايجاز ۋە اطنــاب بولسا شۇنىڭ بىلەن ئۆلچىنىدۇ.
② 35- سۈرە فاتىر 43- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



ايجاز ـــ نۇقسان يەتمىگەن شەرت ئاستىدا، قىسقا لفــظ بىلەن مەقسەت ئۇقتۇرۇلغانلىقتۇر.

ئۇ ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) ايجاز القصــر (حــذف يوق ايجاز). مەسىلەن: ﴿وَلَكُمۡ فِي ٱلۡقِصَاصِ حَيَوٰةٞ﴾[1]، بۇنىڭ لەۋزى قىسقا، مەنىسى ناھايىتى كۆپتۇر. 2) ايجــاز الحــذف (ئەسلى كالامدىن بىرەر بۆلەك حذف قىلىنىپ كەتكەن).

ايجاز الحذفدە، بەزىدە جۈملىنىڭ بۆلىكى[2] (مضاف) حــذف قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَسۡـَٔلِ ٱلۡقَرۡيَةَ﴾[3]، ئەسلىسى: اَهْلَ القريــة. بەزىدە موصوف حذف قىلىنىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىر عَرْجىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

اَنَا ابْنُ جَلَا وَطَلَّاعُ الثَّنَايَا * مَتٰى اَضَعِ الْعِمَامَةَ تَعْرِفُوْنِىْ[4]

بۇنىڭدىكى «جَلَا» جۈملە بولۇپ، بۇ حذف قىلىنغان موصوف (رَجُلٍ)نىڭ سۈپىتىدۇر. ئەسلىسى: اَنَا ابْنُ رَجُلٍ جَلَا.

موصوف حذف بولغانلىقنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى مىسالى: ﴿وَعِندَهُمۡ قَٰصِرَٰتُ ٱلطَّرۡفِ﴾[5] يەنى حور قاصرات. ﴿أَنِ ٱعۡمَلۡ سَٰبِغَٰتٖ﴾[6] يەنى دروعا سابغات.

① 2- سۈرە بەقەرە 179- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② «بۆلەك» دېگەندە، عمدة، فضلة، مضاف، غير مضاف قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مضافنىڭ حذف بولۇپ كېلىشى كۆپتۇر.
③ 12- سۈرە يۇسۇف 82- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ قوله جلا، هو عند سبويه محمول على الحكاية لانه نوى فيه الفاعل مضمرا فحكاه لانه جملة ولو جعله اسما مفردا لصرفه لان نظيره فى الاسماء موجود والمعنى انا ابن المشهور بالكرم الذى يقال له جلا كرمه و تبين فضله وعيسى بن عمر يرى ان لا يصرف شيئا من الفعل اذا سمى به وافق اسماء الاجناس اولم يوافق (شرح شنتمرى). الثَّنَايَا: داۋان.
⑤ 37- سۈرە سافغات 48- ئايەت.
⑥ 35- سۈرە سەبەئ 11- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بەزىدە صفة حذف قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَكَانَ وَرَآءَهُم مَّلِكٌ يَأۡخُذُ كُلَّ سَفِينَةٍ غَصۡبًا﴾① يەنى كُلَّ سفينة صَحِيْحَةٍ دېگەن بولدى. ياكى صالحة، سليمة، غير معيبة قاتارلىقلاردىن بىرەرسى محذوفتۇر. ھەزرىتى عبد الله بن عباس رضي الله عنهمانىڭ قىرائىتىدە: ﴿كُلَّ سَفِينَةٍ صَالِحَةٍ﴾ دەپ بار.

بەزىدە شرط حذف قىلىنىدۇ. مەسىلەن: لَيْتَ لِيْ مَالًا اُنْفِقُهُ. يەنى اِنْ اُرْزَقْهُ. شرط حذف بولغانلىقنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى مىسالى: ﴿فَٱتَّبِعُونِى يُحۡبِبۡكُمُ ٱللَّهُ﴾②دا «ان اتبعوني» محذوفتۇر. ﴿فَلَن يُخۡلِفَ ٱللَّهُ عَهۡدَهُۥٓۖ﴾③دا «ان اتخذتم عند الله عهدا فلن يخلف الله» محذوفتۇر. ﴿فَلِمَ تَقۡتُلُونَ أَنۢبِيَآءَ ٱللَّهِ مِن قَبۡلُ﴾④دا «ان كنتم آمنتم بما أنزل اليكم فلم تقتلون محذوف»تۇر.

بەزىدە شرطنىڭ جاۋابى حذف قىلىنىدۇ⑤. مەسىلەن: ﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمُ ٱتَّقُواْ مَا بَيۡنَ أَيۡدِيكُمۡ وَمَا خَلۡفَكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تُرۡحَمُونَ﴾⑥. بۇنىڭدا «اَعْرَضُوْا» محذوفتۇر. ﴿وَلَوۡ تَرَىٰٓ إِذِ ٱلۡمُجۡرِمُونَ نَاكِسُواْ رُءُوسِهِمۡ﴾⑦دا «لرأيت أمرا فظيعا» محذوفتۇر.

---

① 18- سۇرە كەھف 79- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 3- سۇرە ئال ئىمران 31- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 2- سۇرە بەقەرە 80- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 2- سۇرە بەقەرە 91- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑤ شرطنىڭ جاۋابىنى حذف قىلىشتىكى مەقسەت: 1) اختصار ئۈچۈنلا. 2) سۆيەتلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان نەرسە دېگەننى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن. 3) سامىئنىڭ زېھنىنى مۇمكىن بولىدىغانلىكى تەرەپكە ئەركىن قويۇۋېتىش ئۈچۈن.
⑥ 36- سۇرە ياسىن 45- ئايەت.
⑦ 32- سۇرە سەجدە 12- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



بەزىدە جۈملىنىڭ باشقا بىر بۆلىكى① حذف قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ﴿لَا يَسۡتَوِى مِنكُم مَّنۡ أَنفَقَ مِن قَبۡلِ ٱلۡفَتۡحِ وَقَٰتَلَۚ﴾. بۇنىڭدا ما بعدىسىدىكى ﴿أُوْلَٰٓئِكَ أَعۡظَمُ دَرَجَةٗ مِّنَ ٱلَّذِينَ أَنفَقُواْ مِنۢ بَعۡدُ وَقَٰتَلُواْۚ﴾②غا قارىغاندا «ومن أنفق من بعده وقاتل» محذوفتۇر.

بەزىدە پۈتۈن بىر جۈملە حذف قىلىنىدۇ. حذف قىلىنغان جۈملە ئۈچ خىل ھالەتتە كېلىدۇ: 1) سبب مذكورنىڭ مسبّبى بولۇش. مەسىلەن: ﴿لِيُحِقَّ ٱلۡحَقَّ وَيُبۡطِلَ ٱلۡبَٰطِلَ﴾③. بۇ مسبّبى حذف قىلىنغان سبب بولۇپ، بۇنىڭ مسبّبى (فُعِلَ مَا فُعِلَ) جۈملە ھالىتىدە حذف قىلىندى. يەنى اللهنىڭ بەدرى غازىتىنى قوزغىشىدىكى مەقسىتى كافىرلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇش ۋە مۇسۇلمانلارغا غەيبىتىن مەدەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈشتۇر. مۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب، ئىسلامنى يۈز تاپقۇزۇش ۋە كافىرلارنىڭ كۇرسىسىنى چۈشۈرىۋېتىش ئىدى. 2) مسبب مذكورنىڭ سببى بولۇش. مەسىلەن: ﴿فَقُلۡنَا ٱضۡرِب بِّعَصَاكَ ٱلۡحَجَرَۖ فَٱنفَجَرَتۡ مِنۡهُ﴾④. بۇنىڭدا پەرەز ئېتىلگەن «فضربه بها» دېگەن جۈملە ﴿فَٱنفَجَرَتۡ﴾كە سبب، ﴿فَٱنفَجَرَتۡ﴾ بولسا مسبب مذكوردۇر. ئەسلى ئىبارەت: ﴿فَقُلۡنَا ٱضۡرِب بِّعَصَاكَ ٱلۡحَجَرَۖ فَضَرَبَهُ بِهَا فَٱنفَجَرَتۡ مِنۡهُ﴾. بۇ حذفدە سرعة امتثال تەرەپكە ئى-

---

① مسند اليه، مسند، مفعول.
② 57- سۇرە ھەدىد 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 8- سۇرە ئەنفال 8- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 2- سۇرە بەقەرە 60- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ـشارەت بار. 3) سبب ۋە مسببتىن باشقا نەرسە بولۇش. مەسەـ
ـلەن: ﴿فَنِعۡمَ ٱلۡمَـٰهِدُونَ﴾① يەنى هم نحن.

بەزىدە بىر جۈملىدىن ئارتۇقراق نەرسە حـذف قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ﴿أَنَا۠ أُنَبِّئُكُم بِتَأۡوِيلِهِۦ فَأَرۡسِلُونِ ۝٤٥ يُوسُفُ﴾②. بۇنىڭدا بىر جۈملىدىن ئارتۇق ئىبارەت محذوف، يەنى «فَأَرْسِلُوْنِى اِلٰى يُوْسُفَ لِاَسْتَعْبِرَهُ الرُّؤْيَا فَفَعَلُوْا فَاَتَاهُ فَقَالَ لَهٗ يَا يُوْسُفُ».

حذف قىلىشنىڭ يولى ئىككى خىل: بىرى، حذف قىلىنـ
ـغۇچىنىڭ ئورنىدا بىرەر نەرسە بولمايدۇ. يۇقىرىدا ئۆتكەن مىساللاردەك③. يەنە بىرى، حذف قىلىنغان نەرسىگە دالالەت قىلىدىغان بىرەر نەرسە ئۇنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَإِن يُكَذِّبُوكَ فَقَدۡ كُذِّبَتۡ رُسُلٞ مِّن قَبۡلِكَ﴾④، بۇنىڭدىكى ﴿فَقَدۡ كُذِّبَتۡ﴾ دېگەن جۈملە شرطنىڭ جزاسى بولالمايدۇ. چۈنكى ﴿تكذيب رسل﴾ ئىلگىرى ئىدى، بەلكى بۇ حذف قىلىنغان «فلا تحزن واصبر» دېگەن جاۋابنىڭ مەزمۇنىنىڭ سەۋەبىدۇر. شۇنىڭدەك ﴿فَإِن تَوَلَّوۡاْ فَقَدۡ أَبۡلَغۡتُكُم مَّآ أُرۡسِلۡتُ بِهِۦٓ إِلَيۡكُمۡۚ﴾⑤دىمۇ شـرطنىڭ جزاسى ﴿ابلاغ﴾ بولالمايدۇ. چۈنكى ابلاغ بولسا ﴿تولى﴾دىن

① 51- سۈرە زاريات 48- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 12- سۈرە يۈسۈف 45~46- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ حـذف قىلىنغۇچىنى تەيىن قىلىپ بېرىدىغان بىرەر دەلىلنىڭ بولۇشى زۆرۈردۇر. دەلىل ـــ ئەقىل، ياكى ئادەت، ياكى بىر ئىشنى باشلاش قاتارلىقـ
ـلارنىڭ بىرى بولىدۇ.
④ 35- سۈرە فاتىر 4- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑤ 11- سۈرە هۇد 57- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



ئىلگىرى ئىدى. دېمەك، ئايەتنىڭ ئەسلىسى بۇ: فان تولوا فـلا لوم عليَّ ياكى فلا عذر لكم لانى ابلغتكم.

تطويل ـــ جۈملىگە مۇئەييەن بولمىغان پايدىسىز زىيادە قوشۇلۇپ كەلگەن كالامدۇر①. بۇنىڭ مىسالى شائىر عدي بن زيد العبادىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

وَقَدَّدَتِ الْاَدِيْمَ لِرَاهِشَيْهِ * وَاَلْفٰى قَوْلَهَا كَذِبًا وَمَيْنَا②

حشـو ـــ جۈملىگە مۇئەييەن بولغان پايدىسىز زىيادە قوشۇلۇپ كەلگەن كالامدۇر.

حشو بەزىدە كالامنى بۇزۇپ قويىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىر متنبىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

وَلَا فَضْلَ فِيْهَا لِلشَّجَاعَةِ وَالنَّدَى * وَصَبْرِ الْفَتٰى لَوْلَا لِقَاءُ شُعُوبِ③

بۇ يەردىكى «النَّدى» دېگەن لەۋزى حشو بولۇپ، بۇ كالامنى بۇزىدىغان كەلىمىدۇر.

حشو بەزىدە كالامنى بۇزمايدۇ، ئارتۇق سۆز بولۇپلا تۇرىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىر زهير بن ابى سُلمٰىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

وَاَعْلَمُ عِلْمَ الْيَوْمِ وَالْاَمْسِ قَبْلَهٗ * وَلٰكِنَّنِىْ عَنْ عِلْمِ مَا فِىْ غَدٍ عَمْيُ④

بۇ يەردە «قبله» ئارتۇق سۆز، لېكىن مەنىنى بۇزمايدۇ.

① ئاگاھ بولۇڭكى، تطويلدە زىيادە سۆز ئېنىق بولمايدۇ.
② قَدَّدَت: كەستى. اَلْاَدِيْم: تېرە. رَاهِشَيْه: يۇقىرىقى بىلەك قىزىل قان تومۇرى. اَلْفٰى: تاپتى. مَيْن: يالغان. بۇ اشعر العربَ عدَي بن زيد العبادى مىلادىيە 587- يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ، پادىشاھ نعمان بن المنذرنىڭ كاتىپى ئىدى. بۇ پاجىئەلىك بىر ۋەقەگە ئائىت سۆزدۇر.
③ فيها أي فى الدنيا. النَّدَى: ساخاۋەت. لِقَاءُ شُعُوب: ئۆلۈمنىڭ ئالامىتى.
④ عَمْي: بمعنى اعمى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**اطناب** ـــــ مۇئەييەن شەرت ئاستىدا، ئارتۇق لەپز بىلەن مەقسەت ئۇقتۇرۇلغان كالامدۇر.

بۇ بىر قانچە ھالەتلەر بىلەن ھاسىل بولىدۇ: 1) ايضاح بعد الابهام، يەنى بىر نەرسىنى ئەۋۋەل مۇجمەل ھالەتتە زىكرى قىلىپ، كەيىندىن ئۇنى چۈشەندۈرۈش بىلەن. چۈنكى مۇنداق بىر مەنىلىك سۆز بار: «علمان خيرٌ من علمٍ واحدٍ»[1]، ياكى مەنىنى زېھىندە پۇختا ئورۇن ئالدۇرۇش بىلەن، ياكى مەنىنى ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن ئىلىمنىڭ لەززىتىنىڭ تاكامۇللىشىشىنى ئىپادىلەش بىلەن، مەسىلەن، ﴿رَبِّ ٱشۡرَحۡ لِي صَدۡرِي﴾[2]دىكى ﴿صَدۡرِي﴾ «شەرھىلەش» دېگەن مەزمۇننىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر.

ايضاح بعد الابهامنىڭ جۈملىسىدىن توشيع[3]مۇ بار.

**توشيع** ـــــ كالامنىڭ ئاخىرىغا تثنية ياكى جمع لەۋزى كەلتۈرۈلۈپ، ئارقىدىن ئۇنى تەپسىرلەپ، تەپسىرلەنگەنىنىڭ بىرىنى يەنە بىرىگە عطف قىلىشتۇر. مەسىلەن: «يَشِيْبُ ابْنُ اٰدَمَ وَيَشُبُّ فِيْهِ الْخِصْلَتَانِ: اَلْحِرْصُ وَطُوْلُ الْاَمَلِ[4]».

---

① أصل هذا الكلام ان رجلا نبه ابنه على شأن الطريق لما سلك به طريقا غير ما ينبغى فقال له ابنه انى عالم فقال ذلك الرجل وعلمان خير من علم واحد أي اضافة علم الى علمك ثم صار مثلا للمشاورة وانها تنبغى لما فيها من اجتماع علمين، (مواهب).

② 20- سۈرە تاھا 25- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ توشيع: ئېيتىلغان پاختىنى يوتقان تېشىغا كىرگۈزمەك.

④ يَشِيْبُ: قېرىيدۇ. يَشُبُّ: ياشىرىدۇ. اَلْاَمَل: ئاررزۇ.

**مۇھىم نۇقتا**: مەزكۇر مىسال ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدۇر. ھەدىسنىڭ ئەسلى لەۋزى بۇ: «يهرم ابن آدم ويشب معه اثنتان الحرص على المال والحرص على العمر» (جامع



2) ذكر الخاص بعد العام[1]، يەنى عامدىن كېيىن خاصنى زىكرى قىلىش بىلەن. بۇنىڭدىن خاصنىڭ شاراپەتلىك ئىكەنلىكىگە ئالاھىدە تەنبىھ قىلىش مەقسەت بولۇپ، خاص ئۆزىنىڭ شاراپەتلىك سۈپەتلىرىگە بىنائەن عامدىن شۇ قەدەر ئايرىمىكى، گويا بۇنىڭ ھۆكمى عامنىڭ ھۆكمىدىن مەلۇم بولمايدىغاندەك ھەمدە عامنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەستەك. مەسىلەن: ﴿حَٰفِظُواْ عَلَى ٱلصَّلَوَٰتِ وَٱلصَّلَوٰةِ ٱلۡوُسۡطَىٰ﴾[2]، بۇنىڭدىكى ﴿وَٱلصَّلَوٰةِ ٱلۡوُسۡطَىٰ﴾ خاصتۇر. 3) تكرير، يەنى مەلۇم ئۇنۇمگە ئىگە بولۇش مەقسىتىدە، سۆز تەكرار بولۇپ كېلىش بىلەن[3]. مەسىلەن، انذارنى تەكىتلىگەنگە ئوخشاش: ﴿كَلَّا سَوۡفَ تَعۡلَمُونَ ۝٣ ثُمَّ كَلَّا سَوۡفَ تَعۡلَمُونَ﴾[4]. بۇ يەردە قورقۇتۇشنى تەكىتلەش ۋە گۇناھتىن توسۇشنى تەكىتلەش مەقسەت قىلىنغان. 4) ايغال، يەنى شېئىرنىڭ ئاخىرنى بىرەر پايدىلىق سۆز بىلەن ئاياغلاشتۇرۇش بىلەن. (ئەسلىدە زىيادىلىك قوشۇلمىسىمۇ مەنە ئىپادىلىنەتتى). مەسىلەن، ئاشۇرۇپ

---

الاصول)». علامة سيوطى ﷺ «عقود الجمان»دا سەھىھ بۇخارىغا ھاۋالە قىلىش بىلەن ھەزرىتى انس ﷺدىن مۇنداق لەۋزى نەقلى قىلدى: «يكبر بن آدم ويكبر معه اثنتان الحرص وطول الامل».

① بۇ يەردىكى عام، خاصلاردىن بىرىنچىسى ئىككىنچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىككى نەرسە مۇرادتۇر، ئۇسۇل ئۆلىمالىرىنىڭ ئىستىلاھىدىكى عام، خاصلار مۇراد ئەمەس.

② 2- سۈرە بەقەرە 238- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ تەكرارنىڭ پايدىسى ناھايىتى زور. بۇ ھەقتە مۇنداق مەشھۇر سۆز بار: «الكلامُ اذا تَكَرَّرَ تَقَرَّرَ»، يەنى سۆز تەكرارلانسا دىلدا ئوبدان ئورنايدۇ.

④ 102- سۈرە تەكاسۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مۇبالىغە قىلغانغا ئوخشاش. بۇنىڭ مىسالى شائىرە خەنسائىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

وَاِنَّ صَخْرًا لَتَأْتَمُّ الْهُدَاةُ بِهٖ * كَأَنَّهُ عَلَمٌ فِى رَأْسِهٖ نَارُ①

بۇ يەردە، «كَأَنَّهُ عَلَمٌ» بىلەن مەقسەت تولۇق ئوقتۇرۇلۇپ بولغان. «فِى رَأْسِهٖ نَارُ» بولسا تشبيهدە ئاشۇرۇپ مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلدى. وجه شبه ـــــ اهتداءدۇر. 5) تذييل، يەنى بىر جۈملىنى زىكرى قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەنە بىر جۈملىنى تەكىت ئۈچۈن زىكرى قىلىش بىلەن②. بۇ، ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: بىرى، ئىككىنچى جۈملە ضرب المثل بويىچە تىلغا ئېلىنىدۇ (ئىككىنچى جۈملىدە بىرىنچى جۈملىنىڭ ھۆكمىدىن ئايرىم تۇرىدىغان مۇستەقىل ھۆكۈم ئىرادە قىلىنىدۇ). مەسىلەن: ﴿وَقُلۡ جَآءَ ٱلۡحَقُّ وَزَهَقَ ٱلۡبَـٰطِلُۚ إِنَّ ٱلۡبَـٰطِلَ كَانَ زَهُوقًا﴾③. مانا بۇنىڭدا ئىككىنچى جۈملە ﴿إِنَّ ٱلۡبَـٰطِلَ كَانَ زَهُوقًا﴾، بىرىنچى جۈملە ﴿وَزَهَقَ ٱلۡبَـٰطِلُ﴾غا

① صَخْر: شائىرە خەنسائىنىڭ شائىر قېرىندىشىنىڭ ئىسمىدۇر. لَتَأْتَمُّ: ئەگىشىدۇ. اَلْهُدَاة: توغرا يول تاپقانلار. عَلَم: تاغ.

② بۇ يەردە ئىككىنچى جۈملىنىڭ تەكىت ئۈچۈن كېلىشىنىڭ مەنىسى، بىرىنچى جۈملىدە مەقسەت قىلىنغان مەنىنى ئىككىنچى جۈملە تەكىتلەيدۇ، دېمەكتۇر. بۇ، ئىككىنچى جۈملە بىرىنچى جۈملىنىڭ مەنىسىگە مطابقةً دالالەت قىلىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ﴿ثُمَّ كَلَّا سَوۡفَ تَعۡلَمُونَ ۝٤﴾ تذييلگە داخىل ئەمەس. ئاگاھ بولۇڭكى، تەكىت ھەر دايىم گۇماننى يوقىتىش ئۈچۈن بولمايدۇ.

③ 17- سۈرە بەنى ئىسرائىل 81- ئايەت.



باغلانماي، بەلكى مۇستەقىل مەزمۇن ئىپادىلىيەلىدى. يەنە بىرى، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ضرب المثل بويىچە تىلغا ئېلىنمايدۇ (ئىككىنچى جۈملە مەنە-مۇرادنى مۇستەقىل ئىپادىلىيەلمەي، بەلكى مەنە-مۇرادنى ئىپادىلەشتە بىرىنچى جۈملىگە باغلىنىپ قالىدۇ). مەسىلەن: ﴿ذَٰلِكَ جَزَيۡنَٰهُم بِمَا كَفَرُواْۖ وَهَلۡ نُجَٰزِيٓ إِلَّا ٱلۡكَفُورَ﴾①، ئەگەر جازادىن خاس جازا مۇراد بولسا، (بۇ مەزمۇننىڭ زىكرى بۇ ئايەتتە ئۆتكەن: ﴿فَأَرۡسَلۡنَا عَلَيۡهِمۡ سَيۡلَ ٱلۡعَرِمِ وَبَدَّلۡنَٰهُم بِجَنَّتَيۡهِمۡ جَنَّتَيۡنِ ذَوَاتَيۡ أُكُلٍ خَمۡطٍ وَأَثۡلٍ وَشَيۡءٖ مِّن سِدۡرٖ قَلِيلٖ ۝١٦﴾②). ئۇ چاغدا ﴿وَهَلۡ نُجَٰزِيٓ إِلَّا ٱلۡكَفُورَ﴾ ئۆزىنىڭ ما قبلىسىگە باغلانغانلىقتىن مۇستەقىل مەزمۇن ئىپادىلىيەلمىگەن بولىدى. ئەگەر جازادىن ئومۇمىي جازا مۇراد بولسا، يەنى مۇكاپات قىلىش ياكى يامانلىقى تۈپەيلىدىن جازالاش مۇراد بولسا، ئۇ چاغدا ﴿وَهَلۡ نُجَٰزِيٓ إِلَّا ٱلۡكَفُورَ﴾ تذييلنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىن بولىدۇ، يەنى ﴿وَقُلۡ جَآءَ ٱلۡحَقُّ﴾غا ئېيتىلغان مەنىدىن بولغان بولىدۇ. 6) تكميل، يەنى مەقسەتنىڭ ئەكسىنى گۇمان قىلدۇرىدىغان نەرسىنى كەتكۈزىدىغان بىر سۆزنى كالامنىڭ ئوتتۇرىدا ياكى ئاخىرىدا كەلتۈرۈش بىلەن③. مەسـ-

① 34- سۈرە سەبەئ 17- ئايەت. يەنى، ان يراد وهل نجازي ذلك الجزاءَ المخصوصَ فيتعلق بما قبله.

② 34- سۈرە سەبەئ 16- ئايەت.

③ ئاگاھ بولۇڭكى، تذييلدە ئۈچ خىل قەيت بار: بىرىنچى جۈملە بولۇش. ئىككىنچى كالامنىڭ ئاخىرىدا بولۇش. ئۈچىنچى نسبەتتىكى گۇماننىڭ دەپئىسى ئۈچۈن بولۇش. تكميلدە بۇ ئۈچ قەيتنىڭ ھېچبىرى يوق. ئاگاھ بولۇڭكى، «كالامنىڭ ئوتتۇرى» مسند، مسند اليهنىڭ ئارىلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ـلەن: ﴿أَذِلَّةٍ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى ٱلْكَٰفِرِينَ﴾①. ﴿أَعِزَّةٍ عَلَى ٱلْكَٰفِرِينَ﴾ دېيىش بىلەن، تاۋازۇ ئاجىزلىقتىن بولغان ئوخشايدۇ، دېگەن گۇمان يوقىتىلدى. 7) تتميم، يەنى كالامدا مەقسەتنىڭ خىلاپى گۇمان قىلىنمىسىمۇ، ئەمما بىرەر پايدىنى كۆزلەپ بىرەر سۆزنى② قىستۇرۇش بىلەن. بۇ قىستۇرما سۆز مۇبالىغە ئۈچۈنمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَيُطْعِمُونَ ٱلطَّعَامَ عَلَىٰ حُبِّهِۦ مِسْكِينًا﴾③، ﴿حُبِّهِۦ﴾نىڭ ضميرى — طعامنى كۆرسەتسە، مۇبالىغە مەقـ ـسەت بولىدۇ.

ئەگەر ﴿حُبِّهِۦ﴾نىڭ ضميرى — اللهنى كۆرسەتسە، ئايەت ئۇ چاغدا تتميمغا مىسال بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ھالەتتە ﴿حُبِّهِۦ﴾ قىستۇرما سۆز بولماي، بەلكى ئەسلى مەقسەتنىڭ ئاداسى ئۈچۈنلا بولغان بولىدۇ. 8) اعتراض، يەنى بىر كالامنىڭ ئارىسىغا، ياكى مەنە جەھەتتە تۇتاشلىقى بار④ ئىككى كالامنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىئرابتىن ئورنى بولمىغان ياكى مەقسەتنىڭ خىلاپىنىڭ گۇمانىنى كەتكۈزگۈچىمۇ بولمىغان بىرەر جۈملە ياكى جۈملىدىن كۆپرەك نەرسە قىستۇرۇش بىلەن. اعتراضنىڭ پايدىسى تَنْزِيه، دعاء ۋە تنبيه — ئۈچىدىن بىرى بولىدۇ.

① 5- سۈرە مائىدە 54- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② «بىرەر سۆز» دېگىنىمىز مفعول، ياكى مجرور، ياكى تمييزنى كۆرسىتىدۇ. جۈمـ ـلە، ياكى مسند، ياكى مسند اليه قاتارلىقلارنى كۆرسەتمەيدۇ.
③ 76- سۈرە دەھر 8- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ «مەنە جەھەتتە تۇتاشلىقى بار» دېگەندىن ئىككىنچىسى بىرىنـ ـچىسى ئۈچۈن عطف بيان، ياكى تأكيد، ياكى بدل بولۇش دېگەنلىكتۇر.



اعتراضنىڭ تَنْزِيه بولغىنىنىڭ مىسالى: ﴿وَيَجْعَلُونَ لِلَّهِ ٱلْبَنَٰتِ سُبْحَٰنَهُۥ ۙ وَلَهُم مَّا يَشْتَهُونَ﴾①. بۇ يەردىكى ﴿سُبْحَٰنَهُۥ﴾دىن ئىـ ـبارەت جملة معترضة بىر كالام بولۇپ، بۇ ﴿لِلَّهِ ٱلْبَنَٰتِ﴾ ۋە ﴿وَلَهُم مَّا يَشْتَهُونَ﴾نىڭ ئوتتۇرىسىدا تَنْزِيه مەقسىتىدە واقع بولدى.

اعتراضنىڭ دعاء بولغىنىنىڭ مىسالى شائىر عوف بىن محلم الشيبانىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

إِنَّ الثَّمَانِيْنَ وَبُلِّغْتَهَا * قَدْ أَحْوَجَتْ سَمْعِي إِلَى تَرْجُمَانِ②

بۇ يەردىكى «وَبُلِّغْتَهَا» كالامنىڭ ئوتتۇرىسىدا دعاء مەقسـ ـتىدە كەلتۈرۈلگەن جملة معترضةدۇر. بۇ قەسىدىدىكى «وَبُلِّغْتَهَا»نىڭ «واو»ى عاطفة ھەم حالية ئەمەس.

اعتراضنىڭ مخاطبكە تنبيه بولغىنىنىڭ مىسالى ابو على فارسى ئوقۇغان مۇنۇ شېئىردۇر:

وَاعْلَمْ فَعِلْمُ الْمَرْءِ يَنْفَعُهُ * أَنْ سَوْفَ يَأْتِي كُلُّ مَا قُدِّرَا

بۇ يەردە «اعلم» ۋە ئۇنىڭ مفعولى «ان سوف ...»نىڭ ئوتـ ـتۇرىدا «فَعِلْمُ الْمَرْءِ يَنْفَعُهُ» مخاطبكە تنبيه قىلىش مەقسىتىدە جملة معترضة بولۇپ كەلدى.

بىرىنچى پەن مۇشۇ يەردە تۈگىدى.

① 16- سۈرە نەھل 57- ئايەت.
② ئاگاھ بولۇڭكى، جملة معترضة «واو» بىلەنمۇ، «فاء» بىلەنمۇ، ئىككىسىدىن خالىيمۇ كېلىدۇ.

# الفن الثانى علم البيان

**علم بيان** — مەلۇم مەننى مقتضى الحالغا مۇۋاپىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن دالالەتتە روشەن هالدا ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرىلىدىغان ئىلىمدۇر.

روشەنلىك بەزى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردە تۆۋەن، بەزىلىرىدە زىيادە بولىدۇ.

ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە — تىلدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، پىكىر ۋە هېسسىياتنى روشەن بايان قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنىڭدىن تشبيه، استعارة، كناية قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

تشبيهنىڭ مىسالى: زيد كالبحر فى السخاء. زيد كالبحر. زيد بحرٌ. بۇ ئىبارىلەردە زيدنىڭ سېخىيلىقى ئىسپاتلاندى. بۇنىڭدا بىرىنچىسى اوضحراق، ئۈچىنچىسى اخفىدۇر.

استعارةنىڭ مىسالى: رأيت بحرا فى الدار. طم زيد بانعامه جميع الانام. لجة زيد تتلاطم بالامواج. بۇ ئىبارىلەردىمۇ زيدنىڭ سېخىيلىقى ئىسپاتلاندى. بىرىنچى مىسال استعارة تحقيقيةنىڭ، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچىسى استعارة بالكنايةنىڭ مىسالىدۇر. چۈنكى، لجة ۋە تلاطُم بالامواج دېڭىزنىڭ لوازىمىدىندۇر. بۇنىڭدا بىرىنچى مىسال اوضحراق، ئىككىنچىسى اخفىدۇر.



كنايةنىڭ مىسالى: زيد مهزولُ الفصيل. زيد جبان الكلب. زيدٌ كثيرُ الرماد. بۇ مىساللارنىڭ ھەممىسىدە زيدنىڭ سېخىيلىقى ئىسپاتلاندى. گەرچە ئۇلار بىرلا مەننى چۈشەندۇرگەن بولسىمۇ، لېكىن وضوح ۋە خفاءدا پەرق بار. بۇنىڭدا كثرة الرماد اوضحراقتۇر.

لفظ — موضوعٌ لەنىڭ بىر پۈتۈنلىكىگە دالالەت قىلسا — **مطابقى** ياكى **وضعى** دېيىلىدۇ، خۇددى انساننىڭ حيوان ناطققا دالالەت قىلغىنىدەك. بىر بۆلىكىگە دالالەت قىلسا — **تَضَمّنى** دېيىلىدۇ، خۇددى انساننىڭ حيوانغىلا ياكى ناطققىلا دالالەت قىلغىنىدەك. موضوع لەدىن ئەمەس بىر سىرتقا دالالەت قىلسا — **التزامى** دېيىلىدۇ، خۇددى انساننىڭ ضاحكقا دالالەت قىلغىنىدەك.

تَضمّنى بىلەن التزامى ئىككىسى دلالة عقليّة دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

دلالة وضعيةدىن علم بياننىڭ مەقسىتى هاسىل بولمايدۇ. چۈنكى تىل بىلىدىغانلارغا ھەممە لفظ باراۋەر تۇيۇلىدۇ. تىل بىلمەيدىغانلارغا ھېچبىر ئۇقۇم هاسىل بولمايدۇ.

دلالة عقليةدىن علم بياننىڭ مەقسىتى تولۇق هاسىل بولىدۇ. چۈنكى لزومنىڭ مەرتىۋىلىرى ھەر خىل بولىدۇ.

ئەگەر موضوع لەنىڭ لازم مەنىسى مەقسەت بولسا، حقيقەتتىن توسۇيدىغان دەلىلنىڭ بار-يوقلۇقىغا قارايمىز. بار بولسا مجاز، بولمىسا كناية بولىدۇ.

مجازنىڭ مىسالى: رأيتُ اسدًا بيده سيفٌ. بۇنىڭدىكى «بيده سيفٌ»، يەنى قولىدا قىلىچ بار دېگەن بۇ سۆز، موضوع لە (اسد)نىڭ ھەقىقىي مەنىسى (شىر) مۇراد ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ لازم مەنىسى (باتۇر) مۇراد دېگەنلىكنىڭ دەلىلىدۇر.

كنايەنىڭ مىسالى: زيدٌ طويلُ النِّجَادِ. بۇنىڭدىكى «طويلُ النجادِ»، يەنى قىلىچ بېغى ئۇزۇن دېگەن بۇ سۆز، قامىتى ئېگىز دېگەندىن كنايە.

مجازنىڭ بەزى شەكىللىرى تشبيه ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن علم بيان ئۈچ نەرسىگە مۇھتاج بولغان بولىدۇ: تشبيه، مجاز، كناية.

## التشبيه

تشبيه — لۇغەت مەنىسى «ئىككى نەرسە شېرىك» دېگەنلىكتۇر. ئىستىلاھى مەنىسى «مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ خاراكتېرى ۋە ھالىتىنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ئوخشاشلىقى بار بولغان يەنە بىر شەيئىگە ئوخشىتىش ئارقىلىق شۇ شەيئىنى تېخىمۇ جانلىق ئىپادىلەش رولىنى ئۆتەيدىغان



ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىدۇر»①. بۇنىڭدا استعارة تحقيقية، ياكى استعارة بالكناية، ۋەياكى تجريد يولى بولماسلىق شەرت.

تشبيه اصطلاحىنىڭ رۇكنى تۆتتۇر: مُشَبَّهٌ (ئوخشىتىلغۇچى)، مشبَّهٌ به (ئوخشىتىلىنغۇچى)، وَجْه شَبَه (ئورتاق سۈپەت) ۋە اَدَاة تشبيه (ئوخشىتىش كەلىمىلىرى).

تشبيه بابىدا مُشَبَّهٌ، مشبَّهٌ به ئەسلىدۇر. چۈنكى وَجْه شَبَه ئىككى تەرەپ بىلەن بەرپا بولىدىغان عارضى (نىسبىي) سۈپەتتۇر. اَدَاة تشبيه تشبيهنى بايان قىلىشتا رول ئوينايدىغان قورالدۇر.

تشبيهنىڭ ئىككى تەرىپى (مشبه، مشبه به) بەزىدە حسّى بولىدۇ. مەسىلەن: خَدُّ زَيْدٍ كَالْوَرْدِ، هذا الصوتُ الضعيفُ كالهمس فى الخفاء، نَكْهَةُ زيد كالعنبر فى ميل النفس، ريقُ زيدٍ كالخمر فى اللذة اوالحلاوة، جلدُ زيدٍ كالحرير فى النعومة②.

تشبيهنىڭ ئىككى تەرىپى بەزىدە عقلى بولىدۇ. مەسىلەن: اَلْعِلْمُ كَالْحَيٰوةِ وَالْجَهْلُ كَالْمَوْتِ. بۇنىڭدا علم — مشبهدۇر، حيوة — مشبه بەدۇر، وجه شبه — جهة ادراكتۇر. بۇ علمدىن ملكە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

تشبيهنىڭ ئىككى تەرىپى ھەر خىل بولىدۇ: مشبه — عقلى، مشبه به — حسى ياكى مشبه — حسى، مشبه به — عقلى.

---

① بالاغەت تۈرلىرى ئىچىدە ھەممىدىن شەرەپلىكراقى ۋە ئەلاراقى تشبيه قىسىملىرىدۇر. چۈنكى، ئۇنى بىلمەستىن مجاز ۋە استعارەنى تونۇغىلى بولمايدۇ.

② بۇ مبصرات، مسموعات، مشمومات، مذوقات، ملبوساتلارنىڭ مىسالى بولۇپ، ھەممىسى حسىدۇر.

مەسلەن: اَلْمَنِيَّةُ كَالسَّبُعِ فِى اغْتِيَالِ النُّفُوْسِ. بۇنىڭدا مشبه، يەنى مَنِيَّة ۋە موت ــــ عقلى، سَبُع (يىرتقۇچ) ــــ حسى. اَلْعَطْرُ كخُلُقِ شخصٍ كريمٍ. بۇنىڭدا مشبه ئەگەر عطرنىڭ زاتى بولسا، محسوس بِحَاسّة بَصَر بولىدۇ. مشبه ئەگەر عطرنىڭ خۇشپۇراق ھىدى بولسا، محسوس بحاسة شمّ بولىدۇ. ھەر ھالەتتە مشبه ــــ حسى، مشبه به ــــ عقلىدۇر①.

تۆۋەندە وجه شبه ۋە ئۇنىڭ تەقسىمى تونۇشتۇرۇلىدۇ: تشبيه بابىدا وجه شبەنى، ئۇنىڭدىن قالسا ئۇنىڭ تەقسىمىنى تونۇش ھەممىدىن مۇھىم. چۈنكى تشبيه بابىدا وجه شبه مۇھىم بىر تەگشەكتۇر.

تشبيەنىڭ ئىككىلى تەرىپى ئورتاق ئىگە بولغان سۈپەت وجه شبه دەپ ئاتىلىدۇ.

وجه شبەنىڭ بەزىسى ھەققىي، بەزىسى خيالىي② بولىدۇ.

وجه شبه ھەققىينىڭ مىسالى: هذا القميص كهذا القميص فى كونهما كَتّانًا (زىغىر پالىكى).

---

① سوئال: مشبەنىڭ حسى بولۇشى ۋە مشبه بەنىڭ عقلى بولۇشى باطلدۇر. چۈنكى محسوس ــــ معقولغا نىسبەتەن قوى، بەلكى اقوٰى بولىدۇ. ئەگەر مشبه به ــــ عقلى دەپ پەرەز قىلىنسا، اقوٰىنى اضعفكە ئوخشىتىش لازىم كېلىپ قالىدۇ. ئۇنداقتا بۇ باطلغۇ؟ جاۋاب: گەرچە محسوس ــــ معقولدىن اقوٰى بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە معقول ــــ محسوس دەپ پەرەز قىلىنىپ، ئوخشىتىلغانغا بىنا قىلىنغۇچىدۇر.

② المراد بالتخييلي ان لا يوجد ذلك المعنى فى احد الطرفين اوفى كليهما إلَّا على سبيل التخييل والتأويل.



وجه شبه خيالىينىڭ مىسالى شائىر قاضى تونوخىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

وَكَأَنَّ النُّجُوْمَ بَيْنَ دُجَاهُ * سُنَنٌ لَاحَ بَيْنَهُنَّ ابْتِدَاعُ①

بۇنىڭدىكى وجه شبه قاپقاراڭغۇ شەيئىنىڭ ئەتراپىدا ئاپئاق يورۇۋاتقان شەيئىدىن ھاسىل بولغان شەكىلدۇر. بۇ شەكىل مشبه به (السنن بين الابتداع)دە خيالىي يول بىلەن مەۋجۇد بولىدۇ②.

وجه شبه ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: 1) ئىككى تەرەپنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئىچىدىن بولىدۇ. 2) ئىككى تەرەپنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئىچىدىن بولمايدۇ.

ئىككى تەرەپنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئىچىدىن بولغىنى ئۈچ قىسىم: 1) وجه شبه ئىككى تەرەپنىڭ ماھىيىتىنىڭ تامامى بولىدۇ. مەسىلەن: هذا الثوب مثل هذا الثوب فى الثوبية، زيد كعمرو

---

① اَلنُّجُوْم: يۇلتۇزلار. دُجَاهُ: كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى. لَاحَ: ئاشكارا بولدى. ابْتِدَاع: بىدئەت.

② لما كانت البدعةُ وكلُّ ما هو جهلٌ تجعل صاحبَها كمن يمشى فى الظلمة فلا يهتدى للطريق ولا يأمَنُ من أن ينال مكروها، شُبِّهت البدعةُ بالظلمة ولزم بطريق العكس اذا اريد التشبيهُ أن تُشبَّه السُّنَّةُ وكلُّ ما هو علمٌ بالنور، لان السنة والعلم مقابلُ البدعة والجهل كما ان النور مقابل الظلمة، وشاع كون السنة والعلم كالنور والبدعة والجهل كالظلمة، حتى تخيَّل ان السنة وكلَّ ما هو علمٌ مما له بياض واشراق نحو «أتيتُكم بالحنيفية البيضاء» والاول على خلاف ذلك أي ويخيل ان البدعة وكل ما هو جهلٌ مما له سواد واظلام، كقولك شاهدتُ سوادَ الكفر من جبين فلان فصار بسبب تخييل ان الثانى مما له بياض واشراق والاولَ مما له سواد واظلام، تشبيهُ النجوم بين الدجى بالسنن بين الابتداع كتشبيه النجوم ببياض الْمَشيب فى سواد الشباب أي ابيضه فى اسوده، اوبالأنوار (الازهار) لامعةً بين النبات الشديد الخضرة حتى يضرب الى السواد.

فى الانسانية①. 2) وجه شبه ئىككى تەرەپنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئورتاق بىر قىسمى بولىدۇ. مەسىلەن: زيد كالفرس فى الحيوانية②. 3) وجه شبه ئىككى تەرەپنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئايرىم بىر قىسمى بولىدۇ. مەسىلەن: زيد كعمرو فى النطق.

بۇلارغا مۇنداق مىسال كەلتۈرسەكمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: هذا الثوب مثل هذا الثوب فى كونهما قميصا؛ هذا الملبوس مثل هذا الملبوس فى كونهما ثوبا؛ هذا الثوب مثل هذا الثوب فى كونهما من كتان اوقطن. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى نوعنىڭ، ئىككىنچىسى جىنسنىڭ، ئۈچىنچىسى فصلنىڭ مىسالىدۇر.

وجه شبه ماھىيەتنىڭ ئىچىدىن بولمىغىنى ئىككى تەرەپ بىلەن بەرپا بولىدىغان سۈپەت بولۇپ، بۇ ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) صفة حقيقية. 2) صفة اضافية.

صفة حقيقية يەنە ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) حسية. 2) عقلية.

حسية بەش قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) كۆرۈش بىلەن ئىدراك قىلىنىدىغان صفة حقيقية حسية. مەسىلەن: جىسىمغا خاس كەيفىيەتلەر.

بۇنىڭ رەڭلەر ھەققىدىكى مىسالى: خدُّه كالورد فى الحمرة. شەكىللەر ھەققىدىكى مىسالى: راسه كالبطيخة الشامية فى الشكل.

---

① «تلخيص المفتاح»نىڭ ئەسلى تېكىستىدىكى «فى نوعهما» مۇشۇ مەنىگە ئىشارەتتۇر.

② «تلخيص المفتاح»نىڭ ئەسلى تېكىستىدىكى «اوجنسهما» مۇشۇ مەنىگە ئىشارەتتۇر.



مىقدار ۋە بىر تۇتاش ھەرىكەتلەرنىڭ گۈزەللىكتىكى مىسالى: وجهه كالشمس فى الاشراق. قەبىھلىكتىكى مىسالى: وجهه كالفرمود الاخضر فى شكله. شەكىل ۋە ھەرىكەت ئېتىبارىدىن ھاسىل بولىدىغان كۈلۈش ۋە يىغلاشلارنىڭ مىسالى: فمه فى ضحكه كالأُقحوان عند انفتاحه. فمه فى بكائه كفم الكلب عند حتفه. 2) ئاڭلاش بىلەن ئىدراك قىلىنىدىغان صفة حقيقية حسية. مەسىلەن: كۈچلۈك ئاۋاز ياكى زەئىپ ئاۋاز. 3) تېتىش بىلەن ئىدراك قىلىنىدىغان صفة حقيقية حسية. 4) پۇراش بىلەن ئىدراك قىلىنىدىغان صفة حقيقية حسية. 5) سىلاش بىلەن ئىدراك قىلىنىدىغان صفة حقيقية حسية.

وجه شبه — صفة حقيقية عقلية بولىدۇ. مەسىلەن: اجسام ناطقەگە خاس كيفيات نفسانية. بۇنىڭ ئۆتكۈرلۈكتىكى مىسالى: هو كابى حنيفة فى الذكاء. ئىلىمدىكى مىسالى: هو كالبيهقي فى علمه. غەزەپتىكى مىسالى: هو كعنترة فى غضبه. ھەلىملىقتىكى مىسالى: هو كمعاوية فى حلمه؛ يەنە مەسىلەن: زاتىدىكى تامامى تەبىئىي سۈپەتلەر. بۇنىڭ سېخىيلىقتىكى مىسالى: هو كحاتم فى الجود. قۇدرەتتىكى مىسالى: هو كالمعتصم فى القدرة.

وجه شبه — ماھىيەتنىڭ ئىچىدىن بولمىغاننىڭ يەنە بىرى صفة اضافيةدۇر. مەسىلەن: هذه الحجة كالشمس. بۇنىڭدا «حجة» — مشبه ۋە «الشمس» — مشبه به، وجه شبه — ازالة الحجاب. ازالة الحجاب ھۆججەتنىڭ زاتىدا، ياكى كۈننىڭ زاتىدا، ۋەياكى پەردىنىڭ زاتىدا قارار ئالىدىغان سۈپەت ئەمەس، بەلكى ئىككىلى تەرەپ بىلەن بەرپا بولىدىغان سۈپەتتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



وجه شبەنىڭ يەنە بىر تەقسىمى: وجه شبە ـــ واحد ياكى واحدنىڭ ئورنىدا بولىدۇ.

واحدنىڭ ئورنىدا بولۇش دېگەننىڭ مەنىسى شۇكى، وجه شبە ھەقىقىي بىرىكمە ھالەتتە ھەرخىل نەرسىلەردىن بىرىكىپ بىرلا ھەقىقەت بوپكېتىش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: زيد كعمرو في الانسانية. بۇنىڭدا بىرلا ھەقىقەت ئىنسانىيەتتۇر.

وجه شبە ـــ واحد بولغىنى ئىككى قىسىم: 1) واحد حسى. 2) واحد عقلى.

واحدنىڭ ئورنىدا بولغىنىمۇ ئىككى قىسىم: 1) حسى. 2) عقلى.

وجه شبە ـــ مُتَعَدَّد (بىر قانچىلىغان نەرسە) بولىدۇ.

وجه شبە ـــ متعدد دېگەننىڭ مەنىسى شۇكى، وجه شبەدە بىر قىسىم نەرسىلەر تەسەۋۋۇر قىلىنىپ، بۇلاردىن ھەر بىرىدە ئىككى تەرەپنىڭ ئىشتىراكىيتى ئالاھىدە مەقسەت بولۇش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: زيد كعمرو في علمه وحلمه وادبه وايمانه. واحدنىڭ ئورنىدىكى بىرىكمە وجه شبەدە ئۇنداق بولمايدۇ. ئۇنىڭدىمۇ وجه شبە ـــ بىر قىسىم نەرسىلەر بولىدۇ، لېكىن ھەر بىرىدە ئىككى تەرەپنىڭ ئىشتىراكىيتى مەقسەت بولماستىن، بەلكى تارتىپ ئېلىنغان سۈپەت ۋە ھەيئەتتىلا ئىشتىراك مەقسەت بولىدۇ.

وجه شبە ـــ متعدد بولغىنىمۇ ئۈچ قىسىم: حسّى، عقلى، مختلف (بەزىسى حسّى، بەزىسى عقلى).



وجه شبە حسّى ـــ واحد بولسۇن، ياكى مركب بولسۇن، ياكى متعدد بولسۇن، ياكى ئۆزىنىڭ ئومۇمىي ھالىتى بىلەن حسى بولسۇن، ياكى بەزىسى عقلى ۋە بەزىسى حسى بولسۇن. مۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى ھەر دائىم حسىلا بولىدۇ. ئىككى تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپنىڭ بىرەرسى عقلى بولۇش دۇرۇس ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، وجه شبە ئىككى تەرەپتىن ئېلىنىدۇ.

ئەگەر ئىككى تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپنىڭ بىرى عقلى بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئىدراكى ئەقىل بىلەن بولىدۇ، ھېس بىلەن ئەمەس. چۈنكى ھېس بىلەن ئىدراك قىلىندىغان نەرسە پەقەت جىسىم ياكى جىسىم بىلەن بەرپا بولىدىغان نەرسىلا بولىدۇ. ئەلھاسىل، وجه شبەنى حسّى دەپ پەرەز قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى عقلى بولۇش دۇرۇس بولمايدۇ.

وجه شبەنى عقلى دەپ پەرەز قىلغاندا، بۇنىڭ ئىككى تەرىپى حسّى بولسۇن، ياكى عقلى بولسۇن، ياكى ئىككى تەرەپتىن بىرى عقلى يەنە بىرى حسّى بولسۇن، بۇ دۇرۇستۇر. چۈنكى، ئەقىل محسوس نەرسىلەرنى ئىدراك قىلالايدۇ. ھەم شۇنداقلا محسوس بىلەن معقول بەرپا بولۇشتا ۋە محسوسنى ئەقلىنىڭ ئىدراك قىلىشىدا ھېچقانداق توسالغۇلۇق يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن وجه شبە عقلى بىلەن تشبيه قىلىش وجه شبە حسّى بىلەن تشبيه قىلىشتىن عامراقتۇر. شۇنداق بولغاندا، قانداق شەيئىدە وجه شبە

حسّى بىلەن تشبيه قىلىش سەھىھ بولسا، ئۇنىڭدا وجه شبه عقلى بىلەن تشبيه قىلىشمۇ سەھىھ بولىدۇ، من غير عكس.

وجه شبەنىڭ تەقسىمىدىكى كالامنىڭ ھاسىلى بۇ بولىدىكى، وجه شبه ـــ واحد، ياكى مركب، ياكى متعدد بولىدۇ. واحد ۋە مركبتىن ھەر بىرى يەنە ئىككى قسىم: حسّى ۋە عقلى. مەزكۇر متعدد ئۈچ قسىم: حسّى، عقلى، مختلف. ھەممىسى يەتتە قسىم بولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن واحد عقلى، مركب عقلى، متعدد عقلىدىن ئىبارەت ئۈچ عقلىنىڭ ئىككى تەرىپى حسّى بولىدۇ، ياكى عقلى، ياكى مشبه ـــ حسّى ۋە مشبه به ـــ عقلى، ياكى مشبه ـــ عقلى ۋە مشبه به ـــ حسّى بولىدۇ. بۇ تۆتنى ئۈچ عقلىگە كۆپەيتىش بىلەن ئون ئىككى قسىم بولىدۇ. قالغان تۆتى، يەنى واحد حسى، مركب حسى، متعدد حسى، متعدد مختلفتۇر. (حسى ۋە عقلى)نىڭ ئىككى تەرىپى ھەر دائىم حسى بولىدۇ. بۇلارنى مەزكۇر ئون ئىككىسىگە بىرلەشتۈرگەندە ئون ئالتە قسىم بولدى. تۆۋەندە مەزكۇر قسىملارنىڭ مىساللىرى كۆرستىلىدۇ:

وجه شبه ـــ واحد حسى بولغىنىنىڭ مىسالى: الخد كالورد فى الحمرة (بۇ مبصراتنىڭ). الصوت الضعيف كالهمس فى الخفاء (بۇ مسموعاتنىڭ).

وجه شبه ـــ واحد عقلى بولغىنىنىڭ مىسالى: وجود الشيء العديم النفع كعدمه فى العراء عن الفائدة. بۇنىڭدا وجه شبه ـــ «عراء عن الفائدة» بولۇپ، بۇنىڭ ئىككى تەرىپى عقلىدۇر. چۈنكى



وجود ۋە عدم ـــ امور عقليەدىندۇر. الرجل الشجاع كالاسد فى الجرأة، بۇنىڭدا وجه شبه ـــ «جرأة» بولۇپ، بۇنىڭ ئىككى تەرىپى حسىدۇر. العلم كالنور فى الهداية. بۇنىڭدا مشبه (العلم) ـــ عقلىدۇر ۋە مشبه به (النور) ـــ حسىدۇر. وجه شبه ـــ «الهداية»تۇر. چۈنكى ئىلىم ئارقىلىق مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ، توغرا ـ ناتوغرىنى ئايرىغىلى بولىدۇ، خۇددى نۇر ئارقىلىق مەقسەتكە يەتكىلى ھەمدە شەيئىلەرنى ئايرىغىلى بولغاندەك. العطر كخلق شخص كريم فى استطابة النفس. بۇنىڭدا مشبه (العطر) ـــ حسىدۇر ۋە مشبه به (خلق شخص كريم) ـــ عقلىدۇر.

وجه شبه ـــ مركب حسى بولۇپ، ئىككى تەرىپى مفرد بولغىنىنىڭ مىسالى شائىر ابو قيس بن اسلتنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

وَقَدْ لَاحَ فِي الصُّبْحِ الثُّرَيَّا كَمَا تَرٰى * كَعُنْقُوْدِ مُلَّاحِيَةٍ حِيْنَ نَوْرَا①

بۇنىڭدىكى وجه شبه كۆرۈنۈشتە مقدارى كىچىك ھەم يۇملاقراق، ئاق سۈرەتلەرنىڭ مەخسۇس كەيفىيەتتە (توپلىشىپ قالغانمۇ، چاپلىشىپ قالغانمۇ، ئارىلىق بەك يىراقمۇ ئەمەس) يېقىن بولۇشىدىن ھاسىل بولغان ھەيئەت ۋە سۈپەتتۇر. بۇنىڭدىكى تشبيهنىڭ ئىككى تەرىپى مفرد. چۈنكى، بۇنىڭدا مشبه (ثريا) ۋە مشبه به (عنقود) ـــ مفردتۇر.

① لَاحَ: ئاشكارا بولدى. اَلثُّرَيَّا: ئۈركەر يۇلتۇزى (يەتتە توپ يۇلتۇز). عُنْقُوْد: ساپاق. مُلَّاحِيَة: ئۇزۇنچاق ئۈزۈم. نَوْر: غۇنچە، چېچەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



وجه شبه ـــــ مركب حسى بولۇپ، ئىككى تەرىپى مــركب بولغىنىنىڭ مىسالى شائىر بشّار بن بردنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

كَأَنَّ مُثَارَ النَّقْعِ فَوْقَ رُؤُسِنَا * وَأَسْيَافِنَا لَيْلٌ تَهَاوٰى كَوَاكِبُهُ①

بۇنىڭدىكى وجه شبه بىر قارا نەرسىنىڭ ئەتراپىدا مىقدارى بىر ـ بىرىگە مۇناسىپ، ئۇزۇنچاق، تارقاق، چاقنايدىغان جىسىملارنىڭ ساقىشىدىن ھاسىل بولغان ھەيئەتتۇر. بۇ تشبيهتا مشبه ۋە مشبه بەنىڭ مركب ئىكەنلىكى ئېنىقتۇر.

وجه شبه ـــــ مركب حسى بولۇپ، ئىككى تەرىپى مــركب مختلف، يەنى مشبه ـــــ مفرد ۋە مشبه به ـــــ مــركب بولغىنىنىڭ مىسالى:

وَكَأَنَّ مُحْمَرَّ الشَّقِيْقِ إِذَا تَصَوَّبَ اَوْ تَصَعَّدَ
أَعْلَامُ يَاقُوْتٍ نُشِرْنَ عَلٰى رِمَاحٍ مِنْ زَبَرْجَدِ②

بۇنىڭدا «شــقيق» (ياپىرىقى بىلەن غولى قوشۇلۇپ بىرلا ئىسىمدۇر) «ياقوت»قا تشبيه قىلىندى، وجه شبه ـــــ قىزىل جىسىملارنى يېشىل، ئۇزۇن جىسىملارنىڭ ئۈستى تەرىپىگە يېيىش بىلەن ھاسىل بولغان ھەيئەتتۇر. بۇنىڭدا مشبه ـــــ مفرد (الشقيق)، مشبه به ـــــ مركبتۇر.

① مُثَارَ النَّقْعِ: قوزغالغان چاڭ ـ توزان. أَسْيَاف: قىلىچلار. تَهَاوٰى: ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشىدۇ. كَوَاكِب: يۇلتۇزلار.
② مُحْمَرَّ الشَّقِيْقِ: ئوتتۇرىدا قارامتۇل چېچەكى بار قىزىل تاغ گۈلى. تَصَوَّبَ: تۆۋىنىگە ئېگىلسە. تَصَعَّدَ: ئۈستۈنگە قايرىلسا. أَعْلَام: بايراق. نُشِرْنَ: يېيىلىدۇ. زَبَرْجَد: يېشىل گۆھەر.



وجه شبه ـــــ مركب حسى بولۇپ، ئىككى تەرىپى مــركب مختلف، يەنى مشبه ـــــ مركب ۋە مشبه به ـــــ مفرد بولغىنىنىڭ مىسالى شائىر ابو تمامنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

تَرَيَا نَهَارًا مُشَمِّسًا قَدْ شَابَهُ * زُهْرُ الرُّبٰى فَكَأَنَّمَا هُوَ مُقْمِرُ①

بۇنىڭدا مشبه ـــــ دۆڭنىڭ غۇنچە ـ گۈللىرى ئارىلاشقان نَهار مُشَمِّستىن ھاسىل بولغان ھەيئەت، ئۇ ليل مُقْمِرغا تشــبيه قىـ ـلىندى.

وجه شبه ـــــ مركب عقلى بولغىنىنىڭ مىسالى: ﴿مَثَلُ ٱلَّذِينَ حُمِّلُواْ ٱلتَّوۡرَىٰةَ ثُمَّ لَمۡ يَحۡمِلُوهَا كَمَثَلِ ٱلۡحِمَارِ يَحۡمِلُ أَسۡفَارَۢا ۚ﴾②.

بۇنىڭدىكى وجه شبه (هيئة حرمان) ـــــ امر عقلى بولۇپ، بۇ بىر قىسىم نەرسىلەردىن تارتىپ ئېلىنغان. چۈنكى مشبه به ﴿ٱلۡحِمَارِ﴾دا بىر قىسىم نەرسىلەر تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. مەسىلەن: كىتابنى كۆتۈرۈش، مۇشەققەتنى تارتىپ كۆتۈرگەن نەرسىنىڭ لىق ئىلىم ئىكەنلىكى، ئېشەكنىڭ بۇ ئىلىملاردىن پايدىلىنالـ ـمىغانلىقى. شۇنىڭدەك مشبه (يهود)تىمۇ بىر قىسىم نەرسىلەر تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. مەسىلەن: كىتابنى كۆتۈرۈش، مۇشەقـ ـقەتنى تارتقاتقان نەرسىنىڭ ئىلىم بىلەن لىق تولغان بىر مۇقەددەس نەرسە ئىكەنلىكى، شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇنىڭدىن ئىستىفادە قىلالمىغانلىقى.

① تَرَيَا: كۆرىسەن. نَهَارًا مُشَمِّسًا: ئاپئاق كۈندۈز. شَابَ: ئارىلاشتى. زُهْرُ الــرُّبٰى: دۆڭنىڭ غۇنچىسى. مُقْمِر: ئايلىق كېچە، ئايدىڭ كېچە.
② 62 ـ سۈرە جۇمە 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

وجه شبه ـــ متعدد حسى بولغىنىنىڭ مىسالى: التفاح الحامض كالسفرجل فى اللون والطعم والرائحة.

وجه شبه ـــ متعدد عقلى بولغىنىنىڭ مىسالى: الصعوة كالغراب فى حدة النظر وكمال الحذر واخفاء السفاد.

وجه شبه ـــ متعدد مختلف بولغىنىنىڭ مىسالى: الانسان كالشمس فى حسن الطلعة ونباهة الشأن. بۇنىڭدا حسن طلعة ـــ حسّىدۇر، نباهة شأن ـــ عقلىدۇر.

بەزىدە تَضادّنى تناسُبنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ، چاقچاق ۋە ھەجۋە قىلغان ئاساستا تشبيه قىلىنىدۇ. مەسىلەن، قورقۇنچاققا «ما اَشْبَه بِالْاَسَدِ»، بېخىلغا «انّه حاتمٌ» دېيىلىدۇ. مەقسەت تمليح (چاقچاق قىلىش ياكى ھەجۋە قىلىش)تۇر[1].

---

① مۇھىم نۇقتا: بۇ گەپ ئىلگىرى مەلۇم بولغانكى، وجه شبه بەزىدە واحد، بەزىدە غير واحد بولىدۇ. بۇنىڭ يەتتە قىسمى ئۈستۈندە ئۆتۈپ بولدى. لېكىن ئۇ، وهمى ۋە وجدانىنى عقلىگە ۋە خيالىنى حسىگە كىرگۈزگەندە شۇنداق بولىدۇ. بۇ مەسىلە قىسقارتىلىۋېتىلدى. ئەگەر وهمى ۋە وجدانىنى عقلىگە ۋە خيالىنى حسىگە كىرگۈزمىسە، وجه شبه 35 قىسىم بولىدۇ، بۇنىڭ تەپسىلى تۆۋەندىكىچە: 1) واحد حسى. 2) واحد خيالى. 3) واحد عقلى. 4) واحد وهمى. 5) واحد وجدانى. 6) مركب حسى. 7) مركب خيالى. 8) مركب عقلى. 9) مركب وهمى. 10) مركب وجدانى. 11) متعدد حسى. 12) متعدد خيالى. 13) متعدد عقلى. 14) متعدد وهمى. 15) متعدد وجدانى. 16) متعددنىڭ بەزىسى حسى، بەزىسى خيالى. 17) متعددنىڭ بەزىسى حسى، بەزىسى عقلى. 18) متعددنىڭ بەزىسى حسى، بەزىسى وجدانى. 19) متعددنىڭ بەزىسى حسى، بەزىسى وهمى. 20) متعددنىڭ بەزىسى خيالى، بەزىسى عقلى. 21) متعددنىڭ بەزىسى خيالى، بەزىسى وهمى. 22) متعددنىڭ بەزىسى خيالى، بەزىسى وجدانى. 23) متعددنىڭ بەزىسى عقلى، بەزىسى وهمى. 24) متعددنىڭ بەزىسى عقلى، بەزىسى وجدانى. 25) متعددنىڭ بەزىسى وهمى، بەزىسى وجدانى. 26) متعددنىڭ بەزىسى حسى، بەزىسى خيالى، بەزىسى عقلى. 27) متعددنىڭ بەزىسى



اداة تشبيه (تشبيه ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قورال): «كاف»، «كَأنَّ»، «مِثل» ۋە بۇلارنىڭ مەنىداشلىرىدىن ئىبارەت[1].

تشبيه ھەرپى كافنىڭ مىسالى: زيد كعمرو. كَأنَّنىڭ مىسالى: كَأَنَّ زيدًا اخوك وكأنَّه قَدِمَ. مِثلنىڭ مىسالى: زيد مثل عمرو.

تشبيه ھەرپى كۆپىنچە مشبه بەغا تۇتاش كېلىدۇ. مەسىلەن: زيد كالاسدغا ئوخشاش.

بەزىدە مشبه بەنىڭ باشقىسىغىمۇ تۇتاش كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَٱضۡرِبۡ لَهُم مَّثَلَ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا كَمَآءٍ أَنزَلۡنَٰهُ﴾[2]، بۇ يەردىكى مەقسەت، دۇنيانىڭ ھالىنى سۇغا ئوخشىتىش ئەمەس، بەلكى سۇدىن ھاسىل بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھالىغا ئوخشىتىشتۇر.

---

حسى، بەزىسى خيالى، بەزىسى وهمى. 28) متعددنىڭ بەزىسى حسى، بەزىسى خيالى، بەزىسى وجدانى. 29) متعددنىڭ بەزىسى حسى، بەزىسى عقلى، بەزىسى وهمى. 30) متعددنىڭ بەزىسى حسى، بەزىسى عقلى، بەزىسى وجدانى. 31) متعددنىڭ بەزىسى حسى، بەزىسى وهمى، بەزىسى وجدانى. 32) متعددنىڭ بەزىسى خيالى، بەزىسى عقلى، بەزىسى وهمى. 33) متعددنىڭ بەزىسى خيالى، بەزىسى عقلى، بەزىسى وجدانى. 34) متعددنىڭ بەزىسى عقلى، بەزىسى وهمى، بەزىسى خيالى. 35) متعددنىڭ بەزىسى عقلى، بەزىسى وهمى، بەزىسى وجدانى.

بۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تۆتتىن ھالىتى بار: وجه شبه ئىككى تەرەپتە تحقيقى بولىدۇ، ياكى تخييلى، ياكى مشبهتە تخييلى ۋە مشبه بەدا تحقيقى، ياكى مشبهتە تحقيقى ۋە مشبه بەدا تخييلى. مەزكۇر ئوتتۇز بەش قىسىم تۆتكە كۆپەيتىلسە، وجه شبەنىڭ ھەممە قىسىملىرى 140 (بىر يۈز قىرىق) بولىدۇ، والله اعلم.

① اداة تشبيه كافقا ئوخشاش ھەرپمۇ بولىدۇ، مثلگە ئوخشاش اسمدىنمۇ بولىدۇ، يشبهغا ئوخشاش فعلدىنمۇ بولىدۇ.

② 18- سۈرە كەھف 45- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بەزىدە تشبيەنى كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنغاندا شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك فعل ـــ اداة تشبيەنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن: زىيادە مۇبالىغە قىلىدىغان ئورۇندا «عَلِمْتُ زيدا اســدا»، ئازراق مۇبالىغە قىلىدىغان ئورۇندا «حَسِبْتُ زيدا اسدا» دېيىلىدۇ.

تشبيەنىڭ تۆت رۇكنىلىرى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىزدىنىشلەر مۇشۇ يەردە تۈگىدى. تۆۋەندە تشبيەنىڭ مەقسەت ۋە ھېكمىتى بايان قىلىنىدۇ. بۇ بولسا، تشبيەنىڭ ئاساسلىق نىشانىدۇر.

تشبيە كۆپىنچە مشبەنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە تۆۋەندىكىدەك ۋەزىپىلەردە كېلىدۇ: 1) مشبە تېپىلىشى نادىر، ئاجايىپ-غارايىپ نەرسە بولسا ۋە سامىئنىڭ ئۇنى قاچانلا ئاڭلىغىنىدا ئۇنىڭغا ئىنكار قىلىپ قېلىش ئەندىشىسى بولمىسا، شۇنداق ئورۇندا مشبەنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى بايان قىلىش زۆرۈر. بۇنىڭ مىسالى شائىر مُتَنَبِّىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

فَاِنْ تَفُقِ الْاَنامَ وَاَنْتَ مِنْهُمْ * فَاِنَّ الْمِسْكَ بَعْضُ دَمِ الْغَزَالِ①

بۇنىڭدىكى دەۋا مۇنداق: ممدوح ئۆزىنىڭ پۈتۈن زامانداشلىرىدىن مەرتىۋىدە ئېشىپ كېتىپ، شۇنداق بىر دەرىجىگە ئۆرلەپ كەتتىكى، گويا ئۇ ئىنسان جىنسىدىن ئايرىلىپ

① تَفُق: مەرتىۋىنىڭ يۇقىرىلىقىدا ئېشىپ كەتسەڭ. اَلْاَنَام: خەلق ۋە زامانداشلار. اَلْمِسْك: ئىپار. اَلْغَزَال: كىيىك.



مۇستەقىل بىر ئەلا جىنس بوپكەتكەندەك. مۇنداق بولۇش زاھىرىغا قارىغاندا مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ دەۋاغا دەلىل كەلتۈرۈپ دېيدۇكى، بۇ ئانچە ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەس. چۈنكى ئىپارمۇ كىيىكنىڭ قېنىدىن پەيدا بولىدۇ. لېكىن بەزى ئالاھىدىلىكلىرىگە بىنائەن قاندىن ھېسابلانمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىن ئەلا تۇرىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، ممدوحمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. بۇ بىرىنچىسىدە مشبە بەدا وجە شبە ـــ اتم ۋە اقوىدۇر. 2) مشبەنىڭ ھالىنى بايان قىلىش. مەسىلەن: ثَوْبِى مِثْلُ ثَوْبِكَ فى السواد. بۇ ئىككىنچىسىدە سامىئنىڭ كۆڭلىدە مشبە بەدا وجە شبە زىيادە مەشھۇردۇر. 3) مشبەنىڭ كەم-زىيادىلىكى ياكى كۈچلۈك-زەئىپلىقى ئېتىبارىدىن ئۇنىڭ ھالىنىڭ مىقدارىنى بايان قىلىش. مەسىلەن: هذا الثوب الاسود كالغراب. 4) مشبەنىڭ ھالىنى سامىئنىڭ زېھنىغا پۇختا ئورنىتىش. مەسىلەن: فلان فى سعيه كالراقم على الماء، قىلغان ئىشىدىن ئۇنۇم ھاسىل بولمايدىغان كىشىنى سۇغا خەت يازغۇچىغا ئوخشىتىش. مەزكۇر تۆتىدە وجە شبە ـــ مشبە بەدا پۈتۈنرەك بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. 5) مشبەنىڭ ھالىنى سامىئقا چىرايلىق كۆرسىتىش. مەسىلەن: هذا الوجه الاسود كمقلة الظبى، ئۇنىڭ قارا يۈزنى كىيىكنىڭ كۆزىگە ئوخشىتىش. 6) مشبەنىڭ ھالىنى سامىئقا سەت كۆرسىتىش. مەسىلەن: هذا الوجهُ المجدورُ كسَلْحَةِ جامدة قَدْ نَقَرَتْهَا الدِّيْكَةُ، چىچەك بېسىپ كەتكەن چىرايىنى توخۇ چوقۇۋەتكەن قورۇق گەندىگە ئوخشىتىش. 7) مشبەنى ئاجايىپ ۋە غارايىپ نەرسە

قىلىپ ئىپادىلەش. مەسىلەن: فحم فيه جمرٌ موقدٌ كبحر من المسك موجّه الذهَب، كۆمۈر ئۈستىدىكى يالقۇنجاپ تۇرغان چوغنى، ئالتۇندەك دولقۇنلايدىغان ئىپار دېڭىزىغا ئوخشىتىش. مەقسەت مشبەنى ئوبرازلىق كۆرسىتىشتۇر.

تشبيەنىڭ مەقستى بەزىدە مشبهٌ بەنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ۋەزىپىدە كېلىدۇ: 1) مشبه به ـــ وجه شبەدە مشبەتىن مۇكەممەلراق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش. تشبيه مقلوبتا شۇنداق بولىدۇ. ناقصنى مشبه بەنىڭ ئورنىدا كەلتۈرگەن تشبيه ـــ تشبيه مقلوب دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى محمد بن وهيبنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

وَبَدَا الصَّبَاحُ كأنّ غُرّتَهُ * وجهُ الخليفة حينَ يُمتدح[1]

شائىرنىڭ مەقستى، ضياء ۋە وضوحتا ممدوحنىڭ يۈزى اتم ۋە اقوى دېگەننى بىلدۇرۇش ئۈچۈن، سۇبھىنىڭ ئاقلىقىنى مشبه ۋە ممدوحنىڭ يۈزىنى مشبه به قىلدى. ﴿إِنَّمَا ٱلۡبَيۡعُ مِثۡلُ ٱلرِّبَوٰاْۗ﴾[2]دىمۇ تشبيه مقلوب بار. قىياسنىڭ تەقەززاسى «إنما الربوا مثل البيع» ئىدى. چۈنكى، كالام پەقەت ربوا ھەققىدىلا ئىدى، بيع ھەققىدە ئەمەس. لېكىن، الله تعالى حلّتە ربوانى ئەسلى قارار قىلغان ھالدا ﴿إِنَّمَا ٱلۡبَيۡعُ مِثۡلُ ٱلرِّبَوٰاْۗ﴾ دېدى. شۇنىڭدەك ﴿أَفَمَن يَخۡلُقُ كَمَن لَّا يَخۡلُقُۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ١٧﴾[1]دىمۇ تشبيه مقلوب بار.

① بَدَا: ئاشكارا بولدى. غُرّة: ئاقلىق.

② 2-سۈرە بەقەرە 275- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



2) مشبه بەغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكنى بايان قىلىش. بۇ تشبيه ـــ اظهار المطلوب دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى: وجهُك الذي يشبه بالبدر فى الاشراق والاستدارة كالرغيف. قورسىقى ئاچقان ئادەم بىرسىنىڭ يۈزىنى توقاچ نانغا ئوخشاتقاندەك.

ئاگاھ بولۇڭكى، تشبيەدە ئىككى شەيئىنىڭ بىرىنى مشبه، يەنە بىرىنى مشبه به قىلىشنىڭ شەرتى، ناقصنى وجه شبەدە حقيقةً (تشبيه مستقيمدە) ياكى ادّعاءً (تشبيه مقلوبتا) زائدقا (حقيقي ياكى ادّعائىغا) قوشۇش ئىرادە قىلىنىشتۇر. ئەگەر ئىككى شەيئىنىڭ ئوتتۇرىسى كەم-زىيادىلىك قىلىنماستىن بىر سۈپەتتە جۇغلاشلا ئىرادە قىلىنسا، ئۇ چاغدا باراۋەر ئىككى نەرسىنىڭ بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىگە كۆچەيتىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تشبيەنى تەرك ئېتىپ، تشابُهُ الحكم شەكلىدە زىكرى قىلىش ئەۋزەل بولىدۇ. بۇنىڭ مىسالى «قۇرئان كەرىم»نى ياخشى يادلىغان بولسىمۇ، الله تعالى ئىسلامغا مۇشەررەپ قىلمىغان شائىر ابو اسحاق ابراهيم الصابى اليهودىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر.

تَشَابَهَ دَمْعِيْ اِذْ جَرٰى وَمَدَامَتِى * فَمِنْ مِثْلِ مَا فِى الْكَأْسِ عَيْنَيَّ تَسْكُبُ
فَوَاللهِ مَا اَدْرِى أَبِالْخَمْرِ اَسْبَلَتْ * جُفُوْنِى اَمْ مِنْ عَبْرَتِى كُنْتُ اَشربُ[2]

① 16- سۈرە نەھل.

② دَمْع: كۆز يېشى. مدامة: شاراب. الكَأْس: پىيالە. تَسْكُبُ: تۆكۈۋاتامدۇ؟ جفون: كۆزۈم شاراب يىغلاۋاتامدۇ؟ عَبْرَة: كۆز يېشى.

بۇنىڭدا شائىرنىڭ مەقسىتى شاراب ۋە ياشلاردا باراۋەرلىكنى ئىزهار قىلىش. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، تشبيهنى تەرك ئېتىپ پەقەت تشابه صيغةسى بىلەنلا كۇپايىلەندى.

قاتتىق كۆڭۈل بولۇش دېگەندەك مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يۇقىرىقىدەك ھالەتنى تشبيه شەكلىدە زىكرى قىلىسمۇ جائىز بولىدۇ. مەسىلەن: غُرَّةُ هذا الفرسِ كالصبح. الصبحُ كغرة الفرس. بۇ مىسالدا بىر ئاقلىقنىڭ، ئۆزىدىن كۆپرەك يەرگە يېيىلغان بىر قارا نەرسە ئىچىدە زاهىر بولغانلىقى پەرەز ئېتىلىدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت بولسا مشبه ۋە مشبه بەنى ھاسىل قىلىپ، تشبيهنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتۇر.

تشبيهنىڭ مەقسىتى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلەر يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. تۆۋەندە تشبيهنىڭ قىسىملىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

تشبيه ـــ مشبه ۋە مشبه به ئىككىسىنىڭ ئېتىبارى بىلەن تۆت قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) تشبيه مفرد بالمفرد. 2) تشبيه مركب بالمركب. 3) تشبيه مفرد بالمركب. 4) تشبيه مركب بالمفرد.

تشبيه مفرد بالمفرد تۆت قىسىمدۇر: 1) قەيتسىز مفردنى قەيتسىز مفردكە تشبيه قىلىش. مەسىلەن: الخد كالورد. 2) قەيتلىك مفردنى قەيتلىك[1] مفردكە تشبيه قىلىش. مەسىلەن: هو كالراقم على الماء. بۇنىڭدىكى مشبه ـــ الساعى الذي لا يحصل من سعيه على شيء بولۇپ، بۇ قەيتلىكتۇر. مشبه به ـــ الراقم الذي رَقَمَ

① مجرور، مفعول، حال، اضافة، وصف قاتارلىقلار «قەيتلىك» ھېسابلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



على الماءمۇ قەيتلىكتۇر. 3) قەيتسىز مفردنى قەيتلىك مفردكە (مشبه به قەيتلىك) تشبيه قىلىش. مەسىلەن: والشمسُ كَالْمِرْاٰةِ فى كَفِّ الْاَشَلِّ. بۇنىڭدا مشبه (الشمسُ) قەيتسىز، مشبه به (كَالْمِرْاٰةِ فِى كَفِّ الْاَشَلِّ) قەيتلىكتۇر. 4) قەيتلىك مفرد (مشبه قەيتلىك)نى قەيتسىز مفردكە تشبيه قىلىش. مەسىلەن: المراٰةُ فى كف الاشل كالشمس.

تشبيه مركب بالمركبنىڭ مىسالى شائىر بَشّارنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

كَأنَّ مُثارَ النَّقْعِ فوق رؤسنا * واسيافِنا ليلٌ تَهَاوٰى كَوَاكِبُه

بۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۆزئارا بىر-بىرىگە قاتتىق چاپلاشقان ۋە كۆرۈنۈشتە بىرلا نەرسە كۆرۈنۈۋاتقان بىر قانچىلىغان نەرسىدىن ھاسىل بولغان ھەيئەتتۇر.

تشبيه مفرد بالمركبنىڭ مىسالى مۇنۇ شېئىردۇر:

وكأنَّ مُحْمَرَّ الشقيق اذا تَصَوَّبَ اوتَصَعَّد
اَعْلَامُ ياقُوتٍ نُشِرْنَ عَلى رماحٍ من زبرجد

بۇنىڭدا مشبه (شقيق) ـــ مفردتۇر، مشبه به (اَعْلَامُ ياقُوتٍ الخ) ـــ مركبتۇر.

تشبيه مركب بالمفردنىڭ مىسالى شائىر ابو تَمّامنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

يَاصَاحِبَىَّ تَقَصَّيَا نَظَرَيْكُمَا * تَرَيَا وجوهَ الارضِ كيف تَصَوَّرُ
تَرَيَا نَهَارًا مُشَمِّسًا قَدْ شَابَهُ * زُهْرُ الرُّبٰى فكأنَّما هو مُقْمِرُ[1]

① صاحبى: ھەمرايىم. تقصيا نظريكما: ئۇبدان ئويلاپ كۆرۈڭلار. نهارا مشمسا: ئاپئاق كۈندۈز. شاب: ئارىلاشقان. زهر الربى: دۆڭچاقلاردا ئۈنگەن غۇنچە-گۈللەر. مقمر: ئايدىڭ كېچە.

بۇنىڭدا مشبه (ﻫﺎرًا مُشَمِّسًا الخ) ــــ مركبتۇر، مشبه به (لــيل مُقْمِرٍ) ــــ مفردتۇر. چۈنكى مركب توصيفي ــــ مفردنىڭ ھۆكمىدە.

تشبيه ــــ ئىككى تەرەپنىڭ بىر قانچە بولۇش ئېتىبارى بىلەن ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) ئىككى تەرەپ بىر قانچە بولۇش. 2) مشبەلا بىر قانچە بولۇش. 3) مشبه بەلا بىر قانچە بولۇش.

بىرىنچىسى، يەنى ئىككى تەرەپنىڭ بىر قانچە بولۇشى ئىككى خىل بولىدۇ: 1) ئەۋۋەل ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق مشبه، عطف ۋە باشقا يوللار ئارقىلىق زىكرى قىلىنىپ، ئاندىن مشبه به شۇ يۇسۇندا زىكرى قىلىنىش. بۇ، تشبيه ملفوف دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىر امرأ القيسنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

كَأَنَّ قلوبَ الطيرِ رَطْبًا ويابِسًا * لَدَى وَكْرِهَا العُنّابُ وَالْحَشَفُ البَالِى[①]

بۇنىڭدا شائىر رەڭ، مىقدار ۋە شەكىل جەھەتلەردە ئۇچارلىقلارنىڭ ھۆل يۈرەكلىرىنى چىلانغا، قۇرۇق يۈرەكلەرنى قۇرۇپ كەتكەن خورمىغا ئوخشاتقان ھالدا، ئەۋۋەل مشبهاتنى، ئاندىن مشبهات ﺑﻬانى زىكرى قىلدى. 2) ئەۋۋەل بىر مشبه ۋە مشبه به زىكرى قىلىنىپ، ئاندىن ئىككىنچى بىر مشبه ۋە مشبه به زىكرى قىلىنىدۇ. بۇ تشبيه مفروق دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى

① وكر: ئۇۋا. عناب: چىلان. الحشف البالى: خەشەك بولۇپ كەتكەن خورما.



شائىر مرقش اكبرنىڭ ئاياللارنى مەدھىيىلەشتە ئېيتقان مۇنۇ شېئىرىدۇر:

اَلنَّشْرُ مِسْكٌ والوجوهُ دَنَا * نِيرُ واَطْرَافُ الْاَكُفِّ عَنَم[①]

بۇنىڭدا «النَّشْر» ــــ مشبه، «مسك» ــــ مشبه به. شۇنىڭدەك «وجوه» ــــ مشبه، «دَنَانِير» ــــ مشبه به. شۇنداقلا «اطراف الْاَكُفِّ» ــــ مشبه، «عَنَم» ــــ مشبه بەدۇر.

ئىككىنچىسى، مشبه ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق بولۇپ، مشبه به بىرلا بولۇش. بۇ، تشبيه التسوية دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىر رشيد الدين الوطواطنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

صُدْغُ الْحَبِيْبِ وَحَالِى * كلاهما كالليالى[②]

بۇنىڭدا مشبه (صُدْغُ، حال) ــــ بىر قانچىدۇر ۋە مشبه به (ليالى) ــــ بىردۇر، وجه شبه ــــ السواددۇر.

ئۈچىنچىسى، مشبه بىر بولۇپ، مشبه به ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق بولۇش. بۇ، تشبيه الجمع دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىر بُحترىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر.

بَاتَ نَدِيْمًا لِى حَتَّى الصَّبَاحُ * اَغْيَدُ مَجْدُوْلٍ مَكَانَ الْوِشَاحْ
كَأَنَّما يَبْسِمُ عن لؤلوءٍ مُنَضَّدٍ اوبَرَدٍ اواَقَاح[③]

① نشر: خۇشپۇراق بۇي. عنم: شاخلىرى ناھايىتى يۇمشاق قىزغۇچ دەرەخ.
② صُدْغ: كۈكۈلا.
③ بَاتَ: قوندى. نَدِيْمًا: ھەمراھ. اَغْيَدُ: بەدىنى يۇمشاق. مَجْدُوْل: بېلى ئىنچىكە. اَلْوِشَاح: زىننەت بەلبېغى. يَبْسِمُ: تەبەسسۇم قىلىدۇ. مُنَضَّد: رەتلىك تىزىلغان. بَرَد: مۆلدۈر. اقاح: ئەتىرگۈل.

بۇنىڭدا شائىر ممدوحنىڭ چىشلىرىنى ئۈچ نەرسىگە ئوخشاتتى: مەرۋايىت، مۆلدۈر، ئەتىرگۈل.

تشبيه ـــ وجه شبەنىڭ ئېلىنىش ئېتىبارى بىلەن ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) تمثيل. بۇنىڭدا وجه شبه كۆپلىگەن نەرسىلەردىن ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: وقد لاح في الصبح الثريا الخ ثريانىڭ تشبيهى، كأن مثار النقع الخ چاڭ-توزاننىڭ تشبيهى ۋە والشمسُ كالمراٰة في كفِّ الاَشَلِّ‌دە قۇياشنىڭ تشبيهى ئۆتتى. بۇ ھەممە مىساللاردا وجه شبه كۆپلىگەن نەرسىلەردىن تارتىپ ئېلىنىدۇ: بەزىسىدە حسى، بەزىسىدە عقلى. شۇنداقلا بەزىسىدە ئىككى تەرەپ مفرد بولسا بەزىسىدە مركب. بەزىسىدە بىرى مفرد بولسا ئىككىنچى تەرەپ مركب. ئۈستۈندە ھەربىرىنىڭ تەپسىلى ئۆتتى. 2) غير تمثيل. بۇنىڭدا وجه شبه كۆپلىگەن نەرسىلەردىن ئېلىنمايدۇ، بەلكى وجه شبه بىرلا بولىدۇ.

تشبيه ـــ وجه شبەنىڭ مُجْمَل بولۇش ياكى مُفَصَّل بولۇش ئېتىبارى بىلەن ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) تشبيه مُجْمَل. ئۇ ـــ وجه شبەنىڭ ئاشكارا ياكى مەخپىي بولۇش ئېتىبارى بىلەن ئىككى قىسىم: (1) بۇنىڭدا وجه شبه ئاشكارا بولۇپ، ئۇنى ھەركىم چۈشىنەلەيدۇ. مەسىلەن: زيد كالاسد. (2) بۇنىڭدا وجه شبه مەخپىي بولۇپ، ئۇنى ھەركىم چۈشىنەلمەيدۇ، بەلكى خاس كىشىلەرلا چۈشىنەلەيدۇ. بۇنىڭ مىسالى بنو مهلّبكه قارىتا حَجّاجنىڭ سوئالىنىڭ جاۋابىدا كعب بن معدان اشقرى ازدىنىڭ مۇنداق سۆزى بار: هم كالحلقة المفرغة التي لا يدرى اين طرفاها أي



هم متناسبون في الشرف① كما ان الحلقة المفرغة متناسبةُ الاجزاء في الصورة②. يەنى بنو مهلّب جەمى شاراپەت ۋە پەزىلەتتە متناسب ۋە باراۋەردۇر. خۇددى ھالقىنىڭ باش-ئوتتۇرىنى ئايرىغىلى بولمىغاندەك، بۇلارنىڭ بەزىسىنى فاضل، بەزىسىنى افضل دېيىش قىيىندۇر.

تشبيه مُجْمَل ـــ مشبه ۋە مشبه به ئىككىسىنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ بايان قىلىنىش ئەھۋالىغا ئاساسەن يەنە ئۈچ قىسىم: (1) بۇنىڭدا مشبه ۋە مشبه بەدىن بىرەرسىنىڭمۇ سۈپىتى زىكرى قىلىنغۇچى ئەمەس. مەسىلەن: زيدٌ اسدٌ. (2) بۇنىڭدا مشبه بەنىڭ سۈپىتى زىكرى قىلىنغان. مەسىلەن: هم كالحلقة المفرغة التي لا يدرى اين طرفاها، بۇنىڭدا «الحلقة المفرغة» ـــ مشبه بەدۇر، بۇنىڭ سۈپىتى «التي لا يدرى اين طرفاها»دۇر. (3) بۇنىڭدا مشبه ۋە مشبه بەنىڭ ئىككىلىسىنىڭ سۈپىتى زىكرى قىلىنغان، بۇنىڭ مىسالى شائىر ابو تمّامنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر.

صَدَفْتُ عَنْهُ وَلَمْ تَصْدِفْ مَوَاهِبُهُ * عَنِّي وَعَاوَدَهُ ظَنِّي فَلَمْ يَخِبِ
كَالْغَيْثِ اِنْ جِئْتَهُ وَافَاكَ رَيِّقُهُ * وَاِنْ تَرَحَّلْتَ عَنْهُ لَجَّ فِي الطَّلَبِ③

بۇنىڭدا مشبه، يەنى ممدوحنىڭ سۈپىتى تىلغا ئېلىنىدىكى، شائىرغا ئۇنىڭ بېرىشلىرى ۋە ھەدىيە-سوغاتلىرى ھەر دائىم

---

① أي يمتنع تعيينُ بعضهم فاضلا وبعضهم افضل منه.
② أي يمتنع تعيين بعضها طرفا وبعضها وسطا لكونها مفرغةً مصمتةَ الجوانبُ كالدائرة.
③ صَدَفْتُ: يۈز ئۆرۈدۈم. مَوَاهِب: بېرىدىغان نەرسىلىرى. عَاوَدَ: ئەۋۋەلقى ھالىتىگە قايتتى. لَمْ يَخِبْ: زىيانَ تارتمىدى. اَلْغَيْث: يامغۇر. وَافَا: كەلدى. رَيِّق: ئەۋۋىلى، ئەۋزىلى. تَرَحَّلْتَ: قاچساڭ. لَجَّ: قوغلايدۇ، جاڭجالىلىشىدۇ.

ئۇزۇلۇپ قالمايدۇ، مەيلى ئۇ ئۇنىڭدىن يۇز ئۆرۈپ كەتسۇن ياكى يۇز ئۆرىمىسۇن. شۇنداقلا بۇنىڭدا مشبه به، يەنى غَيْثنىڭ سۈپىتىمۇ تىلغا ئېلىنىدىكى، سەن قاچساڭمۇ، ئۇ ساڭا چوقۇم يەتمىگىچە بولدى قىلمايدۇ.

2) تشبيه مُفَصَّل. بۇنىڭدا وجه شبه ئەينەن زىكرى قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

وثَغْرُه فى صفاءٍ * واَدْمُعِى كَاللَّاٰلِى①

بۇنىڭدا وجه شبه، يەنى «فى صفاءٍ» ئەينەن بار.

تشبيه ــــ وجه شــبەنىڭ زېھنىگە تېز كېچىش ياكى تېز كەچمەسلىك ئېتىبارى بىلەن ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ: 1) قريب مُبْتَذِل. بۇنىڭدا سامىئنىڭ زېھنى مشبەتىن مشبه به تەرەپكە تېز يۆتكىلىدۇ. مەسىلەن: الشمس كالمراٰة الْمَجْلُوَّةِ②. 2) بعيد غريب. بۇ تشبيەدە سامىئنىڭ زېھنى مشبەتىن مشبه بە تەرەپكە قاتتىق ئويلانماستىن ۋە ئىنچىكىلەپ پىكىر يۈرگۈزمەستىن يۆتكەلـمەيدۇ. مەسىلەن: والشمس كالمراٰة فى كف الاشل③.

تشبيه ــــ اداة تشبيەنىڭ حذف قىلىنىش ۋە زىكرى قىلىنىش ئېتىبارى بىلەن يەنە ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) تشبيه مؤكَّد. بۇنىڭدا اداة تشبيه ــــ محذوف بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَهِىَ تَمُرُّ مَرَّ

① ثَغْر: چىش. صفاء: ئاقلىق. اَدْمُع: كۆز ياشلىرى. اللَّاٰلِى: مەرۋايىتلار.
② اَلْمَجْلُوَّة: روشەن.
③ مراة: ئەينەك. اشل: قولى تىترىگەك.



ٱلسَّحَابِۚ﴾① اى مثْلَ مَرِّ السَّحَاب. ﴿وَأَزْوَٰجُهُۥٓ أُمَّهَـٰتُهُمْۗ﴾② ۋە ﴿وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا ٱلسَّمَـٰوَٰتُ وَٱلْأَرْضُ﴾③مۇ تشبيه مؤكَّدنىڭ جۈملىسىدىندۇر. تشبيه مؤكَّدنىڭ يەنە بىر ھالىتى شۇكى، ئۇنىڭدا اداة تشبيه ــــ حذف قىلىنىپ، مشبه به ــــ مشبەكە اضافة قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

وَالرِّيْحُ تَعْبَثُ بِالْغُصُوْنِ وَقَدْ جَرٰى * ذَهَبُ الْاَصِيْلِ عَلٰى لُجَيْنِ الْمَاءِ④

بۇنىڭدىكى «لُجَيْنِ الْمَاءِ» استشهادنىڭ ئورنىدۇر. بۇ ئەسلىدە الماء الذى هو كاللجين ئىدى. اداة تشبيەنى حذف قىلىپ، مشبه به (لجين)نى مشبه (الماء)غا اضافة قىلىندى. 2) تشبيه مرسل. بۇنىڭدا اداة تشبيه زىكرى قىلىنىدۇ. مەسىلەن: زيد كالاسد.

تشبيه ــــ مەقسەت ئېتىبارى بىلەن ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) تشبيه مقبول. 2) تشبيه مردود.

مەقسەتنى تولۇق ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، ئەھۋال بايان قىلىشتا مشبه به ــــ وجه شبەدە مەشھۇرراق بولۇش، ياكى ناقىصنى كامىلغا قوشۇشتا مشبه به ــــ وجه شبەدە پۈتۈنرەك

① 27- سۈرە نەمل 88- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 33- سۈرە ئەھزاب 6- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 3- سۈرە ئال ئىمران 133- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ تعبث: ئويۇن قىلىدۇ. اَلْغُصُوْن: شاخلار. وَقَدْ جَرٰى: ۋەھالەنكى زاھىر بولغان. اصيل: ئەسىر ۋاقتىدىن كۈن پاتقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت. لجين: كۈمۈش. على لجين الماءنىڭ ئەسلىسى ماء كاللجيندۇر. يەنى، سۈزۈكلۈكتە كۈمۈشكە ئوخشىغان كەچقۇرۇنلۇقتىكى كۈننىڭ سېرىقلىقى سۇنىڭ يۈزىدە زاھىر بولغاندا، شاماللار شاخلار بىلەن ئوينىشىدۇ.

بولۇش، ياكى تشبيەدە مشبە بەنىڭ ھۆكمى قايىل قىلارلىق بولۇش —— تشبيە مقبول دېيىلىدۇ.

مەقسەتنى ئىپادىلەشتە تۆۋەن كېلىپ قالغىنى تشبيە مردود دېيىلىدۇ.

ئاگاھ بولۇڭكى، مەقسەت ئېتىبارى بىلەن تشبيەنى مقبول ۋە مردود دەپ ئاتاش خاس بىر ئىستىلاھتۇر. ئۇنداق بولمىسا ھەر قانداق تشبيەدە وجه شبه ياكى تشبيەنىڭ ئىككى تەرىپىدىن بىرەر شەرت يوقالسا، ئۇ مردود، ئۇنداق بولمىسا مقبول بولىدۇ.

تشبيەنىڭ تەقسىمى مۇشۇ يەردە خاتىمە بولدى.

مراتب التشبيه فى القوة والضعف: ئۇستۇندە تشبيەنىڭ رۇكنىلىرىنىڭ تۆت ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان: مشبه به، مشبه، وجه شبه، اداة تشبيه. بۇ تۆتىدىن مشبه بەنىڭ زىكرى قىلىنىشى قەتئىي زۆرۈردۇر.

مشبەگە كەلسەك، بۇ ئىككى ھالدىن خالىي ئەمەس: مشبه زىكرى قىلىنىدۇ ياكى حذف قىلىنىدۇ. وجه شبه، اداة تشبيەمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىككى ھالدىن خالىي ئەمەس. بۇ سەككىز خىل ئەھۋال بولىدۇ: 1) تۆتىلىسى زىكرى قىلىنىدۇ. مەسىلەن: زيد كالاسد فى الشجاعة. 2) مشبەلا حذف قىلىنىدۇ. مەسىلەن: كالاسد فى الشجاعة. 3) وجه شبەلا حذف قىلىنىدۇ. مەسىلەن: زيد كالاسد. 4) اداة تشبيەلا حذف قىلىنىدۇ. مەسىلەن: زيد اسد فى الشجاعة. 5) مشبه ۋە وجه شبه حذف قىلىنىدۇ. مەسىلەن: كالاسد. 6) مشبه ۋە اداة تشبيه حذف قىلىنىدۇ. مەسىلەن: اسد فى



الشجاعة. 7) وجه شبه ۋە اداة تشبيه حذف قىلىنىدۇ. مەسىلەن: زيد اسد. 8) مشبه، وجه شبه ۋە اداة تشبيه ئۈچى حذف قىلىنىدۇ. مەسىلەن: اسد.

تشبيەتىن مەقسەت سۆزنى مۇبالىغىلاشتۇرۇش بولۇپ، مۇبالىغە قىلىشنىڭ مەرتىۋىلىرى ھەرخىل بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن ھەممىدىن ئەلا ۋە كۈچلۈك تشبيه —— وجه شبه ۋە اداة تشبيه ئىككىلىسى محذوف بولغىنىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا، مشبه محذوف بولغىنىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا، بۇ ئىككىسىدىن بىرى محذوف بولغىنىدۇر. بۇ ئىككىسىدىن باشقىسى ئەلا ۋە كۈچلۈك ھېسابلانمايدۇ. سبحان الله وبحمده سبحان الله العظيم.

علم البياننىڭ ئۈچ مەقسىتىنىڭ بىرىنچىسى تشبيه توغرىسىدا مۇشۇنچىلىك توختالدۇق. ئەمدى علم البياننىڭ ئىككىنچى مەقسىتى حقيقة ۋە مجاز[1] توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمىز.

---

① «قۇرئان كەرىم»دە حقيقەتنىڭ بارلىقى توغرىسىدا ئىختىلاپ يوق. جۇمھۇر ئۆلىمالار «قۇرئان كەرىم»دە مجازنىڭ بارلىقىغا قايىل بولدى. ئەمما، ئۆلىمالاردىن بىر جامائەت بۇنىڭغا قايىل ئەمەس. بۇلار ئەھلى زاھىرلار، يەنى شافىئىيلاردىن ابن القاص، مالىكىيلاردىن ابن خويز منداددىن ئىبارەت. بۇلار «قۇرئان كەرىم»دە مجازنىڭ سىڭىپ كىرگەنلىكىنى ئىنكار قىلدى. ئىنكار قىلىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، مجاز بولسا قىسمەن يالغانچىلىقتۇر، «قۇرئان كەرىم» بۇنداق ئىللەتلەردىن پاكتۇر. بۇ گۇمان توغرا ئەمەس. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»دە مجازنىڭ يۈز بېرىشىگە قايىل بولمىسا كالامنىڭ پاساھەت ۋە بالاغىتىدىن ئىبارەت ئەڭ چوڭ نىشانى ۋە مۆئجىزىلىكى يوقىغان بولمامدۇ؟!

# الحقيقة والمجاز

حقيقة ۋە مجاز توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلەردە ئەسلى مەقسەت بولغىنى مجازدۇر، حقيقەتنىڭ زىكرى قوشۇمچىدۇر. چۈنكى، وضوح ۋە خفاء ئېتىبارىدىن ئېيتقاندا بىر مەنىنى ئىستىلستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق كامىل ئىپادىلەش علم البياننىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ، ئۇ پەقەت مجازدىنلا هاسىل بولىدۇ. لېكىن حقيقة بولسا مجاز ئۈچۈن ئەسلىنىڭ ئورنىدا. چۈنكى حقيقة ـــ موضوع لەنىڭ ئۆزىدە ئىشلىتىلگەن لفظدۇر. مجاز ـــ موضوع لەنىڭ غەيرىدە ئىشلىتىلگەن لفظدۇر. لفظ ئۆزىنىڭ موضوع لەسىدە ئىشلىتىلگىنى ئەسلى، موضوع لەنىڭ غەيرىدە ئىشلىتىلگىنى فەرئى هېسابلىنىدۇ. فەرئىنىڭ ئەسلىگە مقدم بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەۋۋەل حقيقەتنى قىسقىغىنا چۈشەندۈرىمىز.

**حقيقة** ـــ ئۆزىنىڭ دىئالوگ ئىستىلاهىدا تەيىن قىلىنغان مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن كەلىمىدۇر. مەسىلەن: صلوة. بۇ، لۇغەتتە دۇئا دېگەن مەنىدە. لېكىن، شەرئى دىئالوگى ئىستىلاهىدا اركان مخصوصة (ناماز) ئۈچۈن تەيىن قىلىنغان. ئەمدى صلوةتىن دۇئا مەنىسى ئىرادە قىلىنسا، ئۇ مجاز مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن بولىدۇ. ئەگەر نامازنى ئىرادە قىلسا،



ئۆزىنىڭ هەقىقي دىئالوگ ئىستىلاهىدا ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن حقيقة مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن بولىدۇ.

**مجاز** ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) مجاز مفرد. 2) مجاز مركب.

**مجاز مفرد** ـــ ئۆزىنىڭ تەيىن قىلىنغان ئىستىلاهى مەنىسىدىن باشقا بىر كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەن كەلىمىدۇر.

مجاز مفرد ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) مجاز مرسل. 2) استعارة.

**مجاز مرسل** ـــ بۇنىڭدىكى ئالاقە تشبيەتىن باشقا نەرسىدۇر[1]. مەسىلەن: كَثُرَتْ اَيَادِى فُلَانٍ أي نعمةُ فُلَان. بۇنىڭدا سبب (يد) زىكرى قىلىنىپ، مُسَبَّب (نعمة) ئىرادە قىلىندى؛ لِلْاَمِيْرِ يَدٌ أي قدرةٌ. بۇنىڭدا سبب (يد) زىكرى قىلىنىپ، مُسَبَّب (قدرة) ئىرادە قىلىندى؛ رَأَيْتُ الْعَيْنَ أي الجاسوسَ. بۇنىڭدا جُزْء زىكرى قىلىنىپ، كُلّ ئىرادە قىلىندى؛ ﴿يَجۡعَلُونَ أَصَٰبِعَهُمۡ فِيٓ ءَاذَانِهِم﴾[2]. بۇنىڭدا كُلّ زىكرى قىلىنىپ، جُزْء (انامل) ئىرادە قىلىندى؛ رَعَيْنَا الْغَيْثَ أي النبات الذي سببه الغيث. بۇنىڭدا سبب زىكرى قىلىنىپ، مسبب (نبات) ئىرادە قىلىندى؛ امطرت السماءُ نباتًا أي غيثا. بۇنىڭدا مسبب زىكرى قىلىنىپ، سبب (غيثا) ئىرادە قىلىندى؛ شەيئىنىڭ زامانى ئەۋۋەلدىكى ئىسمىنى باعتبار ما كان بويىچە هازىرمۇ

---

① مجاز مرسلدە ئالاقە هەرخىل بولىدۇ. استعارةدە ئالاقە بىرلا بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ تشبيەتۇر. چۈنكى استعارةدە مشبه ـــ مشبه بەنىڭ جىنسىدىن ئىكەنلىكى دەۋا قىلىنىدۇ. ئەلهاسىل، مجاز مرسلدە هەرخىل ئالاقە بولغانلىقتىن ئۇنىڭدا ئەركىنلىك بار، استعارةدە ئالاقە بىرلا بولغانلىقتىن ئەركىنلىك يوق.

② 2 - سۈرە بەقەرە 19 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قوللىنىش. مەسىلەن: ﴿وَءَاتُوا ٱلۡيَتَـٰمَىٰٓ أَمۡوَٰلَهُمۡ﴾[1]. بۇلار بۇرۇن يېتىم بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىر يېتىم ئەمەس؛ شەيئىنىڭ كەلگۈسىدە بولۇشى جەزىم بولىدىغان ئىسمىنى باعتبار ما يـؤل بويىچە ھازىرلىقتىنلا باشلاپ قوللىنىش. بۇ خىلدىكى مجاز بالمشارفة دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿إِنِّيٓ أَرَىٰنِيٓ أَعۡصِرُ خَمۡرٗا﴾[2]، ئۈنىڭ شاراب بولۇشى جەزىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈنىڭ ئىسمى ھازىرلىقتىن باشلاپلا قوللىنىلدى؛ شۇنىڭدەك محلّنى زىكرى قىلىپ، حالّنى ئىرادە قىلىش. مەسىلەن: ﴿فَلۡيَدۡعُ نَادِيَهُۥ﴾[3]، يەنى يىغىن ئەھلىنى چاقىرسۇن؛ حالّنى زىكرى قىلىپ محلّنى ئىرادە قىلىش. مەسىلەن: ﴿وَأَمَّا ٱلَّذِينَ ٱبۡيَضَّتۡ وُجُوهُهُمۡ فَفِي رَحۡمَةِ ٱللَّهِ﴾[4]، يەنى فى الجنة التى تحل فيها الرحمة؛ شەيئىنى ئۆزىنىڭ قورال-سايمىنىنىڭ ئىسمى بىلەن قوللىنىش. مەسىلەن: ﴿وَٱجۡعَل لِّي لِسَانَ صِدۡقٖ فِي ٱلۡأٓخِرِينَ ۝٨٤﴾[5]، يەنى ذِكْرًا حَسَنًا. تىل — زىكرى قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان قورالنىڭ ئىسمىدۇر؛ منقولنى (رىۋايەتنى) ناقل (راۋى)نىڭ ئىسمى بىلەن قوللىنىش. مەسىلەن: خبر مشهور، خبر عزيز، خبر غريب دېگەنلەرنى «اٰحَاد» (راۋىلار) دەپ قوللانغاندەك.

---

[1] 4- سۈرە نىسا 2- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] 12- سۈرە يۈسۈف 36- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] 96- سۈرە ئەلەق 17- ئايەت.
[4] 3- سۈرە ئال ئىمران 107- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] 26- سۈرە شۇئەرا.



استعارة — بۇنىڭدىكى ئالاقە تشبيهلا بولىدۇ.

استعارةنىڭ مۇھىم بىر تۈرى استعارة تحقيقية تصريحيةدۇر. بۇنىڭدا حِسًّا ياكى عَقْلًا مەۋجۇد بولغان مجازى مەنە ئىشلىتىلىدۇ، يەنى مشبه حذف قىلىنىپ، مشبه بەنىڭ ئىسمى ئۇنىڭ ئورنىغا ئارىيەت ئېلىنىپ، لەۋزىدە مشبه بەلا تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭ حِسًّا بولغىنىنىڭ مىسالى زُهير بن ابى سُلْمٰىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

لَدٰى اَسَدٍ شَاكِى السِّلَاحِ مُقَذَّفٍ * لَهٗ لِبَدٌ اَظْفَارُهٗ لَمْ تُقَلَّمِ[1]

بۇنىڭدا «اَسَد» (مشبه به) — رجل شجاع (مشبه) ئۈچۈن ئارىيەت ئېلىندى. بۇ، كۆز بىلەن ئىدراك قىلغىلى بولىدىغان مەۋجۇد نەرسىدۇر.

بۇنىڭ عَقْلًا بولغىنىنىڭ مىسالى «قۇرئان كەرىم»دىكى مۇنۇ ئايەت كەرىمدۇر: ﴿ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ ۝٦﴾[2]. بۇنىڭدا ﴿ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ﴾ (مشبه به) — الدين الحق، يەنى ملّة الاسلام (مشبه) ئۈچۈن ئارىيەت ئېلىندى. بۇ، ئەقلىي جەھەتتىن مەۋجۇدتۇر.

تشبيه بابىدىكى مشبه به دېگىنىمىز إستعارة بابىدا مستعار منه، مشبه دېگىنىمىز مستعَار له دېيىلىدۇ.

---

[1] شَاكِى السِّلَاحِ: قورال-ياراغلىرى تولۇق. مُقَذَّف: ئۇرۇشقا تەجرىبىسى ئاشقان، قورقماس، ياكى بەستلىك، قاۋۇل. لِبَد: يايلا. لَمْ تُقَلَّم: تىرناقلىرى ئېلىنمىغان.
[2] 1- سۈرە فاتىھە.

ئاگاھ بولۇڭكى، إستعارةدە مستعار منــە ۋە مســتعَار لــەدىن ئىبارەت ئىككى رۇكنىنىڭ بىرى (مستعار منــە) لەۋزىدە زىكرى قىلىنىپ، يەنە بىرى (مستعَار لە) تەرك ئېتىلىدۇ.

استعارة بەش قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) مستعار منە (مشبە بە) ۋە مستعار لە (مشبە) ئاساس قىلىنىش. 2) جامع ئاساس قىلىنىش. 3) مستعار منە، مستعار لە ۋە جامع ئۈچى ئاساس قىلىنىش. 4) لفظ مستعار ئاساس قىلىنىش. 5) مەزكۇر تۆتىدىن باشقىسى ئاساس قىلىنىش.

استعارةنىڭ بىرىنچى تەقسىمدە مستعار منە (مشبە بە) ۋە مستعار لە (مشبە) ئاساس قىلىنىپ، بۇ ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) وِفاقيّة. 2) عِنَادِيَة.

مستعار منە ۋە مستعار لەنىڭ بىر شەيئىدە جەمئىي كېلىشى مۇمكىن بولغان استعارة ـــ وِفاقيّة دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿أَوَمَن كَانَ مَيْتًا فَأَحْيَيْنَاهُ﴾①. بۇنىڭدا «مەقسەتكە يەتكۈزۈش» مەنىسىنى ئىپادىلىگۈچى «ھداية» دېگەننىڭ ئورنىغا، «تىرىلدۈرۈش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگۈچى ﴿احياء﴾ ئارىيەت ئېلىندى. ﴿احياء﴾ ۋە «ھداية» ئىككىسى بىر امر جامعدا جەمئىي كېلەلەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ موصل الى الحيوة ياكى ترتُّب الانتفاعدۇر. بۇ ئىبارەتنىڭ ئەسلىسى: ضالًّا فهديناه ئىدى. يەنى ﴿احييناه﴾ ـــ مستعار منە، هديناه ـــ مستعار لە. شۇنىڭدەك اماتة ۋە اضلال ئوتتۇرىدىكى امر جامع ـــ ترتُّب نفي الانتفاعدۇر.

① 5 ـ سۈرە ئەنئام 122 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



مستعار منە ۋە مستعار لەنىڭ بىر شەيئىدە جەمئىي كېلىشى مۇمكىن بولمايدىغان استعارة ـــ عِنَادِيَّة دېيىلىدۇ. مەسىلەن، موجودنىڭ ئورنىغا معدومنىڭ ئىسمىنى ئارىيەت ئېلىپ، مەنپەئەتى يوق وجودىنى عدمىگە ئوخشىتىپ، عدمدىن معدوم ۋە وجودتىن موجود ياساپ چىقىپ، مۇنداق دېگەنگە ئوخشاش: رأيتُ اليومَ معدومًا فى المسجد اى زيدًا. بىرىنچىدىن، بۇنىڭدا ھېچقانداق مەنپەئەت يوق. ئىككىنچىدىن، موجود ۋە معدومنىڭ بىر شەيئىدە جەمئىي كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئىككىسى بىر ـ بىرىگە زىتتۇر.

ئۇنىڭ ئەكسىچە، يەنى ئۇ كىشى دۇنيادىن يوقالدى، لېكىن ئۇنىڭ ئالىي خىسلەتلىرى قالدى دېمەكچى بولسا، ئۇنىڭغا قارىتا مۇنداق دېيىلىدۇ: رأيتُ موجودًا أي معدومًا بَقِيَ آثارُهُ.

تَهَكُّمِيّة ۋە تمليحية①مۇ عناديةنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ، شەيئى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنىڭ ضدّى ياكى نقيضىدا ئىشلىتىلگەنلىكتۇر، خۇددى تضادّ ۋە تناقُضنى تهكُّم ۋە تمليح غەرىزى بىلەن تناسُبنىڭ ئورنىدا قارار قىلغاندەك. بۇنىڭ مىسالى: ﴿فَبَشِّرْهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ﴾②. بۇنىڭدا انْذِرْ (قورقۇتقىن)نىڭ ئورنىغا مەسخىرە قىلغان ھالدا ﴿بَشِّرْ﴾ (بىشارەت بەرگىن) ئارىيەت ئېلىندى③. دېمەك، تبشير ۋە انذار بىر تەرەپتە تۇرۇپ، بىر شەيئىدە جەمئىي كېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

① تَهَكُّمِيّة ۋە تمليحية: مەسخىرە قىلماق، ھەجۋە، مازاق قىلماق.
② 3 ـ سۈرە ئال ئىمران 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ بۇنىڭدا إنذارنى بشارةنىڭ جىنسىغا مەسخىرە قىلىش يولى بويىچە كىرگۈزۈش شەرتتۇر.

استعارەنىڭ ئىككىنچى تەقسىمى جامع (ئورتاق سۈپەت) بولۇپ، جامع ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) ئىككى تەرەپنىڭ مفهومىغا كىرىدىغىنى. 2) ئىككى تەرەپنىڭ مفهومىغا كىرمەيدىغىنى.

ئىككى تەرەپنىڭ مفهومىغا كىرىدىغىنىنىڭ مىسالى: «كُلَّمَا سَمِعَ هَيْعَةً طَارَ اِلَيْهَا»①. بۇنىڭدا، عَدْو (يۈگۈرۈش)نى «طَيَرَان» (ئۇچۇش)غا ئوخشىتىپ، «عَدْو»نىڭ ئورنىغا «طَيْرَان»نى ئارىيەت ئالدى، ئاندىن عَدْودىن عَدَا ۋە «طَيْرَان»دىن «طَارَ»نى ياسىدى. ئىككىسىدىكى جامع «مۇساپىنى تېز بېسىش»تۇر، بۇ بولسا ئىككىسىنىڭ مفهومىغا كىرىدۇ.

ئىككى تەرەپنىڭ مفهومىغا كىرمەيدىغىنىنىڭ مىسالى: رَأَيْتُ اَسَدًا يَرْمِي. بۇنىڭدا، رجل شجاعنىڭ ئورنىغا «اسد» ئارىيەت ئېلىندى. شجاعة ــــ «اسد» ۋە رجل شجاعنىڭ مفهومىغا كىرمەيدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا عارض (نىسبىي سۈپەت) بولىدۇ.

استعارەنىڭ جامع ئاساس قىلىنغان ئىككىنچى تەقسىمى جامعنىڭ ئاشكارا بولۇش، بولماسلىقىغا ئاساسەن يەنە ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) استعارة عامِّيّة. 2) استعارة خاصّية.

استعارة عامِّيّەدە جامع ئاشكارىلا بولىدۇ، ئۇنى ھەركىم بىلەلەيدۇ. مەسىلەن: رأيت اسدًا يَرْمِي. بۇنىڭدا «اسد» ــــ رجل شجاع ئۈچۈن ئارىيەت ئېلىندى. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىدىكى جامع «جۈرئەت، شىجائەت» ئاشكارا ئىش بولۇپ، «اسد»

① ھەدىس شەرىف.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

«شىجائەت» بىلەن مەشھۇر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ھەركىم بىلەلەيدۇ.

استعارة خاصّيەدە جامعنى پەقەت زېرەك كىشىلەرلا تاپالايدۇ، بۇنىڭ مىسالى شائىر يزيد بن مسلمة بن عبد الملكنىڭ ئاتنى داڭلاپ ئېيتقان مۇنۇ شېئىرىدۇر:

وَاِذَا احْتَبٰى قَرَبُوْسَهُ بِعِنَانِهِ * عَلَكَ الشكِيمَ الى انصراف الزائر①

بۇنىڭدا «احتباء» ــــ مستعار منه، القاء عنان ــــ مستعار له ۋە جامع ــــ القاء شيء على شيء بطريق مخصوص. بۇنىڭدىكى غرابەتنىڭ ۋەجھى شۇكى، ئىككى تەرەپ گەرچە ئاشكارىدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بىرسىنىڭ تشبيهى نادىر. چۈنكى القاء عناندىن احتباء تەرەپكە زېھنى ئاسان يۆتكەلمەيدۇ. دېمەك، دقة تركيب ۋە كثرة اعتبارات بۇنى مۇشۇ غرابەتكە دۇچار قىلىپ قويىدى. بۇ، استعارة غريبة دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

استعارەنىڭ مستعار منه، مستعار له ۋە جامع ئۈچى ئاساس قىلىنغان ئۈچىنچى تەقسىمى ئالتە قىسىمغا بۆلىنىدۇ. يەنى، ئۇنىڭدا ئىككى تەرەپ حسى ياكى عقلى بولىدۇ. بىرىنچى پەرەزگە بىنائەن جامع ــــ حسى، ياكى عقلى، ياكى بەزىسى حسى ۋە بەزىسى عقلى بولىدۇ، بۇ ئۈچ قىسىم بولدى. ئىككىنچى پەرەزگە بىنائەن ئىككى تەرەپ عقلى بولىدۇ، ياكى مستعار منه

① احتباء: دۈمبە ۋە پاچاقنى بىرەر كىيىم بىلەن باغلىماق. قَرَبُوس: ئىگەرنىڭ قۇش بېشى. علك: چاينايدۇ. شكيم: جوجەي.

ـــ حسى ۋە مستعار له ـــ عقلى، ياكى ئەكسى بولىدۇ. بۇ ئۈچ قىسىم بولىدى: 1) ئىككى تەرەپ ۋە جامع حسى بولغاننىڭ مىسالى: ﴿فَأَخۡرَجَ لَهُمۡ عِجۡلاً جَسَدًا لَّهُۥ خُوَارٌ﴾①. مۇزاينىڭ ئاۋازى ﴿خُوَارٌ﴾ دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا، مستعار منه ـــ ئادەتتىكى مۇزاي ۋە مستعار له ـــ سامىرىنىڭ سۇنئىي مۇزىيى، ئىككىلى تەرەپ حسىدۇر. جامع ـــ حيوان ۋە ولد البقر (شەكىل ۋە سۇرەت)مۇ حسّىدۇر.

2) ئىككى تەرەپ حسى، جامع عقلى بولغاننىڭ مىسالى: ﴿وَءَايَةٌ لَّهُمُ ٱلَّيۡلُ نَسۡلَخُ مِنۡهُ ٱلنَّهَارَ﴾②. بۇنىڭدا، مستعار منه بولسا ﴿سلخ﴾ (قوي، كالىنىڭ تېرىسىنى تارتماق، سويماق)، مستعار له بولسا كشف الضوء عن مكان الليل ـــ ئىككى تەرەپ حسىدۇر. جامع بولسا ترتُّب ظهور اللحم من كشط الجلد وترتُّب ظهور الظلمة على كشف الضوء عن مكان الليل ـــ عقلىدۇر. ابن الاصبع ﵀ ئېيتىدۇ: استعارەنىڭ بۇ قىسمى ئالدىنقى قىسىمغا نىسبەتەن لطيفراقتۇر. 3) ئىككى تەرەپ حسى، جامعنىڭ بىر قىسمى حسى، بىر قىسمى عقلى بولغاننىڭ مىسالى: بىر گۈزەل ئىنساننى ئىرادە قىلىپ تۇرۇپ «رأيتُ شَمْسًا» دېيىلسە، بۇنىڭدا مستعار منه ـــ شَمْس، مستعار له ـــ انسان، بۇ ئىككى تەرەپ حسىدۇر. جامعنىڭ بىر قىسمى (يۈزىنىڭ چىرايلىق بولۇشى) حسىدۇر، يەنە بىر قىسمى (ئالىي مەرتىۋىلىك بولۇش) عقلىدۇر.

---

① 20ـ سۈرە تاها 88ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 36ـ سۈرە ياسىن 37ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



4) ئىككى تەرەپ ۋە جامع ئۈچىلىسى عقلى بولغاننىڭ① مىسالى: ﴿مَنۢ بَعَثَنَا مِن مَّرۡقَدِنَاۜ﴾②. بۇنىڭدا مستعار منه ـــ ﴿رقاد﴾ (ئۇيقۇ) ۋە مستعار له ـــ موت (ئۆلۈم) عقلىدۇر. جامع بولغان عدم ظهور الفعلمۇ عقلىدۇر. 5) مستعار منه ـــ حسى، مستعار له ۋە جامع ـــ ئىككىسى عقلى بولغاننىڭ مىسالى③: ﴿فَٱصۡدَعۡ بِمَا تُؤۡمَرُ﴾④. بۇنىڭدا مستعار منه ـــ كسر الزجاجة⑤ (شىشىنى سۇندۇرۇش) حسىدۇر. مستعار له ـــ تبليغدۇر. جامع بولسا تأثيردۇر. تبليغ بىلەن تأثير بولسا عقلىدۇر. 6) مستعار له ـــ حسى، مستعار منه ۋە جامع ـــ ئىككىسى عقلى بولغاننىڭ مىسالى: ﴿إِنَّا لَمَّا طَغَا ٱلۡمَآءُ حَمَلۡنَٰكُمۡ فِي ٱلۡجَارِيَةِ ۝١١﴾⑥. بۇنىڭدا مستعار له ـــ كثرة الماء (سۇنىڭ كۆپلۈكى) حسىدۇر. مستعار منه (تكبُّر) ۋە جامع (استعلاء مفرط) ـــ ئىككىسى عقلىدۇر.

استعارەنىڭ لفظ مستعار ئاساس قىلىنغان تۈتىنچى تەقسىممۇ ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) استعارة اصلية. 2) استعارة تبعية.

لفظ مستعار (ئارىيەت ئېلىنغان لەۋزى) حقيقةً ياكى تأويلًا ـــ اسم جنس بولسا، بۇ استعارة اصلية دېيىلىدۇ. حقيقةً بولغىنى اسدكە

---

① ابن الاصبع ﵀ بۇنى تامامى استعارەدىن لطيفراق دېدى.
② 36ـ سۈرە ياسىن 52ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ مستعار له ـــ عقلى بولغاندا جامع ئەلۋەتتە عقلى بولىدۇ. چۈنكى حسى ـــ عقلىدىن ئېلىنمايدۇ.
④ 15ـ سۈرە ھجر 94ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑤ الصدع هو كسر الشيء الصلب وحينئذ فذكر الزجاجة على سبيل التمثيل فالمراد كسر الزجاجة ونحوها مما لايلتئم بعد الكسر.
⑥ سۈرە هاققه.

www.uyghurkitap.com



ئوخشاش. تأويلًا بولغىنى مەلۇم سۈپەتتە مەشھۇر بولغان عَلَم — حاتمگە ئوخشاش. مەسىلەن: رأيتُ اسدًا فى الْحَمَّام أي رجلا شجاعا. بۇنىڭ ئالامىتى شۇكى، مستعار لەۋزى مەلۇم ذات[1] ياكى معنى[2] بولۇش.

لفظ مستعار — اسم جنس بولماستىن، بەلكى فعل، ياكى فعلدىن ياسىلىدىغان اسم فاعل، اسم مفعول، صفة مشبهة، ياكى حرف بولسا، بۇ استعارة تبعية دېيىلىدۇ.

لفظ مستعار — فعل بولغانىنىڭ مىسالى: نَطَقَتِ الْحَالُ. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن «نُطْق» دېگەن مصدرنى ياساپ، بۇنىڭدىن دلالة ئىرادە قىلىنىدۇ، ئاندىن «نَطَقَتْ»نى ياساپ، بۇنىڭدىن دَلَّتْ ئىرادە قىلىنىدۇ. دېمەك، دلالة الحال — مشبه، نُطْقُ النَّاطِقِ — مشبه به، جامع — ايضاح المعنى وايصاله الى الذهندۇر.

لفظ مستعار — اسم فاعل بولغانىنىڭ مىسالى: الحَالُ ناطقةٌ بِكَذَا. بۇ يەردىمۇ ئالدى بىلەن «نُطْق»دا استعارة بولىدۇ، ئاندىن «ناطقة»دە استعارة بولىدۇ.

ئاگاھ بولۇڭكى، فعل ياكى فعلدىن ياسالغانلارنىڭ ئەسلىدىن استعارىگە سالاھىيىتى يوق. لېكىن، بۇلاردا استعارة پەيدا قىلىش ئۈچۈن بىرەر ۋاستىگە ھاجەت چۈشىدۇ. ئۇ ۋاستە نېمە؟ ۋاستە شۇكى، ئۇلاردا مصدرى مەنىلا ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ، يەنى ئەۋۋەل مصدرى مەنىدە استعارة بولىدۇ، ئاندىن

① اسد، رجل دېگەنگە ئوخشاش.
② قتل، ضرب، قيام ۋە قعود دېگەنگە ئوخشاش.



فعل ۋە فعلدىن ياسالغانلىرىدا استعارة بولىدۇ. حرفتە بولسا بۇنىڭ مەنىسىنىڭ متعلقى ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: زيدٌ فى نعمة. بۇنىڭدا متعلق قايسى؟ قزوينى ﷀ جر ئوقۇلغان نعمةً دەيدۇ. علامة تفتازانى ﷀ ئېيتىدۇ: حرفنىڭ مەنىسىنىڭ متعلقى بولسا معنى جزئىگە لازىم بولىدىغان معنى كلّىدۇر. ئۇنداق بولغاندا، مەزكۇر مىسالدىكى حرفنىڭ مەنىسىنىڭ متعلقى بولسا «ظرفية مطلقة» بولىدۇ، «نعمة» بولمايدۇ.

لفظ مستعار — حرف بولغانىنىڭ مىسالى: ﴿فَٱلۡتَقَطَهُۥٓ ءَالُ فِرۡعَوۡنَ لِيَكُونَ لَهُمۡ عَدُوًّا وَحَزَنًاۗ﴾[1]. ئالدى بىلەن التقاطتىن كېيىن ھاسىل بولىدىغان ﴿عداوة﴾ (دۈشمەنلىك) ۋە ﴿حزن﴾، محبة ۋە تَبَنِّىدىن ئىبارەت علة غائيەگە تشبيه قىلىندى[2]. وجه شبه — تَرَتُّب على الالتقاطتۇر. ئاندىن محبة ۋە تبنىدا ئىشلىتىلىدىغان ﴿لام﴾ ھەربىي ﴿عداوة﴾ ۋە ﴿حزن﴾دە ئىشلىتىلىپ استعارة بولدى. شۇڭا استعارة اصلية بولماي، استعارة تبعية بولدى.

ھەر قايسى استعارىلەرنى تونىتىدىغان قرينة ۋە ئالامەتلەر بولغاندەك استعارة تبعيەنىمۇ تونىتىدىغان ئالامەت بولۇش زۆرۈردۇر. ئۇ تۆۋەندىكىچە: استعارة تبعية ئىكەنلىكىنىڭ قرينة ۋە ئالامىتى بەزىدە فاعل بولىدۇ. مەسىلەن: نطقت الحال بكذا. ھەقىقىي نطق — حالغا مسند بولمايدۇ. چۈنكى حالدىن نطقنىڭ سادىر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

① 28- سۈرە قەسەس 8- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② فانهما متقدمان فى الذهن مترتبان على الالتقاط فى الخارج.

قرينة بەزىدە بىرىنچى مفعولدا بولىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىر عبد الله بــن المعتــزّنىڭ ئاتىسىنى مەدھىيلەپ ئېيتقان مۇنۇ شېئىرىدۇر:

جَمَعَ الْحَقَّ لَنَا فِيْ اِمَامٍ * قَتَلَ الْبُخْلَ وَاَحْيَى السَّمَاحَا[1]

بۇ يەردە «قتل» ۋە «احياء»دا استعارة تبعية بار. قرينة ـــ قتل حقيقي ۋە احياء حقيقىينىڭ «بخل» ۋە «جُوْد»قا مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلۇقىدۇر. چۈنكى بېخىللىق بىلەن سېخىيلىقتا جانمۇ ھەم تەنمۇ يوق[2].

قرينة بەزىدە ئىككىنچى مفعولدا بولىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىر قطامىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

نَقْرِيْهِمُ لَهْذَمِيَّاتٍ نَقُدُّ بِهَا * مَا كَانَ خَاطَ عَلَيْهِمْ كُلُّ زَرَّادِ[3]

بۇ يەردىكى «نَقْرِي»دا استعارة تبعية بار. قرينة شۇكى، «نَقْرِي»نىڭ «لَهْذَمِيَّات»نىڭ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ھەرگىز مۇناسىۋىتى يوق. چۈنكى قري ئەسلىدە تائام تەقدىم قىلىش، ئالدىغا تائام ئېلىش دېگەن بولاتتى، لېكىن بۇ يەردە قورال تەگلەش دېگەن مەنىدە كەلدى.

---

① السَّمَاح: ساخاۋەت.

② شېئىردىكى قَتَلَنىڭ مستعار لەسى ـــ ازال، احيىنىڭ مستعار لەسى ـــ اظهردۇر.

③ نَقْرِي: زىياپەت بېرىمىز ئۇلارغا. لَهْذَمِيَّات: قاتتىق كەسكۈچىلەر (نەيزىلەر، شەمشەرلەر). نَقُدُّ: كېسىمىز. خَاطَ: توقۇلدى. زَرَّاد: ساۋۇت، تۆمۈر كىيىم. المعنى نضيفهم بالاَسِنَّةِ القاطعة نقطع بها ما نسج عليهم كل زراد أي نقطع عليهم دروعهم ونقتلهم.



قرينة بەزىدە مجرور بولىدۇ. بۇنىڭ مىسالى: ﴿فَبَشِّرْهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ﴾[1]. بۇ يەردىكى ﴿بَشِّرْ﴾دا استعارة تبعية تهكمية بار. قرينة شۇكى، ﴿عذاب﴾نىڭ ﴿بَشِّرْ﴾ بىلەن ھەرگىز مۇناسىۋىتى يوق. چۈنكى، تبشير دەپ خۇش خەۋەر يەتكۈزگەننى دەيدۇ. ﴿عذاب﴾ بولسا ئۇنىڭ ضِدّىدۇر. دېمەك، تَهَكُّم يولى بىلەن تضادنى تناسبنىڭ ئورنىدا پەرەز قىلىپ، انذارنى تبشيرگە ئوخشىتىپ، انذارنىڭ ئورنىغا تبشير استعارة ئېلىندى.

استعارەنىڭ مستعار له ۋە مستعار منهغا مۇناسىپ كېلىدىغان كەلىمىنى زىكرى قىلىش، قىلماسلىق ئاساس قىلىنغان بەشىنچى تەقسىمى ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) استعارة مُطْلَقَة. 2) استعارة مُجَرَّدَة. 3) استعارة مرشَّحة.

مستعار له ۋە مستعار منه ئىككىلىسىگە مۇناسىپ كېلىدىغان كەلىمە زىكرى قىلىنمىسا استعارة مُطْلَقَة بولىدۇ. مەسىلەن: عندى اسدٌ. بۇنىڭدا ئىككى تەرەپكە مۇناسىپ كېلىدىغان بىرەرمۇ كەلىمە يوق.

مستعار لەگىلا مۇناسىپ كېلىدىغان كەلىمە زىكرى قىلىنسا، استعارة مُجَرَّدَة بولىدۇ. مەسىلەن:

غَمْرُ الرِّدَاءِ اِذَا تَبَسَّمَ ضَاحِكًا * غَلِقَتْ بِضِحْكَتِهِ رِقَابُ الْمَالِ[2]

---

① 3- سۈرە ئال ئىمران 21- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② غمر: كۆپ. رداء: ساخاۋەت. غَلِقَتْ: ئورناپ قالىدۇ. ضِحْكَة: بىر قېتىم كۈلۈشى. رِقَاب: زىممە. حاصل المعنى اَنَّ السائلين يأخذون اموال ذلك الممدوح من غير علمه ويأتونَ بها الى حضرته فيتبسم ولا يأخذها منهم فضحكه موجب لتمكنهم من المال بحيث لا ينفك من أيديهم فكأنه يباح لهم بضحكه.

بۇنىڭدا عطاء (ساخاۋەت) «رداء»غا تشبيه قىلىنىپ، «رداء» عطاءنىڭ ئورنىغا ئارىيەت ئېلىندى. بۇنىڭدىكى وجه شبه، رداءنىڭ ئىنساننى ئىسسىق، سوغۇق ۋە چاڭ-تۇزاندىن ساقلىغاندەك، ساخاۋەتنىڭمۇ ئىنساننىڭ ئىززەت-ئابرۇيىنى ساقلايدىغانلىقىدىن ئىبارەت. ئاندىن «رداء» ساخاۋەتكە مۇناسىپ كېلىدىغان «غمر» (كۆپ) بىلەن سۈپەتلەندى. «اذا تبسم ضاحكا» «رداء»دىن ساخاۋەت مۇراد دېگەننىڭ دەلىلىدۇر.

مستعار منەغىلا مۇناسىپ كېلىدىغان كەلىمە زىكرى قىلىنسا، استعارة مرشّحة بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿أُوْلَـٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱشۡتَرَوُاْ

مۇھىم نۇقتا: ئىككى تەرەپكە مۇناسىپ كېلىدىغان نەرسە عامدۇر: حقيقة يولى بىلەن بولسۇن ياكى مجاز يولى بىلەن بولسۇن؛ مۇمكىن بولسۇن ياكى محال بولسۇن. فان المستحيل قد يوصف به باعتبار التخييل. مۇشۇ تعميمنىڭ ۋەجھىدىن ئىككى تەرەپكە مۇناسىپ كېلىدىغان نەرسە بىر قانچە خىلدۇر: 1) ئىككى تەرەپكە حقيقةًمۇ مجازًامۇ مۇناسىپ كەلمەسلىك. مەسىلەن: رأيت اسدا بحرا. بۇنىڭدىكى بحر لەۋزى شجاعةكىمۇ، حيوان مفترسكىمۇ مۇناسىپ ئەمەس. 2) حقيقة ھېسابىدا ھېچبىرىگە مۇناسىپ ئەمەس، لېكىن مجاز ھېسابىدا ئىككىلىسىگە مۇناسىپ كېلىش. مەسىلەن: غمر الرداء. غمر لەۋزى حقيقة ئېتىبارى بىلەن رداء حقيقيغا مۇناسىپ ئەمەس، معروفقىمۇ مۇناسىپ ئەمەس. لېكىن مجازى مەنە ئېتىبارى بىلەن ئىككىلىسىگە مۇناسىپتۇر. مەسىلەن: ثوب عمرو معروف غمر دېسەك، بۇنىڭدىن روشەن بولدىكى، مەزكۇر شېئىردىكى غمرگە مۇناسىپ كېلىدىغان نەرسىنىڭ مستعار له (عطاء) ئىكەنلىكى تەيىن تاپقۇچىدۇر. چوڭقۇر ئويلىنىپ بېقىڭ. 3) حقيقةً ھەربىرىگە مۇناسىپ كېلىش. مەسىلەن: رأيت اسدا قويا، بۇنىڭدىكى قوي لەۋزى اسد ۋە رجل شجاعدىن ھەربىرىگە مۇناسىپتۇر. فيصدق عليه انها استعارة مجردة مرشحة. 4) حقيقة ھېسابىدا مستعار لەگىلا مۇناسىپ كېلىش. مەسىلەن: رايت اسدا يرمى بالنُّشّابِ (ئوق بىلەن). بۇنىڭدىكى رمى ھەقىقەتەن رجل شجاعغىلا مۇناسىپتۇر. دېمەك، بۇ استعارة مجردةدۇر، مرشحة ئەمەس. خلافا للطيبى فانها عنده مطلقة.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ٱلضَّلَـٰلَةَ بِٱلۡهُدَىٰ فَمَا رَبِحَت تِّجَـٰرَتُهُمۡ﴾[1]. بۇ يەردە استبدالنىڭ ئورنىغا ﴿اشتراء﴾ ئارىيەت ئېلىنىپ، مستعار منەغا مۇناسىپ كېلىدىغان ﴿ربح﴾ ۋە ﴿تجارة﴾ زىكرى قىلىپ بېرىلدى. قرينة شۇكى، ضلالة ۋە ھدىدا شراء حقيقي تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ. چۈنكى شراء حقيقي مالدا بولىدۇ، ضلالة ۋە ھدى بولسا مال ئەمەس. ﴿اشتراء﴾ بىلەن استبدالنىڭ ئوتتۇرىدىكى وجه شبه — تركُ مرغوبٍ فيه عند التارك والتوصُّلِ لبدلِ مرغوبٍ عنه عنده.

بەزىدە استعارة مجردة بىلەن استعارة مرشّحة بىر ئورۇندا جەمئىي كېلىپمۇ قالىدۇ. مەسىلەن:

لَدٰى اَسَدٍ شَاكِي السِّلَاحِ مُقَذَّفٍ * لَهٗ لِبَدٌ اَظْفَارُهٗ لَمْ تُقَلَّمِ

«شَاكِي السِّلَاحِ»تا تجريد بار. چۈنكى، بۇ مستعار له، يەنى رجل شجاعغىلا مۇناسىپ كېلىدىغان سۈپەتتۇر. بۇنىڭ دەلىلى «لَدٰى»نىڭ «اَسَد»كە اضافة قىلىنغانلىقىدۇر. «لَهٗ لِبَدٌ اَظْفَارُهٗ لَمْ تُقَلَّمِ» — ترشيح. چۈنكى بۇ مستعار منه، يەنى اسد حقيقيغا مۇناسىپ كەلگۈچى سۈپەتتۇر. «مُقَذَّف» ئارىدا قالدى، بۇ تجريدمۇ ھەم ترشيحمۇ ئەمەس. چۈنكى تقذيف — مستعار لەنىڭمۇ ۋە مستعار منەنىڭمۇ سۈپىتى بولۇشقا يارايدۇ.

بالاغەتنىڭ ھەممىدىن ئەلاسى تشبيهتۇر. ئەمما، بلغاءلار استعارةنىڭ تشبيهتىنمۇ ئۈتە بليغ ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاق كەلگەن. چۈنكى استعارة بولسا مجاز، تشبيه بولسا حقيقةتۇر. حقيقةكە نىسـ-

① 2- سۈرە بەقەرە 16- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ـبەتەن مجاز ـــ بليغراق بولىدۇ. دېمەك، پاساھەتنىڭ ھەممە ـدىن ئەلا مەرتىۋىسى استعارة بولدى. استعارةنىڭ قىسىملىر ـنىڭ ئىچىدىن استعارة تمثيلية ھەممىدىن بەكرەك بليغ ھېساب ـلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا استعارة مكنيةنىڭ مەرتىۋىسى ئەلادۇر. يەنە استعارة تخييلية ـــ استعارة تحقيقيةدىن بليغراق بولىدۇ.

استعارة مرشّحة ـــ استعارة مطلقة، استعارة مجردة ۋە تجريد بىـ ـلەن ترشيح بىرلەشكەن ئۈچ استعارةدىن بليغراق بولىدۇ. چۈنكى استعارة مرشّحةدە تشبيه ئەمەلىي كۆچەيتىلىدۇ ھەم بۇنىڭدا تشبيهنى ئۇنۇتقان بولۇۋېلىپ، مستعار له ـــ مستعار منهنىڭ ئۆز ئەينىدۇر، ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا نەرسە ئەمەس دېگەننى دەۋا قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىر ابو تمام طائىنىڭ ئاتىسىنى مەدھىيىلەپ ئېيتقان مۇنۇ شېئىرىدۇر:

وَيَصْعَدُ حَتّٰى يَظُنَّ الْجَهُوْلُ * بِاَنَّ لَهٗ حَاجَةً فِى السَّمَآءِ①

بۇ يەردە تشبيهنى ئۇنۇتقان بولۇۋېلىش ئۈچۈن مەرتىۋىدە يۇقىرى بولۇشقا ئىشلىتىلىدىغان «العلو فى مدارج الكمال والارتقاء فى الاوصاف الشريفة المعنوية» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا، ئېگىز يەرگە چىقىش ئۈچۈن تەيىن قىلىنغان «يَصْعَدُ»، يەنى يرتقى فى المدارج الحسية»نى ئارىيەت ئالدى. «صعود فى المدارج المكانية الحسية» ـــ مستعار منه، العلو فى مدارج الكمال والارتقاء فى الاوصاف الشريفة المعنوية ـــ مستعار لەدۇر. جامع ـــ مطلق الارتقاء

① يَصْعَدُ: ئۆرلەيدۇ. اَلْجَهُوْل: ئەخمەقلەر، نادانلار.



المستعظم فى النفوس بحيث يبعد التوصُّل اليەدۇر. «يَظُنَّ الْجَهُوْلُ»دا ممدوحنى مەدھىيىلەشتە مۇبالىغىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىشقا ئىشارەت باركى، دانالار ممدوحنىڭ ئاسماندا بىرەر زۆرۈرىيىتى باركەن دېگەننى ئويلىمىسىمۇ، لېكىن نادانلار ممدوحنىڭ ئاسمانغا چىقىپ كېتىۋاتقىنىغا قارىغاندا ئۇنىڭ شۇ يەردە بىرەر زۆرۈرىيىتى ۋە ھاجىتى بار ئوخشايدۇ دېگەننى ئويلايدۇ.

مجاز مفردنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىشلەر مۇشۇ يەرگىچە.

**مجاز مركب** ـــ تشبيه تمثيلنى يۈنىلىش نۇقتىسى قىلغان ھالدا تشبيهدە مۇبالىغە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، لفظنى ئۆزىنىڭ حقيقى مەنىسىگە ئوخشايدىغان مجازى مەنىسىدە ئىشلىتىشتۇر. بۇنىڭدا مشبه بە زىكرى قىلىنىپ، مشبه ئىرادە قىلىنىدۇ. بۇ مجاز مركب ۋە استعارة تمثيلية دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدا وجه شبه كۆپلىگەن نەرسىلەردىن تارتىپ ئېلىنىشى زۆرۈردۇر. مەسىلەن، بىر ئىشتا ئىككىلىنىپ قالغۇچىغا: «انِّىٓ اَرَاكَ تُقَدِّمُ رِجْلًا وَّتُؤَخِّرُ اُخْرٰى» دېيىلگەنگە ئوخشاش. بۇنىڭدىكى وجه شبه ـــ الهيئة المركبة من الاقدام (ئالدىغا مېڭىش) تارة والاحجام (ئارقىغا يېنىش) تارةدۇر①.

① حاصل المعنى ان وجه الشبه وهو الجامع بين الصورة المشبهة والصورة المشبهة بها ما يعقل من الصورة التركيبية التى هى كون كل واحد منهما له مطلق اقدام بالانبعاث لامر تارة والاحجام عن ذلك الامر بذلك الانبعاث تارة اخرى وهذا امر عقلى قائم بالصورتين مركب باعتبار تعلقه بمتعدد لانه هيئة اعتبر فيها اقدام متقدم واحجام مستعقب.

## استعارة بالكناية

تشبيه بەزىدە متكلمنىڭ دىلىدا مەخپىي بولىدۇ (بۇنىڭدا تشبيەنىڭ رۇكنلىرىدىن مشبەتىن باشقىسى ئاشكارا قىلىنمايـدۇ). مشبە بەغا خاس نەرسە ـــ مشبەكە ئىسپاتلاپ بېرىلىدۇ. بۇ خىلدىكى تشبيه ـــ استعارة بالكناية ياكى استعارة مَكْنِيٌّ عنها دەپ ئاتىلىدۇ①. مشبە بەغا خاس نەرسىنى مشبەكە ئىسپاتلاپ بېرىش استعارة تخييلية دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىر ابو ذُؤيب الهذلىنىڭ بەش ئوغلى بىر يىل ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇلارنىڭ مەرسىيەسىدە ئېيتقان مۇنۇ قەسىدىسىدۇر:

وَاِذَا الْمَنِيَّةُ اَنْشَبَتْ اَظْفَارَهَا * أَلْفَيْتَ كُلَّ تَمِيْمَةٍ لَا تَنْفَعُ②

بۇنىڭدا شائىر «مَنِيَّة» (ئۆلۈم)نى سَبُع (يىرتقۇچ)قا ئوخشاتتى. بۇ تشبيەنى دىلىدا مەخپىي تۇتۇپ، مشبەتىن باشقا رۇكنلارنى ئاشكارىلىمىدى. تشبيەگە دالالەت قىلسۇن ئۈچۈن مشبە بەدە بولۇشى زۆرۈر بولغان نەرسە، يەنى «اَظْفَار»نى مشبە ئۈچۈن ئىسپاتلاپ بەردى. چۈنكى مشبە بە بولغان سَبُعدا تىرناق بولـ

① استعارة بولغانىكەن مشبە بە زىكرى قىلىنىپ مشبە حەذف قىلىنسا بولاتتى. لېكىن استعارة بالكناية ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بۇنىڭدا مشبەلا زىكرى قىلىنىدۇ.
② اَلْمَنِيَّةُ: ئۆلۈم. اَنْشَبَتْ: سانجىدى. اَظْفَار: تىرناقلار. أَلْفَيْتَ: تاپىسەن. تَمِيْمَة: تۇمار.



ـمىسا، وجه شبه ـــ «يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ۋە ھالاك قىلىش»تا كامىللىق ھاسىل بولمايدۇ. سَبُع ـــ مشبه به، مَنِيَّة ـــ مشبه. وجه شبه ـــ قەھرى ـغەزەپ بىلەن جاننى ھالاك قىلىشكى، ئۇ باي، كەمبەغەل، ياخشى، ياماننى ئايرىماسلىقتۇر. دېمەك، سَبُعغا ئوخشىتىش استعارة بالكنايةدۇر ۋە سَبُعغا مۇناسىپ كېـلىدىغان «اَظْفَار»نى «مَنِيَّة»گە ئىسپاتلاپ بېرىش استعارة تخييليةدۇر.

ئاگاھ بولۇڭكى، استعارة بالكناية ـــ استعارة تخييليةدىن ئايرىـلالمايدۇ.

## استعارة توغرىلىق مۇھىم خۇلاسە

استعارة تحقيقية ۋە استعارة تمثيليةدە ھۆسنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىككى نەرسە زۆرۈردۇر: 1) تشبيەنى ياخشىلاشـتۇرغۇچى ئامىللارغا ئالاھىدە رىئايە قىلىش. مەسىلەن: وجه شبه ئىككى تەرەپكە ئوخشاش دەرىجىدە يويۇشۇش بىلەن بىرگە، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مفھومىنىڭ بىر قىسمى بولۇش ياكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مفھومىنىڭ لازىمى بولۇش. دېمەك، ئەگەر وجه شبه بىر تەرەپنىڭ مفھومىنىڭ بىر قىسمى يەنە بىر تەرەپنىڭ مفھومىنىڭ لازىمى بولسا، مۇنداق ئوخشىماسلىقتا ئۇنىڭدىكى ھۆسنى يوقىغان بولىدۇ. 2) استعارة تحقيقية ۋە استعارة

تمثيلىدە تشبيهنىڭ پۈرىتى لفظ جەھەتتىن ھەرگىز سېزىلمەسلىك لازىم. ئەگەر سېزىلىپلا قالسا، استعارەنىڭ مەقسىتى پۈتۈنلەي بىكار بولىدۇ. چۈنكى استعارەنىڭ مەقسىتى مشبەنى مشبە بەنىڭ جىنسىغا كىرگۈزۈپ ئىككىسىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشتۇر. ناۋادا تشبيهنىڭ پۈرىتى سېزىلىپلا قالسا، بۇ مەقسەت يوقايدۇ. تشبيهنىڭ مەقسىتى بولسا ئىككى تەرەپنىڭ بىر ئەمەسلىكى، بەلكى مشبە — مشبە بەدىن وجە شبەدە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىش ئىدى.

بۇ ھەقتىكى مۇھىم نۇقتا: تشبيهنىڭ پۈرىقىنىڭ سېزىلىپ قالغان ھالەتلىرى: 1) مشبەنى بايان قىلىش، مەسىلەن: ﴿حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَكُمُ ٱلۡخَيۡطُ ٱلۡأَبۡيَضُ مِنَ ٱلۡخَيۡطِ ٱلۡأَسۡوَدِ مِنَ ٱلۡفَجۡرِ﴾[①]. بۇنىڭدىكى ﴿مِنَ ٱلۡفَجۡرِ﴾ مشبە ۋە ﴿ٱلۡخَيۡطُ ٱلۡأَبۡيَضُ﴾ مشبە بەدۇر. كالام گەرچە تشبيه سۈرىتىدە بولمىسىمۇ، لېكىن ﴿ٱلۡخَيۡطُ ٱلۡأَبۡيَضُ﴾دىن فجر مۇراد دەپ تەپسىر قىلىنغانىكەن، تشبيه — مقدر بولغان بولىدى. مەنە بۇ بولىدى: حتى يتبين لكم الفجر الذى هو شبيهه بالخيط الابيض. 2) وجە شبەنى زىكرى قىلىش. مەسىلەن: رأيت اسدا فى الشجاعة. 3) أداة تشبيهنى زىكرى قىلىش. مەسىلەن: زيد كالاسد. 4) مشبەنى زىكرى قىلىش. لېكىن ئۇنىڭ زىكرى تشبيهنى سەزدۈرمەسلىك. بۇنىڭ مىسالى شائىر شريف ابو حسن‌نىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

لَا تَعْجَبُوْا مِنْ بِلٰى غِلَالَتِهٖ * قَدْ زُرَّ أَزْرَارُهٗ عَلَى الْقَمَرِ[②]

---

① 2– سۈرە بەقەرە 187– ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② بِلٰى: چىرىش. غِلَالَة: ئىچ كىيىم، ئىچ مايكا. زُرَّ: تۈگمە قادالدى. أَزْرَار: تۈگمىلەر.



بۇنىڭدىكى «غِلَالَتِهٖ» ۋە «أَزْرَارُهٗ»نىڭ ضميرى مشبەدۇر.

بۇ نۇقتىدا ئەۋۋەلقى ئۈچ ھالەت استعارەنى بىكار قىلىدۇ. تۆتىنچى ھالەت گەرچە استعارەنى بىكار قىلغۇچى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدا قەبىھلىق ئېغىردۇر.

بۇ نۇقتىدا وجە شبە ناھايىتى روشەن بولۇش لازىم دېگەننى بلغاءلار بىر-بىرىگە تەۋسىيە قىلىشىپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭغا ھەر دائىم ئاگاھ بولۇپ تۇرۇش لازىمدۇر.

مجاز ۋە استعارە ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىشلەر مۇشۇ يەردە تۈگىدى. لا حول ولا قوة الا بالله.

## كناية

علم البياننىڭ ئۈچىنچى مەقسىتى كنايەدۇر.

**كناية** — لفظنىڭ ھەقىقي مەنىسىنى ئىشلىتىش دۇرۇس بولسىمۇ، ئۇنىڭ لازىم مەنىسىنى ئاساس قىلىپ ئىشلەتكەنلىكتۇر[①]. مەسىلەن: فلانٌ طويلُ النِّجادِ (پالانى قىلىچ بېغى ئۇزۇندۇر). بۇنىڭ لازىم مەنىسى پالانىنىڭ بوي تۇرقى ئېگىز دېگەن بولىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ھەقىقي مەنىسىنى ئىرادە قىلىشمۇ دۇرۇس، يەنى پالانى قىلىچ بېغى ئۇزۇندۇر.

---

① كناية — حقيقەمۇ ئەمەس، مجازمۇ ئەمەس. تەرىپتىن مۇشۇ مەلۇم بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كناية ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: 1) موصوف مەقسەت بولۇش. 2) صفة مەقسەت بولۇش. 3) صفەتنى موصوفكە خاس قىلىش مەقسەت بولۇش.

1. موصوف مەقسەت بولۇش ئىككى خىل: 1) بىرلا مەنىلىك بولغان كناية، يەنى هەرخىل جىنستىن بىرىكمىگەن. بۇنىڭ هالىتى شۇكى، موصوفقا مۇناسىۋەتلىك بولسۇن ئۈچۈن، مۇئەييەن موصوفقا خاس بىر صفة زىكرى قىلىنىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىر عمرو بن معديكربنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

اَلضَّارِبِيْنَ بِكُلِّ اَبْيَضَ مِخْذَمٍ * اَلطَّاعِنِيْنَ مَجَامِعَ الْاَضْغَانِ①

بۇنىڭدىكى «مَجَامِعِ الْاَضْغَانِ» مضاف ۋە مضاف اليه بولۇپ، ئىككىسى بىرلا مەنىلىك سۆز (يەنى ئاداۋەت يىغىلىپ قالىدىغان جايلار)، بۇ بولسا قەلبكە خاستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن «مَجَامِعِ الْاَضْغَانِ» ئارقىلىق قەلبتىن كىنايە قىلىش دۇرۇس. دېمەك، قلب — موصوفتۇر. 2) كناية هەرخىل مەنىنىڭ يىغىندىسىدۇر. بۇنىڭ هالىتى شۇكى، ئەۋۋەل بىر صفة، كەينىدىن ئۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ ئىككىنچى بىر صفة، ئاندىن ئۈچىنچى بىر صفة ئېلىنىدۇ. دېمەك، موصوفقا مۇناسىۋەتلىك بولسۇن ئۈچۈن يىغىندىسىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر موصوفقا

① أي اَمْدَحُ الضَّارِبِيْنَ. بِكُلِّ اَبْيَضَ أي بكل سَيْف اَبْيَضَ. مخْذَم بمعنى قاطع. أي اَمْدَحُ الطَّاعِنِيْنَ (سانجىغۇچىلارنى مەدھىيىلەيمەن). مَجَامِعَ الْاَضْغَانِ: ئاداۋەت يىغىلىپ قالىدىغان جايلار.



خاس قىلىشتۇر. بۇنىڭ مىسالى ئىنساندىن كىنايە قىلىش توغرا كەلگەندە حَيٌّ مستوى القامة عريضُ الْاَظْفار دېيىلىدۇ.

بۇنىڭدىكى «حَيٌّ مستوى القامة عريضُ الْاَظْفار» مۇشۇ قائىدىگە ئۇدۇل كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىنساندىن كىنايە قىلىشقا يارايدۇ.

بۇ ئىككى خىل كنايەنىڭ شەرتى شۇكى، مكني بەدىن مكني عنه تەرەپكە يۆتكىلىش ئىمكانىيىتى بولسۇن ئۈچۈن مكني به — مكني عنەغا خاس بولۇشى لازىم.

2. صفة مەقسەت بولۇشمۇ ئىككى خىل: 1) قريبة. 2) بعيدة.

قريبة ئىككى خىل: 1) واضحة. 2) خفية.

واضحة يەنە ئىككى خىل: 1) ساذجة. 2) مشوبة بالتصريح.

بۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، كنايەنىڭ صفة مەقسەت بولۇش ئالاهىدىلىكى بويىچە بۆلۈنگەن تەقسىمى مۇنداق بولىدۇ: 1) بعيدة. 2) قريبة خفية. 3) قريبة ساذجة. 4) قريبة مشوبة بالتصريح.

وجه حصر شۇكى، مەقسەت تەرەپكە يۆتكىلىش ۋاستە بىلەن ياكى ۋاستىسىز بولىدۇ. ئەگەر ۋاستىسىز بولسا، قريبة دەپ ئاتىلىدۇ. قريبەدە مەقسەت تەرەپكە ئاسان ياكى تەسلىكتە يۆتكەلگىلى بولىدۇ. بىرىنچىسى واضحة، ئىككىنچىسى خفية دەپ ئاتىلىدۇ.

مەنە ـ مۇرادقا ۋاستىسىز يۆتكەلگىلى بولسا كناية قريبة دەپ ئاتىلىدۇ.

مەنە ـ مۇرادقا ۋاستە بىلەن يۆتكەلگىلى بولسا كناية بعيدة دەپ ئاتىلىدۇ.

**كناية قريبةنىڭ** بىرىنچى قىسمى **واضحة** بولۇپ، بۇنىڭدا مەقسەت ـ مۇرادقا ئاسانلا يۆتكەلگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ مىسالى: طويل النجاد. «قىلىچ بېغى ئۇزۇن» دېگەن بۇ سۆز، پالانى بويى تۇرقى ئېگىز دېگەندىن كنايە.

واضحةدە بەزىدە ساددىلىق بولىدۇ، يەنى بۇنىڭدا تصريح ئارىلاشمىسى بولمايدۇ. مەسىلەن: طويلٌ نجادُه. بۇ مىسالدا طويلنىڭ ئاستىدا ضمير بولمايدۇ.

بەزىدە بىر ئاز ئاشكارىلىق بولىدۇ (بىر ئاز تصريح ئارىلاشمىسى بولىدۇ). مەسىلەن: طويل النجاد. طويلنىڭ ضميرى موصوفنى كۆرسىتىدۇ[①].

**كناية قريبةنىڭ** ئىككىنچى قىسمى **خفية** بولۇپ، بۇنىڭدا مەقسەت ـ مۇرادقا بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، ئاندىن يۆتكەلگىلى بولىدۇ[②]. بۇنىڭ مىسالى: عريض القفا. ئەرەبلەرنىڭ «يوغان پاتاڭ» دېگەن بۇ سۆزىنىڭ «دۆت» دېگەندىن كنايە ئىكەنلىكىگە يۆتكىلىش زېرەكلەردىن ئۆزگىلەرگە بىر ئاز قىيىن تۇيۇلىدۇ.

---

① صفة مشبهة قائىدىسىنى هداية النحو، كافية ۋە ئۇنىڭ شەرھىسى شرح مللادا ئوبدان بىلگەن ئىدىڭىز.

② بۇ ۋاستىلەر كۆپ دېگەنلىك ئەمەس. ئەگەر ۋاستىلەر كۆپ بولۇپ قالسا، ئۇ بعيدةگە تەۋە بولىدۇ. دېمەك، خفيةدە ۋاستە يوق.



مەنە ـ مۇرادقا ۋاستە بىلەن يۆتكەلگىلى بولىدىغان كناية بعيدةنىڭ مىسالى: كثير الرماد (كۈلى تولا). بۇنىڭدىن مېھمانـدوست دېگەنلىك مەقسەتتۇر. لېكىن، بۇ مەنىگە چىققىچە ئارىلىقتا بىر قانچە ۋاستە بار، يەنى ئوتتۇن كۆپ كۆيىدۇ، بۇنىڭدىن تاماق كۆپ پىشۇرۇلىدۇ، دېگەنگە زېھنى يۆتكىلىدۇ، ئاندىن تاماق يېگۈچىلەر كۆپ بولىدۇ، دېگەنگە زېھنى يۆتكىلىدۇ. بۇنىڭدىن مېھماندوست دېگەن مەنە يورۇتۇلىدۇ. دېمەك، ئارىلىقتا ئۈچ ۋاستە بار.

3. صفةنى موصوفكە خاس قىلىش ياكى صفةنى موصوفتىن يوقىتىش مەقسەت بولۇش. بۇنىڭ مىسالى شائىر زياد الاعجمنىڭ عبد الله ابن الحشرجنى مەدھىيىلەپ ئېيتقان مۇنۇ شېئىرىدۇر:

اِنَّ السَّمَاحَةَ وَالْمُرُوَّةَ وَالنَّدٰى * فِى قُبَّةٍ ضُرِبَتْ عَلَى بْنِ الْحَشْرَجِ[①]

بۇنىڭدا، «سېخىيلىق» دېگەن سۈپەتنى موصوف (عبد الله ابن الحشرج)كە خاس قىلىش مەقسەتتۇر. لېكىن، سېخىيلىق كناية بويىچە ئۇنىڭ چېدىرى تەرەپكە خاس قىلىندى. دېمەك، شائىر عبد الله ابن الْحَشْرَجنى تەرىپلەشتە ئۇنىڭ گۈمبىزىگە ئۈچ خىل سۈپەتنى ئىسپاتلىدى. شۇڭا تصريحنى تەرك ئەتتى ۋە مۇنداق دېمىدى: انه مختص بها ...

---

① السَّمَاحَةَ وَالْمُرُوَّةَ وَالنَّدٰى: ئۈچىلىسىنىڭ مەنىسى سېخىيلىق. قُبَّة: كاتتىباشلار ئۈچۈن تىكىلگەن چېدىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



تۆۋەندە كنايەنىڭ يۇقىرىقى ئەسلى قائىدىلەردىن ئاماراق بولغان يەنە بىر تەقسىمى بايان قىلىنىدۇ. بۇلار: تعريض، تلويح، رمز، ايماء، اشارة. بۇ بولسا ھەقىقىي قىسىملار ئەمەس، بەلكى ئېتىبارىي تارقاق قىسىملار بولۇپ، بۇنىڭدا وضوح، خفاء، ۋاسىتىلەرنىڭ ئاز-كۆپلىكى بولۇشتەك ھەرخىل ئېتىباراتلار بولىدۇ. بۇ علامة يوسف سكاكى رحمه اللهنىڭ ئىختىراسىدۇر. ئەمدى بۇلار تونۇشتۇرىلىدۇ.

كنايەدە موصوف زىكرى قىلىنمىسا، تعريض دەپ ئاتىلىدۇ.

**تعريض** — كالامنى مەقسەتكە ئىشارەت قىلىدىغان بىر تەرەپكە مايىل قىلىنغانلىقتۇر. مەسىلەن: المؤمنُ هو غيرُ المؤذى، بۇنىڭدا مۇئەييەن بىر شەخس كۆزلەنمىگەن.

**تلويح** — لازم، ملزومئارا بىردىن ئارتۇق ۋاسىتە ئارقىلىق مەلۇم تەرەپكە يىراقتىن ئىشارەت قىلىنىشتۇر. مەسىلەن: كثير الرماد، جبان الكلب، مهزول الفصيل.

**رمز**① — ۋاسىتە پەقەتلا بولماي ياكى بىرلا ۋاسىتە بولۇپ تۇرۇپمۇ ئىككى تەرەپ ئارا لزوم مەخپىي بولۇشتۇر. مەسىلەن: عريض القفا، عريض الوسادة. بۇنىڭ بىرىنچىسىدە ۋاسىتە يوق، ئىككىنچىسىدە بىرلا ۋاسىتە بار، لزوم ئىككىلىسىدە مەخپىيدۇر.

---

① رمز دەپ ئەسلىدە لەۋ ۋە قاش بىلەن ئىشارەت قىلغاننى دەيدۇ.



ئەگەر ئىككى تەرەپ ئارا لزوم مەخپىي بولمىسا، ايماء ۋە اشارة دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىر بحترىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

أَوَمَا رَأَيْتَ الْمَجْدَ اَلْقٰى رِحْلَهٗ * فِيْ اٰلِ طَلْحَةَ ثُمَّ لَمْ يَتَحَوَّلِ①

بۇنىڭدىكى «القاء المجد رحله الخ» ئۇلۇغلۇق ئۇنىڭ ئۆيىدە مەۋجۇد دېگەندىن كناية. ئۇلۇغلۇق ئۇنىڭ ئۆيىدە مەۋجۇد دېگەنلىك، ئۇلۇغلۇق ئەسلىدە ئۇنىڭغا ثابت ئىدى دېگەندىن كناية②. دېمەك، بۇ كنايەدە ۋاسىتە بىردۇر، شۇڭا مەخپىيلىك بولمىدى.

تعريض بەزىدە مجاز بولىدۇ. مەسىلەن، بىرسىنىڭ: اٰذَيْتَنِي فَسَتَعْرِفُ دېگىنىدەك. بۇنىڭدا، مخاطبنى قورقۇتۇش مەقسەت ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان بىرسىنى قورقۇتۇش مەقسەتتۇر. ئەگەر ئىككىلىسىنى قورقۇتۇش مەقسەت بولسا، بۇ كناية شەكلىدىكى تعريض بولىدۇ. بۇنىڭدا مجاز ۋە كناية ئىكەنلىكىنى ئايرىپ بەرگۈچى قرىنەنىڭ بولۇشى زۆرۈردۇر.

بلغاءلار مجاز ۋە كنايەلەرنىڭ حقيقة ۋە صريحتىن ابلغ بولىدىغانلىقىغا ئىتتىپاق كەلدى. چۈنكى بۇنىڭدا دعوى مع الدليل بولىدۇ. بلغاءلار يەنە استعارة تحقيقية ۋە تمثيلىيەلەرنىڭ تشبيەتىن ابلغ بولىدىغانلىقىغا ئىتتىپاق كەلدى. چۈنكى استعارة بولسا مجازنىڭ بىر قىسمىدۇر.

---

① أَوَمَا رَأَيْتَ: كۆرمىدىڭمۇ؟ اَلْمَجْدُ: ئۇلۇغلۇق. رِحْل: كاجۇۋا. لَمْ يَتَحَوَّلْ: يۆتكەلمىدى.

② بناءً على ان ثبوت شيء لمكان شيء ثبوت له.

# الفن الثالث علم البديع

**علم البديع** ــــ فصاحة ۋە بلاغة ئىلمىگە رىئايە قىلغان ئاساستا، كالامغا ھۆسن قوشۇش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرىلىدىغان ئىلىمدۇر.

بۇ ئىلىم ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: **محسَّنات معنوى** (كالامنىڭ مەنە تەرەپلىرىنى گۈزەللەشتۈرگۈچى ئامىللار) ۋە **محسَّنات لفظى** (كالامنىڭ لەۋزى تەرەپلىرىنى گۈزەللەشتۈرگۈچى ئامىللار).

**محسَّنات معنوى**نىڭ ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىدەك 30 خىلغا بۆلىنىدۇ:

1. **المطابقة** ــــ بۇ، طِباق، تَضَادّ، تطبيق، مقاسمة، تكافؤ دېگەن ئاتالغۇلار بىلەنمۇ كېلىدۇ. ئۇ، مەنە جەھەتتە بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى لەفزنى بىر كالامدا جەمئىي كەلتۈرگەنلىكتۇر.

ئىككى اسم جەمئىي كەلگەنلىكنىڭ مىسالى: ﴿وَتَحۡسَبُهُمۡ أَيۡقَاظٗا وَهُمۡ رُقُودٞۚ﴾①. بۇ يەردە ﴿أَيۡقَاظٗا﴾ ۋە ﴿رُقُودٞ﴾تىن ئىبارەت بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى اسم بىر كالامدا جەمئىي كەلتۈرۈلدى.

① 18- سۈرە كەھف 18- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



ئىككى فعل جەمئىي كەلگەنلىكنىڭ مىسالى: **يحيى ويميت**. بۇنىڭدىكى «حيوة» ۋە «موت»تە تقابل تضاد بار.

ئىككى حرف جەمئىي كەلگەنلىكنىڭ مىسالى: ﴿لَهَا مَا كَسَبَتۡ وَعَلَيۡهَا مَا ٱكۡتَسَبَتۡۗ﴾①. بۇنىڭدىكى ﴿لام﴾ مەنپەئەتنى، ﴿على﴾ زىيانلىق ئىكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ، ھەر ئىككىسى بىر-بىرىگە قارىمۇقارشىدۇر.

اسم ۋە فعل جەمئىي كەلگەنلىكنىڭ مىسالى: ﴿أَوَمَن كَانَ مَيۡتٗا فَأَحۡيَيۡنَٰهُ﴾②. بۇنىڭدىكى ﴿احياء﴾ بىلەن ﴿موت﴾ بىر-بىرىگە زىتتۇر. بىرى اسم يەنە بىرى فعلدۇر.

**طباق** ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) طباق الايجاب. مەزكۇر مىسالدەك. 2) طِبَاقُ السَّلْبِ. بۇنىڭدا، بىر مصدرنىڭ ئىككى فعلدىن بىرنى مثبت، يەنە بىرنى منفى، ياكى بىرنى امر، يەنە بىرنى نهى كەلتۈرۈپ جەمئىي قىلىنىدۇ.

ئالدىنقىسىنىڭ مىسالى: ﴿وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ۝٦ يَعۡلَمُونَ ظَٰهِرٗا مِّنَ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا﴾③. بۇنىڭدا باشتىكى ﴿عِلْم﴾ ــــ منفى، كېيىنكى ﴿علم﴾ ــــ مثبتتۇر. بۇنىڭ ئەسلىنى ئېتىبارغا ئالغاندا قارىمۇقارشىلىق بار.

كېيىنكىسىنىڭ مىسالى: ﴿فَلَا تَخۡشَوُاْ ٱلنَّاسَ وَٱخۡشَوۡنِ﴾④. بۇنىڭدا امر ۋە نهىنىڭ ئەسلىنى ئېتىبارغا ئالغاندا قارىمۇقارشىلىق بار.

① 2- سۈرە بەقەرە 286- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 6- سۈرە ئەنئام 122- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 30- سۈرە رۇم 6~7- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ 5- سۈرە مائىدە 44- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



طباقنىڭ يەنە بىر قىسمى تدبيجدۇر.

**تدبيج** —— كناية ياكى تورية يولى ئارقىلىق ھەجۋە قىلىش، ياكى مەرسىيە، ياكى مەدھىيىلەش دېگەندەك ئۇقۇمنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن بىر كالامدا بىر قانچە خىل رەڭنى زىكرى قىلىشتۇر. بۇنىڭ مىسالى شائىر ابو تمامنىڭ ابو نهشل محمد بن حميدنىڭ مەرسىيىسىدە ئوقۇغان مۇنۇ شېئىرىدۇر:

تَرَدّٰى ثِيَابَ الْمَوْتِ حُمْرًا فَمَا اَتٰى * لَهَا اللَّيْلُ إِلَّا وَهْىَ مِنْ سُنْدُسٍ خُضْرُ ①

بۇنىڭدا شائىر «حمرة» ۋە «خضرة»نى جەمئىي قىلىپ، بىرىنچىسى بىلەن قەتلدىن، ئىككىنچىسى بىلەن دخول جنةتىن كنايە قىلدى.

تۆۋەندىكى ئىككى شەكىلمۇ طباقنىڭ قىسمىلىرىدۇر: 1) مەنە جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۆزئارا قارىمۇقارشىلىقى يوق، لېكىن سببية ياكى لزومغا مۇناسىۋەتلىك تەرەپتە قارىمۇقارشىلىقى بار ئىككى لفظنى بىر كالامدا جەمئىي قىلىشتۇر. مەسىلەن: ﴿أَشِدَّآءُ عَلَى ٱلْكُفَّارِ رُحَمَآءُ بَيْنَهُمْ﴾②. بۇ يەردە ﴿شدة﴾ ۋە ﴿رحمة﴾تە قارىمۇقارشىلىق يوق. چۈنكى ﴿شدة﴾نىڭ قارشىسى لين (يۇمشاقلىق)، ﴿رحمة﴾نىڭ قارشىسى فظاظة (قوپاللىق)تۇر. لېكىن ﴿رحمة﴾ لىننىڭ مسببىدۇر. 2) نۆۋەتتىكى مەنىسىگە قارىغاندا ئۆزئارا قارىمۇقارشىلىقى يوق. لېكىن ھەقىقىي مەنىسىدە بىر-بىرىگە قارىمۇقارشىلىقى بار ئىككى لفظنى بىر كالامدا جەمئىي

① تَرَدّٰى: رىدا كىيدى. بۇنىڭ فاعل ضميرى ابو نهشلنى كۆرسىتىدۇ.
② 48- سۈرە فەتھ 29- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



قىلىشتۇر. بۇ شەكىل ايهام التضاد دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىر دِعْبِل خزاعى رافضىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

لَا تَعْجَبِى يَا سَلْمُ مِنْ رَجُلٍ * ضَحِكَ الْمَشِيْبُ بِرَأْسِهِ فَبَكٰى ①

بۇنىڭدىكى «ظهور مشيب» ۋە «بكاء» گەرچە بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى بولمىسىمۇ، لېكىن «ضحك» بىلەن «بكاء» ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدە بىر-بىرىگە قارىمۇقارشىدۇر.

مقابلةمۇ طباقنىڭ بىر قىسمىدۇر.

**مقابلة** —— كالامدا، مەنە جەھەتتە بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى كەلمەيدىغان ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق مەنىنى زىكرى قىلىپ، كېيىندىن تەرتىپ بويىچە ئۇنىڭغا قارىمۇقارشى كېلىدىغان مەنىلەرنى زىكرى قىلغانلىقتۇر. دېمەك، كېيىنكى مەزمۇندىكى بىرىنچى مەنە ئالدىنقى مەزمۇندىكى بىرىنچى مەنە ئۈچۈن، كېيىنكى مەزمۇندىكى ئىككىنچى مەنە ئالدىنقى مەزمۇندىكى ئىككىنچى مەنە ئۈچۈن بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿فَلْيَضْحَكُواْ قَلِيلاً وَلْيَبْكُواْ كَثِيرًا﴾②. بۇنىڭدا الله تعالى بىر-بىرىگە ئۆزئارا مۇۋاپىق كېلىدىغان ﴿ضحك﴾ ۋە ﴿قلة﴾نى زىكرى قىلغاندىن كېيىن، ئالدىنقى ئىككىسىگە قارىمۇقارشى كېلىدىغان ﴿بكاء﴾ ۋە ﴿كثرة﴾نى زىكرى قىلدى.

① «مِنْ رجلٍ»دىن شائىر ئۆزىنى ئىرادە قىلدى. «ضَحِكَ المشيبُ» ← ظَهَرَ المشيبُ دېگەنلىكتۇر. «مَشِيب» دەپ باشنىڭ ئاقلىقىنى دەيدۇ.
② 9- سۈرە تەۋبە 82- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

2. **مُرَاعَاة النظير** ـــ بىر-بىرىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ھەممىدە ئۆزئارا قارىمۇقارشىلىقى يوق ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق نەرسىنى بىر كالامدا جەمئي قىلىشتۇر. بۇ، تناسب، توفيق، ايتلاف ۋە تلفيق دېگەن ئاتالغۇلار بىلەنمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿ ٱلشَّمۡسُ وَٱلۡقَمَرُ بِحُسۡبَانٖ ﴾①. بۇنىڭدا ﴿شمس﴾ ۋە ﴿قمر﴾ ـــ جسم سماوى ۋە جسم نورانى نەرسە بولغانلىقتىن جەمئي قىلىندى. چۈنكى بۇ متقارن فى الخيال نەرسە بولغانلىقتىن بىر-بىرىگە متناسبتۇر.

تَشَابُهُ الْأَطْرَافمۇ مراعاة النظيرنىڭ بىر قىسمىدۇر.

**تشابه الاطراف** ـــ كالامنىڭ ئاخىرنى كالامنىڭ ئىپتىداسىغا مۇناسىپ كېلىدىغان لفظ بىلەن ئاخىرلاشتۇرغانلىقتۇر. مەسىلەن: ﴿لَّا تُدۡرِكُهُ ٱلۡأَبۡصَٰرُ وَهُوَ يُدۡرِكُ ٱلۡأَبۡصَٰرَۖ وَهُوَ ٱللَّطِيفُ ٱلۡخَبِيرُ﴾②. بۇنىڭدا ﴿ٱللَّطِيفُ﴾ ـــ غير مدرك بالبصر بولۇشقا مۇناسىپ. ﴿ٱلۡخَبِيرُ﴾ ـــ مدرك بالبصر بولۇشقا مۇناسىپتۇر. چۈنكى، شەيئىنى ئىدراك قىلغۇچى، شۇ شەيئىنى بىلگەن ۋە شۇ شەيئىدىن خەۋەردار بولغان بولىدۇ.

ايهام التَّنَاسُبمۇ مراعاة النظيرنىڭ بىر قىسمىدۇر.

**اِيْهَامُ التَّنَاسُبِ** ـــ مۇراد ئەمەس مەنىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق لفظنى بىر كالامدا جەمئي قىلىنغانلىقتۇر. مەسىلەن: ﴿ٱلشَّمۡسُ وَٱلۡقَمَرُ بِحُسۡبَانٖ ۝٥

① 55- سۈرە رەھمان 5- ئايەت.
② 6- سۈرە ئەنئام 103- ئايەت.



وَٱلنَّجۡمُ وَٱلشَّجَرُ يَسۡجُدَانِ﴾①. بۇنىڭدىكى ﴿شمس﴾ ۋە ﴿قمر﴾ ـــ ﴿نجم﴾نىڭ لفظگە مۇناسىپ ئەمەس. چۈنكى ﴿شمس﴾ ۋە ﴿قمر﴾ نۇرانىي جىسىملاردۇر. ﴿نجم﴾نىڭ ئەسلى مەنىسى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك. لېكىن ﴿نجم﴾ بەزىدە كوكب (يۇلتۇز) مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. مۇشۇ ئېتىباردىن ﴿شمس﴾ ۋە ﴿قمر﴾گە مۇناسىپتۇر.

3. **اِرْصَاد** ـــ حرف رَوِى② ئېنىق بولۇش شەرتى ئاستىدا، كالامنىڭ (نظم بولسۇن ياكى نثر بولسۇن) ئاخىرقى لفظدىن ئىلگىرى، شۇ ئاخىرقى لفظگە دالالەت قىلىدىغان بىرەر ئىبارىنىڭ ئالدىن كەلگەنلىكىدۇر. بۇ، تَسْهِيْم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. نثرنىڭ مىسالى: ﴿فَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيَظۡلِمَهُمۡ وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ﴾③. بۇنىڭدىكى ﴿لِيَظۡلِمَهُمۡ﴾ ارصادتۇر. چۈنكى بۇ ماددا كالامنىڭ ئاخىرىغا دالالەت قىلىدۇ. بۇنىڭ ئاخىرىدىكى حرف رَوِى ﴿يَظۡلِمُونَ﴾دىكى «واو» بىلەن «نون» بولۇپ، بۇ ئالدىدىكى ﴿لِيَظۡلِمَهُمۡ﴾نىڭ ﴿هُمۡ﴾غا دالالەت قىلىدۇ. نظمنىڭ مىسالى عمرو بن معديكربنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

اِذَا لَمْ تَسْتَطِعْ شَيْئًا فَدَعْهُ * وَجَاوِزْهُ اِلٰى مَا تَسْتَطِيْعُ

بۇنىڭدىكى «اذا لم تستطع» ارصاد بولۇپ، بۇ ئاخىرقى ماددا استطاعتكە دالالەت قىلىدۇ. بۇنىڭ ئاخىرىدىكى حرف رَوِى ـــ

① 55- سۈرە رەھمان 5~ 6- ئايەت.
② الرَوِى هو الحرف الذى يبنى عليه اواخر الابيات اوالفقرة ويجب تكرره فى كل منهما.
③ 9- سۈرە تەۋبە 70- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com



عين بىلەن ياء بولۇپ، بۇ ئالدىدىكى «لَمْ تَسْتَطِعْ»غا دالالەت قىلىدۇ.

4. **مُشَاكَلَة** ـــ بىر شەيئى مەلۇم بىر شەيئىگە يانداشسىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئاشۇ شەيئىنى شۇ مەلۇم شەيئىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئۆز لەفزىدىن باشقا بىر لفظ بىلەن كەلتۈرگەنلىكتۇر. مەسىلەن: ﴿تَعْلَمُ مَا فِي نَفْسِي وَلَآ أَعْلَمُ مَا فِي نَفْسِكَ﴾①. بۇنىڭدىن ذَاتِكَ دېيىش مەقسەتتۇر. دېمەك، الله تعالىنىڭ زاتى ئالىيسىغا ﴿نَفْسِكَ﴾ دەپ ئىبارەت كەلتۈرۈلۈشى باشتىكى ﴿فِي نَفْسِي﴾ دېگەنگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر.

5. **مزاوجة** ـــ شرط ۋە جزاء بولۇپ كەلگەن ئىككى مەنىنى بىر شەيئىگە تەرتىپ بويىچە جەمئىي قىلىشتۇر. بۇنىڭ مىسالى بحترىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

اِذَا مَا نَهَى النَّاهِيْ فَلَجَّ بِيَ الْهَوٰى * اَصَاخَتْ اِلَى الْوَاشِيْ فَلَجَّ بِهَا الْهَجْرُ②

بۇنىڭدا «نَهَى الناهى» بىلەن «اصاخت الى الواشى» ئىككىسى شرط ۋە جزاء ھالىتىدە كەلدى. ئىككىسىگە «لجاج» دېگەن شەيئى تەرتىپ بويىچە كەلدى.

6. **عكس** ـــ ئەۋۋەل ئىككى لفظنى زىكرى قىلىپ، ئارقىدىن ئۇنىڭ تەرتىپىنى ئالماشتۇرغانلىقتۇر. مەسىلەن: عَادَاتُ

① 5 ـ سۈرە مائىدە 116 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② لج: قارشىلاشتى. هوى: ئىشق ـ مۇھەببەت. اصاخت: قۇلاق سالدى. واشى: سۇخەنچى. هجر: جۇدالىق.



السَّادَاتِ سَادَاتُ الْعَادَاتِ. بۇ تبدیل دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھەدىستىكى عكسنىڭ مىسالى: «محرم الحلال كمحلل الحرام»①.

7. **رجوع** ـــ قىلغان سۆزنى بىرەر مۇھىم نۇقتىنى② كۆزلەپ بۇزغانلىقتۇر. بۇنىڭ مىسالى شائىر زُهير بن ابى سُلْمٰىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

قِفْ بِالدِّيَارِ اللَّتِىْ لَمْ يَعْفُهَا الْقِدَمُ * بَلٰى وَغَيَّرَهَا الْاَرْوَاحُ وَالدِّيَمُ③

بۇنىڭدا شائىر ئەۋۋەل ئۆزىنىڭ ئىشق بىخۇدلۇقىدا خىيالغا بېرىپ ئۆيلەرنىڭ ئەسلى ھالىتىنىڭ بارلىقىنى ئويلىدى، كېيىن ئۆزىنىڭ خۇددى ئەسلىگە كەلگەندە ئەۋۋەلقى سۆزىنى بۇزۇپ، ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئىزھار قىلدى.

8. **تورية**④ ـــ يېقىن، يىراق ئىككى مەنىگە دالالەت قىلىدىغان بىرەر لفظنى كەلتۈرۈپ ئۇنىڭدىن يىراق مەنىنى مەقسەت قىلىشتۇر.

بۇ ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: بىرى، تورية مجرَّدة يەنە بىرى تورية مرشّحة.

تورية مجرَّدة ـــ مورٰى بە ۋە مورٰى عنەنىڭ لوازىمىدىن ھېچ بىرىنى زىكرى قىلماسلىق (يېقىن مەنىسىگە ماس كېلىدىغان ھېچنەرسە تىلغا ئالماسلىق). مەسىلەن: ﴿ٱلرَّحۡمَٰنُ عَلَى ٱلۡعَرۡشِ

① تىبرانى رىۋايىتى.
② مەسىلەن، ھەيران قالغانلىقنى ئىزھار قىلىش.
③ قِفْ: تۇرغىن. لَمْ يَعْفُ: ئۇچۇرىۋەتمىدى. قِدَم: ئۇزۇن زامان. الدِّيَمُ: يامغۇر.
④ يوشۇرۇنماق، مۈكۈۋالماق، ئۆزىنى دالدىغا ئالماق.

ٱسۡتَوَىٰ ﴾[1]. بۇ ئايەتتىكى ﴿ٱسۡتَوَىٰ﴾نىڭ ئىككى مەنىسى بار: بىرى، استقرار فى المكان، دەل مۇشۇ يېقىن مەنىسىدۇر ھەمدە مورىٰ به (ئۇنىڭ بىلەن تورية قىلىنغان)دۇر. لېكىن بۇ مەنە مەقسەت ئەمەس. چۈنكى الله تعالى ــــ حدوثتىن پاكتۇر. يەنە بىرى، اِستيلاء ۋە ملك بولۇپ، بۇ يىراق مەنىسىدۇر. دەل مۇشۇ مەنە مەقسەت بولۇپ، بۇ يېقىن مەنىسىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان.

تورية مرشّحة ــــ مورىٰ به ياكى مورىٰ عنەنىڭ مەلۇم بىر لوازىمىنى زىكرى قىلىشتۇر (يېقىن مەنىسىگە ماس كېلىدىغان بىرەر نەرسىنى زىكرى قىلىشتۇر). مەسىلەن: ﴿وَٱلسَّمَآءَ بَنَيۡنَٰهَا بِأَيۡيْدٖ وَإِنَّا لَمُوسِعُونَ ﴿٤٧﴾﴾[2]. بىرىنچى نۇۋەتتە، ئاسمان قول بىلەن ياسىلىدىغانلىقىغا ئېھتىمال تۇتىدۇ. دەل مۇشۇ مورىٰ بەدۇر. بۇنىڭغا ترشيح بويىچە ئۇنىڭ لازىمى بولغان بنيان (ياساش) زىكرى قىلىندى. ئىككىنچى نۇۋەتتە، بۇ قوة ۋە قدرەتكە ئېھتىمال تۇتىدۇ، بۇ بولسا يىراق مەنىسى بولۇپ، بۇ يەردە دەل مۇشۇ مەنە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

9. اِسْتِخْدَام[3] ــــ ئىككى مەنىلىك بىر لفظ كەلتۈرۈپ، لفظدىن بىر مەنە، ئۇنىڭ ضميرىدىن يەنە بىر مەنە مەقسەت بولۇش؛ ياكى بىر لفظ ئۈچۈن ئىككى ضمير كەلتۈرۈپ، بىر

---

① 20- سۈرە تاھا 5- ئايەت.

② 51- سۈرە زاريات.

③ سمى استخداما لان الكلمة خدمت المعنيين وقال الخطيي يسمى ايضا الاستحذام بالحاء المهملة (عروس الافراح).



ضميرىدىن بىر مەنە يەنە بىر ضميرىدىن يەنە بىر مەنە مەقسەت بولۇشتۇر[1]. بىرىنچى ھالەتنىڭ مىسالى شائىر معاوية بىن مالكنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

اِذَا نَزَلَ السَّمَاءُ بِاَرْضِ قَوْمٍ * رَعَيْنَاهُ وَاِنْ كَانُوْا غِضَابًا

شائىر «سماء»دىن يامغۇرنى، ئۇنىڭ تەرىپىگە يانىدىغان «رعيناه»دىكى ضميرىدىن ئوت-چۆپنى مەقسەت قىلدى. بۇ يەردە يامغۇر ۋە ئوت-چۆپ ھەر ئىككىسى «سماء»نىڭ مجازى مەنىسىدۇر. ئىككىنچى ھالەتنىڭ مىسالى شائىر بحترىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

فَسَقَى الْغَضَا وَالسَّاكِنِيْهِ وَاِنْ هُمُ * شَبُّوْهُ بَيْنَ جَوَانِحِيْ وَضُلُوْعِيْ[2]

بۇيەردە شائىر «الساكنيه»دىكى بىرىنچى مجرور ضميرىدىن يۇلغۇن دەرىخى ئۆسكەن جاينى، «شَبُّوْهُ»دىكى ئىككىنچى منصوب ضميرىدىن مەزكۇر يۇلغۇن دەرىخىدىن ھاسىل بولغان ئوتنى مەقسەت قىلدى. ئىككىلىسى «اَلْغَضَا»نىڭ مجازى مەنىسىدۇر.

ئاگاھ بولۇڭكى، تورية ۋە اِسْتِخْدَام ــــ علم البديعنىڭ تۈرلىرى ئىچىدە ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. بۇ ئىككىسى دەرىجە جەھەتتە باراۋەردۇر.

---

① بۇ ئىككى تەپسىردە ئىككىلى مەنىنىڭ ھەقىقي بولۇشى زۆرۈر ئەمەس، بەلكى عامدۇر: ھەقىقي بولسۇن، مەجازىي بولسۇن ياكى بىرى ھەقىقي يەنە بىرى مەجازىي بولسۇن.

② سقى الله (الله سۇغارسۇن). غَضَا: يۇلغۇن دەرىخى. شَبُّوْهُ: ئۇلار ئوتتا كۆيدۈرسىمۇ. جَوَانِح وضُلُوْع: بېقىن، قوۋۇرغا.

www.uyghurkitap.com



10. **لفّ ۋە نشر** ـــ ئەۋۋەل ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق نەرسىنى تەپسىلىي ياكى ئومۇملاشتۇرۇپ زىكرى قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋە نەرسىنى شۇ بويىچە تەيىنسىز تەقسىملەپ بەرگەنلىكتۇر. تەيىن ئىشى سامىئغا ھاۋالە قىلىنىدۇ.

لف ۋە نشرنىڭ تەپسىلىي بولغىنى ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ:

1) لفنىڭ تەرتىپى بويىچە نشر بولغىنى. مەسىلەن: ﴿وَمِن رَّحۡمَتِهِۦ جَعَلَ لَكُمُ ٱلَّيۡلَ وَٱلنَّهَارَ لِتَسۡكُنُواْ فِيهِ وَلِتَبۡتَغُواْ مِن فَضۡلِهِۦ﴾①. بۇنىڭدا ﴿سكون﴾ ـــ ﴿ليل﴾ تەرەپكە، ﴿ابتغاء فضل﴾ ـــ ﴿نهار﴾ تەرەپكە قايتقۇچىدۇر. لېكىن، بۇ تەيىن قىلىنمىدى. چۈنكى سامىئ ـــ ئارامنىڭ كېچىگە مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى ۋە رىزىق تەلەپ قىلىشنىڭ كۈندۈزگە مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ.

2) لفنىڭ تەرتىپى بويىچە نشر بولمىغىنى. بۇنىڭ مىسالى شائىر ابن حَيُّوْسْنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

كَيْفَ اَسْلُوْ وَاَنْتِ حِقْفٌ وَغُصْنٌ * وَغَزَالٌ لَحْظًا وَقَدًّا وَرِدْفًا②

بۇ يەردە «لَحْظ» ـــ «غَزَال» ئۈچۈن، «قَدّ» ـــ «غُصْن» ئۈچۈن، «رِدْف» ـــ «حِقْف» ئۈچۈندۇر.

لف ونشرنىڭ مختلط الترتيب دەپمۇ بىر قىسمى بار، بۇنى كىشىلەر لف ونشر مُشَوَّش دەپ ئاتىشىدۇ. بۇنىڭ مىسالى: هو شمسٌ واسدٌ وبحرٌ جودًا وبهاءً وشجاعةً.

---

① 28ـ سۈرە قەسەس 73ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② اَسْلُو: ئۇنتۇلاي. حقف: دۆڭچاق. غصن: شاخ. غزال: كىيىك. لحظ: كۆز. قد: قەد ـ قامەت. ردف: ئىگەر (سۆڭگەچ).



لف ۋە نشرنىڭ ئومۇمىي بولغىنىنىڭ مىسالى: ﴿وَقَالُواْ لَن يَدۡخُلَ ٱلۡجَنَّةَ إِلَّا مَن كَانَ هُودًا أَوۡ نَصَٰرَىٰۗ﴾①. بۇنىڭدا يەھۇدى ۋە ناسارا ھەر ئىككى فەرىقنى لفدە ئومۇمىي قىلىپ كەلتۈردى. ئۇنىڭ مەجمۇئەسىنى نشردە زىكرى قىلىپ، تەيىننى سامىئغا قالدۇردى②.

11. **جمع** ـــ ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق نەرسىنى بىر ھۆكۈمگە جەمئىي قىلىشتۇر. مەسىلەن: ﴿ٱلۡمَالُ وَٱلۡبَنُونَ زِينَةُ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ﴾③. بۇنىڭدا ﴿ٱلۡمَالُ﴾ ۋە ﴿وَٱلۡبَنُونَ﴾نى ﴿زِينَة﴾تىن ئىبارەت بىر ھۆكۈمگە جەمئىي قىلدى.

12. **تفريق** ـــ بىر خىل نەرسىدىن بولغان ئىككى شەيئىنىڭ ئارىسىغا (ئۇ مەدھىيە بولسۇن ياكى ھەجۋە بولسۇن ياكى چاقچاق بولسۇن مۇبالىغە قىلىش ئۈچۈن) قارىمۇقارشىلىق پەيدا قىلىشتۇر. بۇنىڭ مىسالى شائىر وطواطنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

مَا نَوَالُ الْغَمَامِ وَقْتَ رَبِيْعٍ * كَنَوَالِ الْاَمِيْرِ يَوْمَ سَخَاءِ
فَنَوَالُ الْاَمِيْرِ بَدْرَةُ عَيْنٍ * وَنَوَالُ الْغَمَامِ قَطْرَةُ مَاءِ④

---

① 2ـ سۈرە بەقەرە 111ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② لف ۋە نشر ئىككى قىسىم بولىدى: لف ونشر مرتب، لف ونشر غير مرتب. بۇ ئىككىسىدىن قايسى ئەۋزەل؟ بۇنىڭدا ئىختىلاپ بار: شلوبيننىڭ قارىشىدا بىرىنچىسى ئەۋزەلدۇر. ابن رشيقنىڭ قارىشىدا ئىككىنچىسى ئەۋزەلدۇر. شيخ عز الدين ئېيتىدۇ: بۇ ئىختىلاپ قىلىشىدىغان گەپ ئەمەس. چۈنكى بىرىنچى قاراش لۇغەت ئېتىبارىدىندۇر، ئىككىنچى قاراش بالاغەت ئېتىبارىدىندۇر.
③ 18ـ سۈرە كەھف 46ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ نَوَال: سېخىيلىق. غمام: بۇلۇت. بدرة عين: ئون مىڭ تەڭگە سىغىدىغان خالتا.

بۇنىڭدا شائىر ممدوح ۋە بۇلۇت ئىككىسىنىڭ سېخىيلىقدا قارىمۇقارشىلىق ئىسپاتلىدى.

13. **تقسيم** ــــ بىر قىسىم نەرسىلەر ئەۋۋەل زىكرى قىلىنىپ، ئاندىن ھەر بىرىگە تەۋە نەرسىنىڭ على التعيين① زىكرى قىلىنىشىدۇر. بۇنىڭ مىسالى شائىر جرير بن عبد المسيحنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

وَلَا يُقِيْمُ عَلٰى ضَيْمٍ يُرَادُ بِهِ * إِلَّا الْاَذَلَّانِ عِيْرُ الْحَيِّ وَالْوَتَدُ
هٰذَا عَلَى الْخَسْفِ مَرْبُوْطٌ بِرِمَّتِهِ * وَذَا يُشَجُّ فَلَا يَرْثِى لَهُ اَحَدُ②

بۇنىڭدا «عير» ۋە «وتد» ئىككىسىنى زىكرى قىلغاندىن كېيىن، «ربط مع الخسف»نى بىرىنچى تەرەپكە ۋە «شج»نى ئىككىنچى تەرەپكە نىسبەت بەردى.

14. **جمع مع التفريق** ــــ ئىككى نەرسىنى بىر مەنىگە كىرگۈزۈپ، ئاندىن كىرگۈزۈش يولىدا پەرق بايان قىلىشتۇر. بۇنىڭ مىسالى شائىر وطواطنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

فَوَجْهُكَ كَالنَّارِ فِيْ ضَوْءِهَا * وَقَلْبِيْ كَالنَّارِ فِيْ حَرِّهَا

بۇنىڭدا شائىر ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى ۋە مەھبۇبىنىڭ مەڭزىنى ئوتقا ئوخشاش بولۇشتا بىرلەشتۈرۈپ، ئاندىن تشبيهدە پەرق

---

① بۇ قەيتتىن لف ونشر چىقىپ كەتتى.

② ضيم: زۇلۇم. عير: ئۆي ئېشىكى. وتد: قوزۇق. خسف: خارلىق. رمّة: كونا ئارغامچا. يُشَجُّ: بېشى يېرىلىدۇ. لا يرثى: ئىچىنى ئاغرىتمايدۇ.



ئەتتىكى، مەھبۇبىنىڭ يۈزىدە وجه شبه ــــ ضوء ۋە لمعاندۇر. مېنىڭ يۈرىكىمدە وجه شبه ــــ حرارة ۋە احتراقتۇر.

15. **جمع مع التقسيم** ــــ بىر قانچىلىغان نەرسىنى بىر ھۆكۈمنىڭ ئاستىغا يىغىپ بولۇپ، ئاندىن شۇ ھۆكۈمنى ھەر بىرىگە ئايرىم-ئايرىم تەقسىم قىلىپ بېرىش ياكى ئەۋۋەل بىر قانچىلىغان نەرسىنى ئايرىم-ئايرىم تەقسىم قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇلارنى بىر ھۆكۈمنىڭ ئاستىغا يىغىشتۇر.

بىرىنچىسىنىڭ مىسالى شائىر متنبىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

حَتّٰى اَقَامَ عَلَى اَرْبَاضِ خَرْشَنَةٍ * تَشْقٰى بِهِ الرُّوْمُ وَالصُّلْبَانُ وَالْبِيَعُ
لِلسَّبْيِ مَانَكَحُوْا وَالْقَتْلِ مَاوَلَدُوْا * وَالنَّهْبِ مَاجَمَعُوْا وَالنَّارِ مَازَرَعُوْا①

بۇنىڭدا شائىر ئاياللار، باللار، مال-دۇنيا، زىرائەت ھەممىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان «روم»نى «شقاء»دىن ئىبارەت ھۆكۈمنىڭ ئاستىغا جەمئىي قىلىپ، ئاندىن «شقاء»نى «سبى، قتل، نهب، احتراق» قاتارلىقلارغا تەقسىم قىلىپ، ھەر ھۆكۈمنى شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان تەرەپكە نىسبەت بەردى. يەنى ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى تۇتقۇن قىلدى. تۇغۇلغان بالىلىرىنى ئۆلتۈردى. يىغقان مال-دۇنيالىرىنى ئۆزىنىڭ زۆرۈرىيەتلىرىگە سەرپ قىلدى. زىرائەتلىرىنى كۆيدۈردى②.

---

① ارباض: چۆرە-ئەتراپ. خرشنة: رۇم شەھەرلىرىدىن بىرى. صلبان: كرېست. بيع: چېركاۋ. سبى: ئولجا. نهب: بۇلاڭ-تالاڭ. ما: نافية.

② جمع مع التقسيمنىڭ سۈرە فاتىردىكى مىسالى: ﴿ ثُمَّ أَوۡرَثۡنَا ٱلۡكِتَٰبَ ٱلَّذِينَ ٱصۡطَفَيۡنَا مِنۡ عِبَادِنَاۖ فَمِنۡهُمۡ ظَالِمٞ لِّنَفۡسِهِۦ وَمِنۡهُم مُّقۡتَصِدٞ وَمِنۡهُمۡ سَابِقُۢ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىككىنچىسىنىڭ مىسالى ھەزرىتى حسّان بن ثابت رضي الله عنهنىڭ ساھابە كىراملارنىڭ ھەققىدە ئېيتقان مۇنۇ شېئىرىدۇر:

قَوْمٌ اِذَا حَارَبُوْا ضَرُّوْا عَدُوَّهُمُ * اَوْحَاوَلُوا النَّفْعَ فِيْ اَشْيَاعِهِمْ نَفَعُوْا

سَجِيَّةٌ تِلْكَ مِنْهُمْ غَيْرُ مُحْدَثَةٍ * اِنَّ الْخَلاَئِقَ فَاعْلَمْ شَرُّهَا الْبِدَعُ①

بۇنىڭدا ھەزرىتى حسّان بن ثابت رضي الله عنه بىرىنچى شېئىرىدا مەمدوحلارنىڭ سۈپىتىنى «ضرر اعداء» ۋە «نفع اولياء» تەرىپىگە تەقسىم قىلدى. ئىككىنچى شېئىرىدا ھەممىنى «سجية»دىن ئىبارەت سۈپەتكە جەمئىي قىلدى.

16. **جمع مع التفريق والتقسيم**. مەسىلەن: ﴿ يَوْمَ يَأْتِ لَا تَكَلَّمُ نَفْسٌ إِلَّا بِإِذْنِهِۦۚ فَمِنْهُمْ شَقِيٌّ وَسَعِيدٌ ﴿١٠٥﴾ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ شَقُوا۟ فَفِى ٱلنَّارِ لَهُمْ فِيهَا زَفِيرٌ وَشَهِيقٌ ﴿١٠٦﴾ خَٰلِدِينَ فِيهَا مَا دَامَتِ ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلْأَرْضُ إِلَّا مَا شَآءَ رَبُّكَۚ إِنَّ رَبَّكَ فَعَّالٌ لِّمَا يُرِيدُ ﴿١٠٧﴾ ۞ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ سُعِدُوا۟ فَفِى ٱلْجَنَّةِ خَٰلِدِينَ فِيهَا مَا دَامَتِ ٱلسَّمَٰوَٰتُ وَٱلْأَرْضُ إِلَّا مَا شَآءَ رَبُّكَۖ عَطَآءً غَيْرَ مَجْذُوذٍ ﴿١٠٨﴾ ﴾②. بۇ يەردە عدم تكلمغا

بِٱلْخَيْرَٰتِ بِإِذْنِ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَضْلُ ٱلْكَبِيرُ ﴿٣٢﴾ ﴾. جمع مع التقسيمنىڭ ھەدىستىكى مىسالى رەسۇلۇللاھنىڭ مۇبارەك سۆزىدۇر: «لكل انسان ثلاثة اخلاء فاما خليل فيقول ما انفقت فلك وما امسكت فليس لك فذلك ماله واما خليل فيقول انا معك فاذا اتيت باب الملك تركتك ورجعت فذلك اهله وحشمه (ئۇنىڭ خىزمەتچىسى) واما خليل فيقول انا معك حيث دخلت وحيث خرجت فذلك عمله» (رواه الحاكم).

① حاولوا: تەلەپ قىلسا. اشياع: دوستلار. سجية: ئادەت، خىسلەت. بدع: يېڭى ئىشلار.

② 11- سۈرە ھۇد.



پۈتۈن جانلىقلار جەمئىي قىلىندى. نفىنىڭ ئاستىدىكى نكرة عمومنى ئىپادىلەيدۇ. ئاندىن بۇلاردا پەرق بايان قىلدىكى، بەزىسى شقى ۋە بەزىسى سعيد. ئۇنىڭدىن كېيىن، اشقياءغا لايىق دخول نارنى اشقياء تەرەپكە، سعداءغا لايىق دخول جنةنى سعداء تەرەپكە نسبەت بەردى.

تقسيمگە ئىككى ئېنىقلىما بار: 1) بىر نەرسىنىڭ بىر قانچە ھالەتلىرى بولغان بولۇپ، بۇ ھالەتلەرنىڭ ھەر بىرىگە ماس كېلىدىغان نەرسىلەرنى زىكرى قىلىش. بۇنىڭ مىسالى شائىر متنبىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

سَأَطْلُبُ حَقِّيْ بِالْقَنَا وَمَشَائِخٍ * كَأَنَّهُمْ مِنْ طُوْلِ مَا الْتَمَثُوْا مُرْدُ

ثِقَالٍ اِذَا لَاقُوْا خِفَافٍ اِذَا دُعُوْا * كَثِيْرٍ اِذَا شُدُّوْا قَلِيْلٍ اِذَا عُدُّوْا①

بۇنىڭدا «مشايخ»نىڭ بىر قىسىم ئەھۋالى، يەنى «ثقل، خفة، كثرة، قلة» قاتارلىقلار بىلەن بىرگە، ھەر بىرسىگە ماس كېلىدىغان يەنە بىر نەرسە، يەنى «ثقل»غا «حالة ملاقاة»، «خفة»كە «حالة دعاء» زىكرى قىلىندى. 2) بىر شەيئىنىڭ ھەممە قىسىملىرىنى بايان قىلىش. مەسىلەن: ﴿ يَهَبُ لِمَن يَشَآءُ إِنَٰثًا وَيَهَبُ لِمَن يَشَآءُ ٱلذُّكُورَ ﴿٤٩﴾ أَوْ يُزَوِّجُهُمْ ذُكْرَانًا وَإِنَٰثًاۖ وَيَجْعَلُ مَن يَشَآءُ عَقِيمًاۚ ﴾②.

① قنا: نەيزە. مشائخ: تەجرىبىلىك كىشىلەر. التمثوا: نىقابلىنىۋالدى. مرد: ئىڭەكلىرىگە تۈك چىقمىغان.

② 42- سۈرە شۇرا 49~ 50- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

17. تجـريد ـــــ مـەلۇم سۆپـەتكە ئىگـە بىـر نەرسـدىن مۇبالىغە كۆزلەنگەن ئاساستا، شۇ سۆپەتكە ئوخشاش سۆپـەتكە ئىگە يەنە بىر نەرسىنى تارتىپ چىقىرىشتۇر.

تجريد يەتتە قىسمغا بۆلىنىدۇ[①]: 1) مِنْ إبتدائية بىلەن بولغـان تجريد. 2) منتزع منەغا داخىل بولغان باء تجريدية. 3) منتزع منـــەغا داخىل بولغـان باء معية تجريدية. 4) منتزع منەغـا داخـىل بولغـان فى تجريدية. 5) حرفنىڭ ۋاستىسىز بولغان تجـريد. 6) كنايـــة يولـى بىلەن بولغـان تجـريد. 7) ئىنسـانىنىڭ ئۆزىگـە خىتـاب قىلىشى بىلەن بولغان تجريد.

مِنْ إبتدائية بىلەن بولغان تجريدنىڭ مىسالى: لِيْ مِنْ فُلَان صَدِيْقٍ حَمِيْمٍ. بۇنـىڭدىكى صـــديقتـىن شـۇنىڭغا ئوخشـاش سـاداقەت سۆپىتىگە ئىگە يەنە بىر كىشى تارتىپ چىقىرىلدى.

منتزع منەغا داخـىل بولغـان باء تجريدية بولغىنىنـىڭ مىسـالى: لئن سألتَ فلانًا لَتسألنَّ به البحر، بۇنىڭدىن فلاننىڭ سېخىيلىقىدا مۇبالىغە قىلىنىشتۇر.

منتزع منەغا داخىل بولغان باء معية تجريديەنىڭ مىسالى:

وَشَوْهَآءُ تَعْدُوْ بِيْ اِلٰى صَارِخِ الْوَغٰى * بِمُسْتَلْئِمٍ مِثْلَ الْفَنِيْقِ الْمُرَحَّلِ[②]

① لان الانتزاع اما ان يكون بحرف اوبدونه والحرف اما من اوالباء اوفى والباء اما داخلة على المنتزع منه اوعلى المنتزع وما يكون بدون حرف اما ان يكون لا على وجـــه الكنايـــة اويكون على وجهها ثم هو اما انتزاع من غير المتكلم اوانتزاع من المتكلم نفسه.

② شَوْهَآء: كۆرۈمسىز ئات، سەت ئات. تَعْدُوْ: يۈگـرەيدۇ. صَارِخ: قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلـىپ ۋارقـىرىغۇچى. اَلْوَغٰى: جـەڭ، ئۇرۇش. مُسْـــتَلْئِم: ساۋۇت (تۆمـۈر كىيىم) كىيىنگۈچى. اَلْفَنِيْق: مىنمەي بېقىلغان ئېسىل تۆگە. اَلْمُرَحَّل: قويۇۋېتىلگەن.



بۇنىڭدا شـائىر ضمير متكلم مجرور (بِى)دا تجريد قىلـدى. متكلم شۇنداق بىر چەككە يېتىپ كەتكـەنكى، ئۇنىڭدىـن يەنـە بىـر جەڭچى تارتىپ چىقارغىلى بولغۇدەك دەرىجىدە.

منتزع منەغا داخىل بولغان فى تجريديەنىڭ مىسالى: ﴿لَهُمۡ فِيهَا دَارُ ٱلۡخُلۡدِ﴾[①]. بۇنىڭدىكى ضمير ﴿هاء﴾دىن جەھەننەم مەقسەتتۇر. ﴿دَارُ ٱلۡخُلۡدِ﴾دىنمۇ جەھەننـەم مەقسـەت. تجـــريد يولـى بىلـەن جەھەننەمنى ﴿دَارُ ٱلۡخُلۡدِ﴾دىن ئايرىۋالدى.

حرفنىڭ ۋاستىسىز بولغان تجريدنىڭ مىسالى شائىر قتـــادة بن مسلمة حنفىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

فَلَئِنْ بَقِيْتُ لَاَرْحَلَنَّ بِغَزْوَةٍ * تَحْوِى الْغَنَائِمَ اَوْيَمُوْتَ كَرِيْمُ[②]

شائىر تجريد بويىچە «كريم»دىن ئۆز زاتىنى مەقسەت قىلدى.

كناية يولى بىلەن بولغان تجريدنىڭ مىسالى شائىر اعشىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

يَا خَيْرَ مَنْ يَّرْكَبُ الْمَطِيَّ وَلَا * يَشْرَبُ كَأْسًا بِكَفِّ مَنْ بَخِلَا[③]

بۇنىڭدا، شائىر ئۇنىڭ قولىدىـن ممدوح شاراب ئىچمەيدۇ، دەپ كنايە يولـى بويىچـە مخـــاطبتـىن بىـر سېخىينى تـارتىپ چىقاردى. ملزوم (بېخىلنـىڭ قولىدىـن شاراب ئىچىشنى يوقـا

① 42- سۈرە ھامىم سەجدە 28- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② بَقِيْتُ: ھاياتلا بولسام. لَاَرْحَلَنَّ: سەپەر قىلىپ تۇرىمەن. بِغَـــزْوَة: ئۇرۇش سەۋەبى بىلەن. تَحْوِى: توپلايدۇ، يىغىدۇ. كَرِيْم: ئېسىلزادە.

③ اَلْمَطِيّ: مىنىدىغان تۆگە. كَأْسًا: قاچا. كَفّ: ئالقان.

چىقىرىش)دىن لازىم (سېخىينىڭ قولىدىن ئىچىش) ثابت بولدى.

ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە خىتاب قىلىشى بىلەن بولغان تجريدنىڭ مىسالى شائىر متنبیىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

لَا خَيْلَ عِنْدَكَ تُهْدِيْهَا وَلَا مَالُ * فَلْيُسْعِدِ النُّطْقُ اِنْ لَمْ يُسْعِدِ الْحَالُ[1]

بۇنىڭدا شائىر ئۆز زاتىدىن ئۆزىگە ئوخشاش كەمبەغەلنى تارتىپ چىقىرىپ ئۇنىڭغا تجريد يولى بويىچە خىتاب قىلدى.

18. **مبالغة مقبولة** —— متكلم مەلۇم بىر سۈپەتنى بايان قىلىشتا (مەيلى ئۇ ئاشۇرما سۈپەت بولسۇن ياكى كېمەيتمە سۈپەت بولسۇن)، مۇمكىن بولمايدىغان ياكى ئەقلدىن ھالقىپ كەتكەن بىر چەككە يېتىپ كەتكەنلىكتۇر.

ئۇ ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) تبليغ. 2) اِغراق. 3) غُلُوّ.

ئەگەر قىلىنغان دەۋا ئەقلىي ۋە ئادەت جەھەتتىن مۇمكىن بولىدىغان ئىش بولسا، تبليغ دېيىلىدۇ. تبليغنىڭ مىسالى شائىر إمرأ القيسنىڭ ئاتنى مەدھىيىلەپ ئېيتقان مۇنۇ شېئىرىدۇر:

فَعَادَى عِدَاءً بَيْنَ ثَوْرٍ وَنَعْجَةٍ * دِرَاكًا فَلَمْ يَنْضَحْ بِمَاءٍ فَيُغْسَلِ[2]

---

① خَيْل: ئات. تُهْدِيْ: سوغا قىلىسەن. فَلْيُسْعِدِ: ياردەم بەرسۇن. اَلنُّطْق: چىرايلىق سۆز. اَلْحَال: بۇ يەردە پېقىرلىق مەقسەتتۇر.

② عادى: قوغلىدى. ثور: ياۋا كالىنىڭ ئەركىكى. نعجة: ياۋا كالىنىڭ چىشىسى. دراكًا: ئارقىمۇ-ئارقا. لم ينضح: تەرلىمىدى. فيغسل: فلم يغسل دېگەن بولىدى.



www.uyghurkitap.com

شائىرنىڭ، ئاتنىڭ بىرلا چېپىشىدا ياۋا كالىنىڭ ئىككىلىسىنى شىكار قىلىپ تۇرۇپمۇ تەرلىمەسلىكىنى دەۋا قىلىشى ئەقلىي ۋە ئادەت جەھەتتىن مۇمكىن بولىدىغان ئىشتۇر.

قىلىنغان دەۋا ئەقلىي جەھەتتىن مۇمكىن بولۇپ، ئادەتتە مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولسا، اغراق دېيىلىدۇ. اغراقنىڭ مىسالى شائىر عمرو بن الايهم تغلبیىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

وَنُكْرِمُ جَارَنَا مَادَامَ فِيْنَا * وَنُتْبِعُهُ الْكَرَامَةَ حَيْثُ مَالَا[1]

ئەگەر قىلىنغان دەۋا ئەقلىي جەھەتتىنمۇ ۋە ئادەت جەھەتتىنمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولسا غلو دېيىلىدۇ.

غلونىڭ مىسالى شائىر ابو نواسنىڭ پادىشاھ هارون رشيدنى مەدھىيىلەپ ئېيتقان بۇ شېئىرىدۇر.

وَاَخَفْتَ اَهْلَ الشِّرْكِ حَتّى أَنَّهُ * لَتَخَافُكَ النُّطَفُ اللَّتِيْ لَمْ تُخْلَقِ

بليغ ۋە اغراق ھەر ۋاقىت مەقبۇل بولىدۇ.

غلونىڭ ئىچىدىن بىر قىسىملىرى مەقبۇل ھېسابلىنىدۇ. مۇمكىنچىلىككە يېقىنلاشتۇرىدىغان بىرەر لفظ كىرگۈزۈلگىنى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مەسىلەن: ﴿يَكَادُ زَيْتُهَا يُضِيءُ وَلَوْ لَمْ تَمْسَسْهُ نَارٌ﴾[2]. بۇنىڭدا ﴿اضاءة زيت بلا نار﴾ بىلەن «اضاءة مصباح» باراۋەر دەپ قارالدى. بۇ بولسا، ئەقلىي ۋە ئادەت

---

① نُتْبِعُه: ئەۋەتىپ بېرىمىز. مالا: نەگە كەتسە.

② 24- سۈرە نۇر 35- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

جەھەتتىن مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، ﴿يَكَادُ﴾ دېگەن لفظ بۇنى مۇمكىنچىلىككە ئېلىپ كېلىدۇ.

19. **مذهب كلامى** —— اهل كلامنىڭ تەرىقىسى بويىچە دەلىل كەلتۈرۈش. مەسىلەن: ﴿لَوۡ كَانَ فِيهِمَآ ءَالِهَةٌ إِلَّا ٱللَّهُ لَفَسَدَتَا﴾①. بۇ ئىبارەتنىڭ ئەسلىسى: «لوكان ... لكنهما لم يفسدا فلم يكن فيهما آلهة».

20. **حُسْنُ التعليل** —— مەلۇم بىر سۈپەتكە مۇناسىپ بولغان بىر ئىنچىكە سەۋەبنى زىكرى قىلغانلىقتۇر.

ئۇ تۆت قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) بىر سۈپەتنىڭ مۇناسىپ سەۋەبى بارلىقى دەۋا قىلىنىسىمۇ، لېكىن ئۇ سەۋەب ئادەتتە ئاشكارا بولمايدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىر متنبىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

لَمْ يُحْكِ نَائِلَكَ السَّحَابُ وإِنَّمَا * حُمَّتْ بِهِ فَصَبِيبُهَا الرُّحَضَاءُ②

دېمەك، بۇلۇتتىن سۇنىڭ ئېقىشى بولسا ئادەتتە بىرەر سەۋەب ظاهر بولمايدىغان سۈپەتتۇر، لېكىن شائىر بۇنىڭغا سەۋەب بايان قىلىدىكى، بۇلۇت ممدوحنىڭ ساخاۋىتىنى كۆرۈپ خىجىلچىلىقتا تەرلەپ كەتتى. 2) بىر سۈپەتنىڭ مۇناسىپ سەۋەبى بارلىقى دەۋا قىلىنىدۇ، لېكىن ئادەتتىكى سەۋەبى

① 21- سۈرە ئەنبىيا 22- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② لم يحك: ئوخشىمىدى. نائل: ساخاۋەت. حُمَّت: قىزىپ كەتتى. صبيب: قۇيۇلۇشى. رحضاء: تەر.



ئاشكارا بولماي، باشقا بىر سەۋەب ئاشكارا بولىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىر متنبىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

مَا بِهِ قَتْلُ أَعَادِيْهِ وَلٰكِنْ * يَتَّقِيْ إِخْلَافَ مَا تَرْجُو الذِّئَابُ①

دۇشمەننى ئۆلتۈرۈشنىڭ سەۋەبى ئەسلىدە زىياننى يوقىتىش ئىدى. بۇنىڭدا «قتل اعادى»نىڭ سەۋەبىنى مۇنداق چۈشەندۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ: ممدوح بۆرىلەرنىڭ ئۈمىدىگە خىلاپلىق قىلماسلىقنى خالايدۇ. شۇڭا دۇشمەننى ئۆلتۈرىدۇ. 3) مەۋجۇد ئەمەس بىر سۈپەتنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ئىسپاتلاش ئىرادە قىلىنىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىر مسلم بن ولىدنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

يَا وَاشِيًا حَسُنَتْ فِيْنَا إِسَاءَتُهُ * نَجَّى حِذَارُكَ أَنْسَانِي مِنَ الْغَرَقِ②

سۆزخەنچىنىڭ يامانلىقنى ياخشى ھېسابلاش دېگەن سۈپەت مەۋجۇد دېيىلىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە كىشىلەر ئۇنى ياخشى ئەمەس دەپ ئويلايدۇ. شائىر بۇنىڭ ياخشى بولۇش سەۋەبىنى مۇنداق چۈشەندۈردى: سۆزخەنچىنىڭ يامانلىقىنىڭ ياخشى بولۇشى، مېنىڭ قورقانلىقىم بولۇپ، شۇ سەۋەبلىك يىغام تۆكىدى. چۈنكى مەخپىيەت ئاشكارا بولۇپ قالمىسۇن دەپ يىغلىمىغانىدىم، كۆزۈم قارىغۇ بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىپ

① اعادى: دۇشمەنلەر. ذئاب: بۆرىلەر.

② واشى: سۆزخەنچى. إساءة: يامانلىق. حذارك ← حذارى اياك: قورقۇش. أنسان: كۆز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قالدى. 4) مەۋجۇد ئەمەس بىر سۈپەتنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكنى ئىسپاتلاش ئىرادە قىلىنىدۇ. بۇنىڭ مىسالى تلخيص المفتاحنىڭ مۇئەللىفى ئېيتقان مۇنۇ شېئىردۇر[1]:

لَوْ لَمْ تَكُنْ نِيَةُ الْجَوْزَاءِ خِدْمَتَهُ * لَمَا رَأَيْتَ عَلَيْهِ عِقْدَ مُنْتَطَقِ[2]

جوزاءنىڭ ممدوحقا خىزمەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن شائىر «لَمَا رَأَيْتَ» ئارقىلىق مۇناسىپ سەۋەبنى ئىسپاتلىدى. بۇ سەۋەب، جوزاءنىڭ بەلباغ باغلىغانلىقىدۇر.

21. **تفريع** ــــ بىر شەيئىدە ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق نەرسە بولۇپ، بىرىگە بىر ھۆكۈمنى ئىسپاتلاپ بەرگەندىن كېيىن، يەنە بىرىگىمۇ شۇ ھۆكۈمنى ئىسپاتلاپ كەلتۈرگەنلىكتۇر. بۇنىڭ مىسالى شائىر كميتنىڭ ئەھلى بەيتنى مەدھىيىلەپ ئېيتقان مۇنۇ شېئىردۇر:

اَحْلَامُكُمْ لِسِقَامِ الْجَهْلِ شَافِيَةٌ * كَمَا دِمَاءُكُمْ تَشْفِي مِنَ الْكَلَبِ[3]

بۇنىڭدا شائىر ئەھلى بەيتكە خاس ئىككى نەرسىنىڭ بىرى بولغان «دماء»غا «شفاء»دىن ئىبارەت ھۆكۈمنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، «احلام»دىن ئىبارەت يەنە بىر نەرسىگىمۇ شۇ «شفاء» دېگەن ھۆكۈمنى ئىسپاتلىدى.

---

① بۇ ئەسلىدە مۇشۇ مەزمۇندا يېزىلغان فارسى شېئىر ئىدى، بۇنى مۇئەللىف ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىپ نەزملەشتۈرگەن.
② جوزاء: جەۋزا بۇرجى. منتطق: بەلباغ. عقد: باغلاش.
③ أَحْلَام: ئەقىل. سقام: كېسەللىك. كَلَب: غالجىر ئىت.



22. **تأكيد المدح بما يشبه الذم.** ئۇ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: 1) ئەۋزەل قىسىم، يەنى دەسلەپتە ممدوحتىن ذم يوققا چىقىرىلىپ، كەينىدىن استثناء بويىچە مدح سۈپىتى زىكرى قىلىنىدۇ. بۇنىڭ مىسالى نابغة ذِبيانى دەپ ئاتالغان شائىر زياد بىن معاويەنىڭ ئېيتقان مۇنۇ شېئىردۇر:

وَلَا عَيْبَ فِيهِم غَيْرَ أَنَّ سُيُوْفَهُمْ * بِهِنَّ فُلُوْلٌ مِنْ قِرَاعِ الْكَتَائِبِ[1]

2) مدح زىكرى قىلىنغاندىن كېيىن حرف إستثناء كېلىپ، يەنە مدح سۈپىتى زىكرى قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «أَنَا اَفْصَحُ الْعَرَبِ بَيْدَ أَنِّى مِنْ قُرَيْشٍ»[2]. بۇنىڭدىكى مدح سۈپەت «أَفْصَحُ الْعَرَبِ»دۇر، إستثناء «بَيْدَ» بولۇپ، بۇ غير مەنىسىدە (لېكىن).

23. **تأكيد الذم بما يشبه المدح.** بۇمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچىسىنىڭ مىسالى: فلانٌ لَا خَيْرَ فِيْهِ إِلَّا أَنَّهُ يُسِيْءُ اِلٰى مَنْ أَحْسَنَ اِلَيْهِ. ئىككىنچىسىنىڭ مىسالى: فلان فَاسِقٌ إِلَّا أَنَّهُ جاهلٌ.

24. **استتباع** ــــ بىر مدحنىڭ ئىچىدە يەنە بىر مدح تېپىلغانلىقتۇر. بۇنىڭ مىسالى شائىر متنبىنىڭ مۇنۇ شېئىردۇر:

نَهَبْتَ مِنَ الْاَعْمَارِ مَا لَوْ حَوَيْتَهُ * لَهَنَّئَتِ الدُّنْيَا بِأَنَّكَ خَالِدُ[3]

---

① فلول: قىلىچنىڭ بىسى ئۇچۇپ كېتىش. قراع: بىر-بىرىگە ئۇرماق. كتائب: ئەسكەر.
② ھەدىس شەرىف.
③ نَهَبْتَ: بۇلىدۇڭ. حَوَيْتَهُ: يىغقان بولساڭ. هَنَّئَتْ: مۇبارەكلىنەتتى، روناق تاپاتتى. خَالِد: باقىۋەند.

بۇنىڭدا ممدوحنى كامىل شىجائەت بىلەن تەرىپلەش بار. چۈنكى دۈشمەنلەرنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش شىجائەتسىزلىك بىلەن مۇمكىن بولمايدۇ. بۇنىڭدا يەنە ممدوح ئەبەدىي ھاياتلا بولسا، دۇنيا ئىشلىرىنىڭ مەڭگۈ روناق تاپىدىغانلىقىمۇ بار.

25. **اِدماج** —— مەلۇم بىر مەنە ئۈچۈن (بۇ مەدھىيە بولسۇن ياكى باشقىسى بولسۇن) سۈرۈلگەن كالامغا، يەنە بىر مەنىنى ئۆزىگە ئالدۇرۇش. بۇ إستتباعغا قارىغاندا ئاممراقتۇر. چۈنكى، إستتباع مدحگىلا خاس ئىدى. بۇنىڭ مىسالى شائىر ابو الطيب متنبىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر: مەسىلەن:

أُقَلِّبُ فِيْهِ أَجْفَانِى كَأَنِّى * أَعُدُّ بِهَا عَلَى الدَّهْرِ الذُّنُوْبَا[1]

بۇنىڭدا شائىر «أُقَلِّبُ فِيْهِ أَجْفَانِى»دىن ئىبلىنغان كېچىنىڭ ئۇزۇن بولۇپ كېتىشى دېگەن سۆپەتكە، «كَأَنِّى أَعُدُّ بِهَا عَلَى الدَّهْرِ الذُّنُوْبَا»دىن ئىبلىنغان بىدارلىق دېگەن شىكايەتنى ئۆزىگە ئالدۇردى.

26. **توجيه** —— كالامنى قارىمۇقارشى بولغان ئىككى خىل مەنىگە ئاغدۇرغىلى بولىدىغان قىلىپ كەلتۈرگەنلىكتۇر. ئۇ يەنە محتمل الضدين دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىر بشار بن بىرد ئېيتقان مۇنۇ شېئىرىدۇر:

خَاطَ لِيْ عَمْرٌو قَبَا * لَيْتَ عَيْنَيه سوَاء

① أُقَلِّبُ: ئۆرۈيمەن. اَجْفَان: قاپاقلار. اَعُدُّ: سانايمەن. اَلدَّهْر: زامان.



بۇ يەكچەشمىگە قارىتا ئېيتقان سۆز بولۇپ، ئىككىلى كۆزى ياخشى بوپكەتسىكەن ياكى ئىككىلىسى كۆرمەس بوپقالسىكەن، دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇنى مەدھىيەگىمۇ ۋە ھەجۋىگىمۇ ئاغدۇرغىلى بولىدۇ.

27. **الهذل الذى يراد به الجد** —— بىر نەرسىنى مازاق يولى بىلەن زىكرى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن راستىنى مەقسەت قىلىشتۇر[1]. بۇنىڭ مىسالى شائىر ابو نواسنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

اِذَا مَا تَمِيْمِيٌّ اَتَاكَ مُفَاخِرًا * فَقُلْ عَدِّ عَنْ ذَاكَ كَيْفَ اَكْلُكَ لِلضَّبِّ[2]

بۇنىڭدا، مازاق قىلىش يولى بىلەن چاقچاق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن گەپنىڭ راستى مەقسەت قىلىنىدۇ.

28. **تجاهل العارف** —— ئۆزىنى بىلمەسكە سېلىۋېلىش. بۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى سوق المعلوم مساق غيره لنكتة[3]دۇر. نكتة —— گاڭگىراپ قېلىش، ئەقلىنى يوقىتىش دېگەندەك مەنى-

① ھۆكۈمنىڭ تېشى راست، ئىچى مازاق بولىدۇ، ئىككىسىنىڭ پەرقى بار.

② عَدِّ: ئۆتۈپ كەت. ضَبّ: كېلە.

③ بۇ «سوق المعلوم مساق غيره» بولسا علامة سەكاكى ﷺ قويغان ئاتالغۇدۇر. بۇ زات: «تجاهل العارِف» دەپ ئاتاشنى ياقتۇرمايمەن. چۈنكى بۇ كالام ئىلاھىيدىمۇ كېلىدۇ: ﴿ وَمَا تِلْكَ بِيَمِينِكَ يَٰمُوسَىٰ ﴿١٧﴾ ﴾ (سۈرە تاھا). ئۆزىنى بىلمەسكە سېلىۋېلىشنى الله تعالىغا نىسبەت بېرىش ئەدەبسىزلىكتۇر، دەيدۇ.

بۇنىڭ پايدىسى كايىشنى ئىپادىلەش، ياكى مەدھىيىدە مۇبالىغە قىلىشنى ئىپادىلەش، ياكى ئەيىبلاشتا مۇبالىغە قىلىشنى ئىپادىلەشتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ـدىكى سۆزدۇر. بۇنىڭ مىسالى شائىر حسين بن عبد الله
العرجىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

بِاللهِ يَاظَبِيَّاتِ الْقَاعِ قُلْنَ لَنَا * اَلَيْلَايَ مِنْكُنَّ اَمْ لَيْلَى مِنَ الْبَشَرِ

29. **القول بالموجب.** بۇ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: 1) بىرەيـ
ـلەن مەلۇم بىر شەيئىنى بىرەر سۈپەت بىلەن سۈپەتلىگەن بولـ
ـسا، يەنە بىرەيلەننىڭ شۇ سۈپەتنى ئىشلىتىپ يەنە بىر شەيـ
ـئىنى سۈپەتلىگەنلىكىدۇر. مەسىلەن: ﴿يَقُولُونَ لَئِن رَّجَعۡنَآ إِلَى ٱلۡمَدِينَةِ لَيُخۡرِجَنَّ ٱلۡأَعَزُّ مِنۡهَا ٱلۡأَذَلَّۚ وَلِلَّهِ ٱلۡعِزَّةُ وَلِرَسُولِهِۦ وَلِلۡمُؤۡمِنِينَ وَلَٰكِنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ لَا يَعۡلَمُونَ﴾①. 2) بىراۋنىڭ كالامىدا واقىع
بولغان لەفزىنى شۇنىڭ مۇرادىنىڭ خىلاپىغا ئېلىپ كېلىشىدۇر.
بۇنىڭ مىسالى شائىر ابو داود جارية بن الحجاجنىڭ مۇنۇ شېئىـ
ـرىدۇر:

قُلْتُ ثَقَّلْتُ اِذْ اَتَيْتُ مِرَارًا * قَالَ ثَقَّلْتَ كَاهِلِي بِالْأَيَادِى②

بۇنىڭدىكى «ثَقَّلْتُ»دىن شائىرنىڭ مۇرادى يېمەك-ئىچمەك
ئېغىرچىلىقنى مەقسەت قىلىش ئىدى. ممدوح بۇ لەۋزىگە
مۇناسىۋەتلىك بولغان «اَلْأَيَادِى»نى زىكرى قىلغان ھالدا كۆپ
ئېھسان ۋە نېئمەتلەر بىلەن ماڭا ئېغىرچىلىق چۈشۈرۈپ قويـ
ـدۇڭ، دەپ ئۇنىڭ خىلاپىغا ئاپىرىپ قويدى.

① 63- سۈرە مۇنافىقۇن 8- ئايەت.

② ثَقَّلْتُ: ئېغىرچىلىق چۈشۈرۈپ قويدۇم. كاهل: مۈرە. اياد: نېئمەتلەر.



30. **اِطِّرَاد** — بىراۋنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئىسمىنى
تۇغۇلۇش تەرتىپى بويىچە بايان قىلغانلىقتۇر. بۇنىڭ مىسالى
شائىر ربيعة بن عبيدنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

اِنْ يَقْتُلُوْكَ فَقَدْ ثَلَلْتَ عُرُوْشَهُمْ * بِعُتَيْبَةَ بْنِ الْحَارِثِ بْنِ شِهَابِ①

بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇش تەرتىپى زىكرى قىلىنغان.

**محسنات لفظى**مۇ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە قىسىمغا بۆلۈـ
ـنىدۇ:

1. **جناس بين اللفظين** — ئىككى لەفزىنىڭ تەلەپپۇزى بىر-
بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقتۇر.

ئىككى لفظ ھەرپلەرىنىڭ نوعلىرى، سانى، ھەيئەتلىرى ۋە
تەرتىپى قاتارلىق تۆتىدە ئىتتىپاق كەلسە جناس تام، ھەيئەتتە
ئوخشىماسلىق بولسا جناس محرف، ھەرپلەرنىڭ كەم-زىيادىلىـ
ـكىدە ئوخشىماسلىق بولسا جناس ناقص، ھەرپلەرنىڭ نوعلىرىدە
ئوخشىماسلىق بولسا جناس مضارع ياكى جناس لاحق، ھەرپـ
ـلەرنىڭ تەرتىپىدە ئوخشىماسلىق بولسا جناس مقلوب دېيىلىدۇ.

جناس تامنىڭ بىرىنچى تەقسىمى: ئەگەر امور اربعەدە
ئىتتىپاق كەلگەن ئىككى لفظ بىرلا نوعدىن (ئىككى اسم، ياكى
ئىككى فعل، ياكى ئىككى حرف) بولسا، مماثل دەپ ئاتىلىدۇ.
مەسىلەن: ﴿وَيَوۡمَ تَقُومُ ٱلسَّاعَةُ يُقۡسِمُ ٱلۡمُجۡرِمُونَ مَا لَبِثُواْ غَيۡرَ سَاعَةٍۚ﴾②.

① ثللت عروشهم: ئۇلارنىڭ نام-نىشانىنى ئۇچۇرىۋەتتىڭ.

② 30- سۈرە رۇم 55- ئايەت.

بۇنىڭدىكى ﴿سَاعَةَ﴾ دېگەن لەۋزى امور اربعةدىن باشقا، اسمدىن ئىبارەت نوعدە بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ.

ئەگەر ئىككى نوعدىن (اسم ۋە فعل، ياكى اسم ۋە حرف، ياكى فعل ۋە حرف) بولسا، مستوفى دەپ ئاتىلىدۇ.

اسم ۋە فعلنىڭ مىسالى شائىر ابو تمامنىڭ يحيى بن عبد الله البرمكىنى مەدھىيىلەپ ئېيتقان مۇنۇ شېئىرىدۇر:

مَا مَاتَ مِنْ كَرَمِ الزَّمَانِ فَاِنَّهُ * يَحْيٰى لَدٰى يَحْيَى بْنِ عَبْدِ اللهِ[1]

بۇنىڭدا بىرىنچى «يَحْيٰى» ــــ فعل، ئىككىنچى «يَحْيَى» ــــ اسمدۇر.

اسم ۋە حرفنىڭ مىسالى: رُبَّ رجلٍ شَرِبَ رُبَّ رجلٍ آخر. بۇنىڭدا بىرىنچى «رُبَّ» ــــ حرف جر (تقليل ياكى تكثير ئۈچۈن)، ئىككىنچى «رُبَّ» ــــ اسم بولۇپ، ئۈزۈم شارابى دېگەن مەنىدە.

فعل ۋە حرفنىڭ مىسالى: علا زيدٌ على جميعِ أهله أي إرتفع عليهم. بۇنىڭدا بىرىنچىسى ــــ فعل، ئىككىنچىسى ــــ حرفتۇر.

جناس تامنىڭ ئىككىنچى تەقسىمى: ئەگەر جناس تامنىڭ ئىككى لفظىنىڭ بىرى مركّب، يەنە بىرى مفرد بولسا، بۇ جناس التركيب دەپ ئاتىلىدۇ.

---

① مَا: أي ما موصولة فى محل رفع على الابتداء وخبره جملة فانه الخ.



جناس التركيبتىكى ئىككى لفظىنىڭ يېزىقتا پەرقى بولمىسا، متشابه دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىر ابو الفتح البستىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

اِذَا مَلِكٌ لَمْ يَكُنْ ذَاهِبَة * فَدَعْهُ فَدَوْلَتُهُ ذَاهِبَة[1]

بۇنىڭدىكى بىرىنچى «ذَاهِبة» ــــ «ذَا» ۋە «هِبَة»دىن بىرىككەن، ئىككىنچى «ذَاهِبَة» ــــ مفرد (اسم فاعل)دۇر. دېمەك، بۇ ئىككىسى خەت شەكلى ۋە ئاڭلىنىشتا بىردۇر.

جناس التركيبتىكى ئىككى لفظىنىڭ يېزىقتا پەرقى بولسا، مفروق دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىر ابو الفتح البستىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

كُلُّكُمْ قَدْ اَخَذَ الْجَامَ وَلَا جَامَ لَنَا * مَا الَّذِىْ ضَرَّ مُدِيْرَ الْجَامِ لَوْ جَامَلَنَا

يەنى، عَامَلَنَا بالجميل. بۇنىڭدا بىرىنچى متجانس، يەنى «لَا جَامَ لَنَا» ــــ «لَا»نىڭ اسم ۋە خبرىدىن بىرىككەن، ئىككىنچىسى فعل ۋە ضمير منصوب متصلدىن بىرىككەندۇر. لېكىن، ضمير كەلىمىنىڭ بىر قىسمىدۇر. شۇڭا مەجمۇئەسى مفرد كەلىمىنىڭ ئورنىدا. ئەلھاسىل، مفرد ۋە مركّبكە كۆرسەتكەن مىسال سەھىھتۇر. بۇ، بىرىككەن لەۋزى كەلىمە ۋە كەلىمىنىڭ بىر قىسمىدىن بىرىكمىگەندە شۇنداق بولىدۇ.

ئەگەر كەلىمە ۋە كەلىمىنىڭ بىر قىسمىدىن بىرىككەن بولسا، ئۇ، جناس مرفوّ دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: هذا مصاب أم

---

① بىرىنچى ذاهبة: سوۋغات ئىگىسى. ئىككىنچى ذاهبة: كەتكۈچى.

طعم صاب[1]. بۇنىڭدا بىرىنچى متجانس ــــ «مصاب» بولۇپ، بۇ تولۇق بىر كەلىمىدۇر. ئىككىنچىسى «طعم»نىڭ «ميم»ى بىلەن بىرىكمە بولغان كەلىمىدۇر.

ئىككى متجانس لەۋزى ــــ ھەرپلەرنىڭ نوع، سانى ۋە تەركىبىدە ئىتتىپاق كېلىپ، پەقەت ھەرپلەرنىڭ ھەيئىتىدىلا ئوخشىمىسا محرِّف دېيىلىدۇ.

ئوخشاسلىق بەزىدە ھەرىكەت بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: جُبَّةُ الْبُرْدِ جُنَّةُ الْبَرْدِ (يۇڭدىن توقۇلغان تون سوغۇقتىن پەردىدۇر). بۇنىڭدا «بُرْد» ۋە «بَرْد» پەقەت ھەرىكەت ئېتىبارىدىنلا ئوخـ
ـشىمىدى.

ئوخشاسلىق بەزىدە ھەرىكەت ۋە ساكىن ھەر ئىككى ئېتىبارىدىن بولىدۇ. مەسىلەن: البدعةُ شَرَكُ الشِّرْكِ. بۇنىڭدا «شين» ــــ بىرىنچىسىدە مفتوح، ئىككىنچىسىدە مكسور، «راء» ــــ بىرىنچىسىدە مفتوح، ئىككىنچىسىدە ساكن.

ئىككى متجانس لەۋزى ــــ ھەرپلەرنىڭ نوع، سانى ۋە تەركىبىدە ئىتتىپاق كېلىپ، پەقەت ھەرپىنىڭ سانىدىلا ئوخشىمىسا ناقص دېيىلىدۇ.

ناقص ئالتە قىسىمغا بۆلىنىدۇ: بىرى، بىر ھەرپ زىيادە بولغىنى بولۇپ، بۇ ئۈچ خىل: كەلىمىنىڭ ئەۋۋىلىدە، ياكى ئوتتۇرىدا، ياكى ئاخىرىدا بولۇش. يەنە بىرى، بىر ھەرپتىن

① مصاب: شېكەر قۇمۇچى. صاب: ئاچچىق دەرەخنىڭ شەربىتى.



ئارتۇق بولغىنى بولۇپ، بۇمۇ ئۈچ خىل: كەلىمىنىڭ ئەۋۋىلىدە، ياكى ئوتتۇرىدا، ياكى ئاخىرىدا بولۇش.

كەلىمىنىڭ ئەۋۋىلىدە بىر ھەرپ ئارتۇق بولغىنىنىڭ مىسالى: ﴿وَٱلْتَفَّتِ ٱلسَّاقُ بِٱلسَّاقِ ﴿٢٩﴾ إِلَىٰ رَبِّكَ يَوْمَئِذٍ ٱلْمَسَاقُ﴾[1]. بۇنىڭدىكى ﴿ٱلْمَسَاقُ﴾نىڭ بېشىدا «ميم» ئارتۇقتۇر.

كەلىمىنىڭ ئوتتۇرىدا بىر ھەرپ ئارتۇق بولغىنىنىڭ مىسالى: جَدِّى جَهْدِى[2]. بۇنىڭدا «جَهْد»نىڭ ئوتتۇرىدىكى «هاء» ئارتۇقتۇر.

كەلىمىنىڭ ئاخىرىدا بىر ھەرپ ئارتۇق بولغىنىنىڭ مىسالى شائىر ابو تمامنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

يَمُدُّوْنَ مِنْ أَيْدٍ عَوَاصٍ عَوَاصِمِ * تَصُوْلُ بِاَسْيَافٍ قَوَاضٍ قَوَاضِبِ[3]

بۇنىڭدىكى «عَوَاصِم»نىڭ ئاخىرىدا «ميم» ئارتۇقتۇر. «عَوَاصٍ»نىڭ تەنۋىنىنىڭ ئېتىبارى يوق. چۈنكى، تەنۋىن اضافة ياكى وقفنىڭ ۋەجھىدىن ساقىت بولۇپ كېتىدۇ. بەزىلەر بۇنى مطرّف دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى زىيادىسى ئاخىرىدا بولدى.

بىر ھەرپتىن ئارتۇق زىيادە بولغىنىمۇ ئۈچ خىل بولىدۇ. بۇنىڭ ئىككى ھەرپ زىيادە بولغىنىنىڭ مىسالى شائىرە خنساءنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

اِنَّ الْبُكَاءَ هُوَ الشِّفَا * ءُ مِنَ الْجَوٰى بَيْنَ الْجَوَانِحِ[4]

① 75 - سۈرە قيامه 30 - ئايەت.
② جَدّ: بايلىق. جَهْد: مۇشەققەت.
③ يَمُدُّوْنَ: سوزىدۇ. عَوَاص: هاسىلار (قىلىچلار). عَوَاصِم: قوغدىغۇچى، ھىمايە قىلغۇچى. تَصُوْلُ: ھۇجۇم قىلىدۇ. قَوَاض: ھۆكۈم قىلغۇچىلار. قَوَاضِب: ئۈلـ
ـتۈرگۈچىلەر. يەنى يمدون ايديا ضاربات للاعداء حاميات للاولياء صائلات على الاقران بسيوف حاكمة بالقتل قاطعة.
④ اَلْجَوٰى: ئىشق-مۇھەببەتتىكى كۆيۈك. اَلْجَوَانِح: بىقىنلار.

www.uyghurkitap.com

بۇ يەردە «نون» ۋە «حاء» زىيادىدۇر. بۇ، مذيَّل دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر ھەرپلەرنىڭ نوعلىرىدە ئىككى ھەرپنىڭ ئوخشىماسلىقى يۈز بەرسە، بۇنىڭدا ئوخشىماسلىق بىر ھەرپتىن كۆپ بولماسلىقى شەرت.

ئوخشىماسلىق ئېتىبارىدىن جناس ئىككى قىسىمدۇر: 1) جناس مضارع. 2) جناس لاحق.

ئوخشىماسلىق يۈز بەرگەن ئىككى ھەرپ مەخرەجدە بىر-بىرىگە يېقىن بولسا جناس مضارع دەپ ئاتىلىدۇ.

جناس مضارع ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ. 1) يات ھەرپ ئەۋۋىلىدە بولۇش. ھەرىرىينىڭ بۇ سۆزىگە ئوخشاش:

بَيْنِي وَبَيْنَ كِنِّي لَيْلٌ دَامِسٌ وَطَرِيْقٌ طَامِسٌ①

بۇنىڭدا «دال» ۋە «طاء» بىر-بىرىگە زىتتۇر. لېكىن مەخرەجدە بىر-بىرىگە يېقىندۇر. بۇنىڭ ھەدىستىن كەلتۈرۈلگەن مىسالى: «ما اضيف الى شيء افضل من علم الى حلم»②. 2) يات ھەرپ ئوتتۇرىدا بولۇش. مەسىلەن: ﴿وَهُمۡ يَنۡهَوۡنَ عَنۡهُ وَيَنۡـَٔوۡنَ عَنۡهُ﴾③. بۇنىڭدا ﴿يَنۡهَوۡنَ﴾ ۋە ﴿وَيَنۡـَٔوۡنَ﴾ ئىككىسى متجانس بولۇپ، ھمزة ۋە هاء ئوتتۇرىدا كەلدى. بۇلار ئۆزئارا زىت بولسىمۇ مەخرەجدە بىر-بىرىگە يېقىن. چۈنكى، ئىككىلىسى

① كن: ئۆي. دامس: قاراڭغۇ. طامس: ئۆچۈپ كەتكەن.
② ئىبنىس سىننى رىۋايىتى.
③ 6- سۈرە ئەنئام 26- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



حروف حلقيةدىندۇر. بۇنىڭ ھەدىستىن كەلتۈرۈلگەن مىسالى: «إستعيذوا بالله من طمع يهدى الى طبع»①. 3) يات ھەرپ ئاخىردا بولۇش. مەسىلەن: «الخيلُ معقودٌ بنواصيها الخير»②. بۇنىڭدا «لام» ۋە «راء» ئاخىردا كەلدى. مەخرەجمۇ يېقىندۇر.

ئوخشىماسلىق يۈز بەرگەن ئىككى ھەرپ مەخرەجدە بىر-بىرىگە يېقىن بولمىسا، جناس لاحق دەپ ئاتىلىدۇ. جناس لاحقمۇ ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ. 1) يات ھەرپ ئەۋۋىلىدە بولۇش. مەسىلەن: ﴿وَيۡلٞ لِّكُلِّ هُمَزَةٖ لُّمَزَةٍ﴾③. بۇنىڭدىكى ئوخشىماسلىق باشتىكى «هاء» ۋە «لام»دا، لېكىن مەخرەجدە يېقىن ئەمەس. 2) يات ھەرپ ئوتتۇرىدا بولۇش. مەسىلەن: ﴿ذَٰلِكُم بِمَا كُنتُمۡ تَفۡرَحُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّ وَبِمَا كُنتُمۡ تَمۡرَحُونَ ٧٥﴾④. بۇنىڭدا ﴿تَفۡرَحُونَ﴾ ۋە ﴿تَمۡرَحُونَ﴾دىكى ﴿فاء﴾ ۋە ﴿ميم﴾ مەخرەجدە يېقىن ئەمەس، ئوتتۇرىدا كەلدى. 3) يات ھەرپ ئاخىردا بولۇش. مەسىلەن: ﴿وَإِذَا جَآءَهُمۡ أَمۡرٞ مِّنَ ٱلۡأَمۡنِ﴾⑤. بۇ يەردە ﴿أَمۡر﴾ ۋە ﴿ٱلۡأَمۡن﴾دە ﴿راء﴾ ۋە ﴿نون﴾ —— متباعد المخرج بولۇپ، ئاخىردا كەلدى.

ئەگەر ئىككى متجانس —— نوع، سان، ۋە ھەيئەتتە بىر خىل بولۇپ، ھەرپلەرنىڭ تەرتىپىدىلا ئوخشىمىسا، بۇ تَجْنِيْسُ الْقَلْبِ

① ئەھمەد ۋە بەيھەقى رىۋايىتى.
② ھەدىس شەرىف.
③ 104- سۈرە ھۇمەزە 1- ئايەت.
④ 103- سۈرە مۇئمىن.
⑤ 4- سۈرە نىسا 83- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىر احنف بن قـيسنىڭ مۇنـۇ شېئىرىدۇر:

حِسَامُهُ فَتْحٌ لِاَوْلِيَاءِهِ * حَتْفٌ لِاَعْدَائِهِ[1]

بۇنىڭدىكى ئىككى متجانس «فَتْح» ۋە «حَتْف»دۇر. «فَـتْح»دە ئەۋۋەل «فاء»، كەيىندىن «تاء»، ئاندىن «حاء» بار. «حَـتْف»دە ئۇنىڭ تەتۈرسى. بۇنىڭ ئىسمى قلب كُلّدۇر. ئەگەر قلب بەزى ھەرپتە يۈز بەرسە ئۇ قلب بعض دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: «اللهم استر عوراتنا وآمن روعاتنا»[2]. بۇنىڭدىكى «عوراتنا» ۋە «روعاتنا»دا «الف»، «تاء»، «نـون» ئۆرۈلمەي ئۆز جايىدا تۇردى، لېكىن «عين»، «واو»، «راء»دا قلب يۈز بەردى.

تجانس قلب بولغان ئىككى لفظنىڭ بىرى شېئىرنىڭ بېشىدا، يەنە بىرى شېئىرنىڭ ئاخىرىدا بولسا، بۇ مقلوب مُجَنِّح دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

لَاحَ اَنْوَارُ الْهُدٰى * مِنْ كَفِّهٖ فِى كُلِّ حَالٍ

بۇ يەردە «لاح» بىلەن «حال»دە قلب بار. «لاح» شېئىرنىڭ بېشىدا، «حال» شېئىرنىڭ ئاخىرىدا كەلدى.

ئەگەر ئىككى متجانستىن بىرى يەنە بىرىگە متصـل كەلسە (جناس تام بولسۇن، ياكى محرف ۋە ناقص بولسۇن، ياكى لاحق ۋە

① حسام: قىلىچ. حَتْف: ئۆلۈم.
② صحيحيننىڭ ھەدىسى.



مضارع بولسۇن، ياكى مقلوب بولسۇن عامدۇر)، بۇ جناس مُزْدَوَج، مكرَّر ۋە مردَّد دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَجِئْتُكَ مِن سَبَإِۭ بِنَبَإٖ يَقِينٍ﴾[1]. بۇنىڭدا ﴿سَبَإِ﴾ ۋە ﴿نَبَإٍ﴾ بىر-بىرىگە متصل ۋە تجنيس لاحقتۇر.

تۆۋەندىكى ئىككىسى ھەقىقىي جناستىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جناسقا تەۋە بولۇشى زۆرۈردۇر: 1) ئىككى لفظ اشتقاقتا جەمئىي بولۇش. مەسىلەن: ﴿فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ ٱلْقَيِّمِ﴾[2]. بۇنىڭدىكى ﴿أَقِمْ﴾ ۋە ﴿ٱلْقَيِّمِ﴾ ئىككىسى متجانستۇر، قام يقومدىن ياسالغاندۇر. بۇ، تجنيس إشتقاق ياكى جناس مقتضب دەپ ئاتىلىدۇ. 2) ئىككى لفظ بىر-بىرىگە ئوخشاپ كەتكەن بولۇپ، قارىماققا اشتقاقتىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشاشكەن دېگەن گۇماننى كەلتۈرگەن، ئەمما ئىككىسى باشقا-باشقا لفظ بولغان. مەسىلەن: ﴿قَالَ إِنِّي لِعَمَلِكُم مِّنَ ٱلْقَالِينَ﴾[3]. بۇنىڭدىكى ﴿قَال﴾ ۋە ﴿ٱلْقَالِين﴾ ئىككىسى متجانس بولۇپ، تاشقى كۆرۈنىشى بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ. لېكىن ماھىيەتتە ﴿قَال﴾ قولدىن ۋە ﴿ٱلْقَالِين﴾ قلى (يەنى بغض مەنىسىدە)دىن ياسالغاندۇر.

2. **رد العجز على الصدر** ـــ بۇ تصديرمۇ دېيىلىدۇ. بۇ نَثْرِ ۋە نظم ھەر ئىككىلىسىدە مەۋجۇدتۇر.

تصدير نَثر ـــ لفظ تەكرار ھەمدە معنىدىمۇ ئىتتىپاق كەلگەن ئىككى لفظنىڭ، ياكى لفظدە بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان،

① 27 - سۈرە نەمل 22- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② 30 -سۈرە رۇم 43- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ 26 - سۈرە شۇئەرا 168- ئايەت.

مەنىدە ئوخشىمايدىغان، ياكى ئىككى متجانسقا قوشۇلغان ئىككى لفظنىڭ بىرىنى فقرەنىڭ بېشىدا، يەنە بىرىنى فقرەنىڭ ئاخىرىدا كەلتۈرگەنلىكتۇر. مەسىلەن: ﴿وَتَخۡشَى ٱلنَّاسَ وَٱللَّهُ أَحَقُّ أَن تَخۡشَىٰهُ﴾①. بۇنىڭدىكى ﴿وَتَخۡشَى﴾ ۋە ﴿تَخۡشَىٰه﴾ لفظدە تەكرار، مەنىدە ئىتتىپاقتۇر. بىرى فقرەنىڭ بېشىدا، يەنە بىرى فقرەنىڭ ئاخىرىدا كەلدى②.

تصدير نظم — بۇنىڭغا ئائىت ئىككى لفظنىڭ بىرى شېئىرنىڭ ئاخىرىدا، يەنە بىرى بىرىنچى مىسرانىڭ بېشىدا، ياكى ئوتتۇرىدا، ياكى ئاخىرىدا، ياكى ئىككىنچى مىسرانىڭ بېشىدا كەلتۈرۈلگەنلىكتۇر. بۇنىڭ مىسالى شائىر مغيرة بن عبد اللهنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

سَرِيْعٌ اِلَى ابْنِ الْعَمِّ يَلْطِمُ وَجْهَهٗ * وَلَيْسَ اِلٰى دَاعِى النَّدٰى بِسَرِيْعِ③

بۇنىڭدا «سَرِيْع» لەۋزى تەكراردۇر.

3. سَجْع — نثرگە ئائىت ئىككى جۈملىنىڭ ئاخىرى بىرلا ھەرپكە ئىتتىپاق كەلگەنلىكتۇر. بۇ ئۈچ قىسمغا بۆلىنىدۇ: 1) مطرَّف. 2) مرصع. 3) متوازى.

ئىككى جۈملىنىڭ ۋەزنىسى باراۋەر ئەمەس، لېكىن سَجْع ھەرپلىرى ئىتتىپاق كەلسە سَجْع مطرَّف دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

---

① 33- سۈرە ئەھزاب 37- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② قالغىنىنىڭ مىسالى قىسقارتىلدى، ئۇنى «تلخيص المفتاح»تىن كۆرۈۋېلىڭ.
③ يلطم: كاچاتلايدۇ. ندى: ساخاۋەت.



﴿مَّا لَكُمۡ لَا تَرۡجُونَ لِلَّهِ وَقَارًا ۝١٣ وَقَدۡ خَلَقَكُمۡ أَطۡوَارًا ۝١٤﴾①. بۇنىڭدا ﴿وَقَارًا﴾ ۋە ﴿أَطۡوَارًا﴾ ۋەزنى جەھەتتە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ②.

ئىككى جۈملىنىڭ ھەممىسى ياكى كۆپرەك لفظلىرى ۋەزنى جەھەتتە بىر-بىرىگە باراۋەر بولسا سَجْع مرصع دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى حريرىنىڭ بۇ سۆزىدۇر:

فَهُوَ يَطْبَعُ الْاَسْجَاعَ بِجَوَاهِرِ لَفْظِهٖ * وَيَقْرَعُ الْاَسماعَ بِزَوَاجِرِ وَعْظِهٖ

بۇنىڭدا بىرىنچى فقرەنىڭ فاصلەسى «لَفْظ»، ئىككىنچىسى «وَعْظ» بولۇپ، ئىككىسى ۋەزىندە باراۋەردۇر. شۇنداقلا بىرىنچى فقرەنىڭ ھەربىر كەلىمىسى ئىككىنچى فقرەگە ۋەزىندە مۇۋاپىقتۇر. ئىككىلى كەلىمىدە قافيه «راء»تۇر.

ئىككى جۈملىنىڭ ۋەزنىسى مجموع ئېتىبارى بىلەن باراۋەر بولۇپ، لفظ ئېتىبارى بىلەن باراۋەر بولمىسا سَجْع متوازى دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿فِيهَا سُرُرٞ مَّرۡفُوعَةٞ ۝١٣ وَأَكۡوَابٞ مَّوۡضُوعَةٞ ۝١٤﴾③. بۇنىڭدا بىرىنچى فقرەنىڭ فاصلەسى ﴿مَّرۡفُوعَة﴾دۇر ۋە ئىككىنـ

---

① 71- سۈرە نۇھ.
② بۇ ۋەزىندىن شېئىر ۋەزنىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. علم الصرف ۋەزنىسى كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. شېئىر ۋەزنىسى دېگىنىمىز — گەرچە نوعلىكتە ئوخشىمىسىمۇ، ھەرىكەتنىڭ باراۋىرى مۇتلەق ھەرىكەت بولۇشتۇر. مەسىلەن: فتحەنىڭ باراۋىرىدە ضمة كەلگەنگە ئوخشاش. علم الصرف ۋەزنىسى دېگىنىمىز — ھەرىكەتنىڭ باراۋىرىدە دەل شۇ ھەرىكەتنىڭ ئۆزى بولۇشتۇر. مەسىلەن: ضمەتنىڭ باراۋىرىدە ضمة كەلگەنگە ئوخشاش.
③ 88- سۈرە غاشىيە.

چىسىنىڭ ﴿مَوْضُوعَة﴾ بولۇپ، بۇ ۋەزن ۋە قافىيىدە بىر-بىرىگە مۇۋاپىق، لېكىن ﴿سُرُر﴾ ۋە ﴿أَكْوَاب﴾ ۋەزن ۋە قافىيىدە باراۋەر ئەمەس.

«قۇرئان كەرىم»گە ئەدەب ساقلاش ئۈچۈن، سىجئنىڭ ئورنىدا فاصلة ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى سجع دېگىنىمىز كەپتەرنىڭ سايرىغىنىنى ئۇقتۇرىدىغان كەلىمىدۇر.

4. موازنة ـــ نىرگە ئائىت ئىككى جۈملىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى كەلىمە ۋەزنىدە باراۋەر، ئاخىرقى ھەرپتە باراۋەر بولمىغانلىقتۇر. مەسىلەن: ﴿وَنَمَارِقُ مَصۡفُوفَةٌ ۝١٥ وَزَرَابِيُّ مَبۡثُوثَةٌ ۝١٦﴾[①]. بۇنىڭدا ﴿مَصۡفُوفَة﴾ ۋە ﴿مَبۡثُوثَةٌ﴾ ئىككىسى ۋەزنىدە باراۋەردۇر، قافىيىدە باراۋەر ئەمەس. چۈنكى، بىرىنچىسىنىڭ قافىيىسى ﴿فاء﴾، ئىككىنچىسىنىڭ ﴿ثاء﴾دۇر. تاء التأنيثنىڭ قافىيىدە ئېتىبارى يوق.

5. قلب ـــ نىر ياكى نظمنى تەتۈرسىگە ئوقۇسىمۇ ئوقۇغاننىڭ ئەينى ھاسىل بولغانلىقتۇر. بۇ مقلوب مستوى ۋە ما لا يستحيل بالانعكاس دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى: ﴿كُلٌّ فِي فَلَكٍ﴾[②]. ﴿وَرَبَّكَ فَكَبِّرۡ ۝٣﴾[③].

6) تشريع ـــ شېئىر ئىككى قافىيە ئۈستىگە قۇرۇپ چىقلىپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن قايسى بىرىدە وقف قىلىنسا، مەنە

① 88- سۈرە غاشىيە.
② 36- سۈرە ياسىن 40- ئايەتنىڭ قىسمى.
③ 74- سۈرە مۇددەسسىر.



صحيح بولۇۋەرگەنلىكتۇر. بۇ يەنە توشيح ۋە ذا القافيتين دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى شائىر حريرىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

يَا خَاطِبَ الدُّنْيَا الدَّنِيَّةِ اِنَّهَا * شَرَكُ الرَّدٰى وقَرَارَةُ الْاَكْدَارِ[①]

بۇنىڭدا ئىككى قافىيە بار: بىرى «رَدٰى»، يەنە بىرى «اكدار». بىرىنچى قافىيىدە شېئىر بحر كاملنىڭ ضرب ثامندىن بولىدۇ. ئىككىنچى قافىيە ضرب ثانىدىن بولىدۇ. ھەر ئىككىلى شەكىلدە مەنە صحيح تۇرىۋېرىدۇ.

7. لزوم ما لا يلزم ـــ فاصلةدىن ئىلگىرى سجعگە لازم بولمىغان حرف روى ياكى ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدىغان نەرسىنى كەلتۈرگەنلىكتۇر. بۇ يەنە التزام، ياكى تضمين، ياكى تشديد، ياكى اعنات دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿فَأَمَّا ٱلۡيَتِيمَ فَلَا تَقۡهَرۡ ۝٩ وَأَمَّا ٱلسَّآئِلَ فَلَا تَنۡهَرۡ ۝١٠﴾[②]. بۇ يەردە حرف روى ﴿راء﴾دىن ئىلگىرى لزوم ما لا يلزم بولغان ﴿هاء﴾ كەلتۈرۈلدى. ئەمما، سجع بۇنىڭسىزمۇ دۇرۇستۇر. بۇنى مۇنداق دېسىمۇ بولىدۇ: فلا تنهر ولا تسخر.

ئاگاھ بولۇڭكى، محسناتتا لفظلەر مەنىلەرگە ئەگىشىشى زۆرۈردۇر.

① دنية: پەسكەش. شرك: تور. ردى: ھالاكەت. قرارة: تۇرۇپ قالىدىغان جاي. اكدار: دۇغا، ئارىلاشما.
② 93- سۈرە زۇھا.

## ئۈچىنچى پەننىڭ خاتىمىسى: سرقات شعرية توغرىسىدا

ئىككى سۆزلىگۈچىنىڭ ئومۇمىي مەقسەتتە تاسادىپىي ئىتتىپاق كېلىش يۈز بەرسە، بۇ ئوغۇرلاش ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن: ئىككى ئادەم شجائەت ياكى ساخاۋەتنى سۈپەتلىگەندەك.

ئەگەر ئىككى سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزى مەقسەتكە دالالەت قىلىش تەرىقىسىدە، باشقا يول بويىچە ئىتتىپاق كېلىپ قالسا①، ئەگەر ئۇ ھەممە ئادەم بىلىدىغان نەرسە بولسا②، بۇمۇ ئوغۇرلىغانلىق ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇنى ھەممە ئادەم بىلىپ كېتەلمىسە، «پالانى باشقىلاردىن ئېشىپ كەتتى» دېيىلىدۇ ھەمدە ئوغۇرلىغانلىق ھېسابلانمايدۇ.

**اخذ** ۋە سرقة ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: 1) سرقة ظاھر. 2) سرقة غير ظاھر.

---

① مەسىلەن: تشبيه، مجاز، استعارة قاتارلىقلاردا ئىتتىپاق كېلىپ قالغانغا ئوخشاش.

② مەسىلەن: باتۇرنى اسدكە، سېخىينى بحرگە تشبيه قىلغانغا ئوخشاش.



**سرقة ظاھر** —— لفظ ۋە مەنىنىڭ ھەممە يېرىنى ياكى بەزى يەرلىرىنى كۆچۈرۈپ ئىشلەتكەنلىكتۇر.

ئەگەر لفظنى شۇ پېتىلا كۆچۈرگەن بولسا، بۇ مذموم دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەنە نسخ ۋە انتحال دەپمۇ ئاتىلىدۇ. گەرچە لفظنى شۇ پېتى كۆچۈرمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى ھەممە كەلىمىلەرنىڭ ياكى بەزى كەلىمىلەرنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ مەنىداشلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن ئالماشتۇرۇپ مەيدانغا ئېلىپ چىقىشىمۇ مۇشۇ ھۆكۈمگە كىرىدۇ.

ئەگەر مەلۇم بىر نەزمنى ئۆزگەرتىپ ياكى ئۇ نەزمىدىكى بەزى لفظلەرنى كۆچۈرۈپ ئىشلەتكەن بولسا، بۇ، اغارة ياكى مسخ دېيىلىدۇ.

ئەگەر ئىككىنچى ئادەمنىڭ قۇراشتۇرغان نەزمىسى ئەسلىدىكىدىن ابلغ بولغان بولسا ممدوح، ئۇنداق بولمىسا مذموم دېيىلىدۇ. ئەگەر ئەسلىدىكىسى بىلەن ئوخشاش چىقىپ قالسا، «ياخشى ياكى يامان» دېيىلمەيدۇ.

ئەگەر مەلۇم بىر نەزمنىڭ مەنىسىنىلا كۆچۈرۈپ ئىشلەتكەن بولسا، بۇ اِلْمَام ۋە سلخ دېيىلىدۇ. بۇمۇ اغارەگە ئوخشاش ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ. (ئىككىنچىسى بىرىنچىسىدىن ابلغ بولۇش، تۆۋەن چىقىپ قېلىش، باراۋەر چىقىش).

**سرقة غير ظاھر** —— مەنىنىڭ ئايرىۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئوخشىشىپ كېتىشىدۇر. بۇ، بىرەيلەن يەنە

بىرەيلەننىڭ ئەسىرىنى كۆچۈرۈپ ئىشلەتكەنلىكى ئېنىق بولغان ئەھۋالغا قارىتىلغاندۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، سرقة دېيىلمەي، اتفاق دېيىلىدۇ.

سرقة غير ظاھىردە ئۆزگىرىش قانچە كۆپ بولسا، ئۇنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشمۇ شۇنچە زىيادە بولىدۇ.

**اقتباس** ـــ «قۇرئان كەرىم» ياكى «ھەدىس شەرىف»تىن بىرەر جۈملە سۆزنى ئۆزىنىڭ نەسرىگە ياكى نەزمىسىگە كىرگۈزۈۋېلىپ، بۇنى «قۇرئان كەرىم»دىن ياكى «ھەدىس شەرىف»تىن ئالدىم دەپ ئەسكەرتمىگەنلىكتۇر. بۇنىڭ مىسالى ھەرىرىنىڭ بۇ سۆزىدۇر: فَلَمْ يَكُنْ إِلَّا كَلَمْحِ الْبَصَرِ اَوْهُوَ اَقْرَبُ. بۇ، ئەسلىدە «قۇرئان كەرىم»نىڭ لەۋزىدۇر.

**تضمين** ـــ ئۆزىنىڭ مەقستىنى باشقىلارنىڭ شېئىرىدىن ئۆزۈندە ئېلىپ ئۇقتۇرغانلىقتۇر. مەسىلەن:

عَلٰى اَنِّى سَاَنْشُدُ عِنْدَ بَيْعِى * اَضَاعُوْنِى وَاَىَّ فَتًى اَضَاعُوا

بۇ شېئىرنىڭ ئىككىنچى مىسراسى باشقا شائىرنىڭ ئىدى.

**عقد** ـــ نەسرىنى اقتباسنىڭ تەرىپىگە ئۇدۇللىشىپ قالماسلىق شەرتى ئاستىدا نەزمىلەشتۈرگەنلىكتۇر. بۇنىڭ مىسالى شائىر ابو العتاهيةنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

مَا بَالُ مَنْ اَوَّلُهُ نُطْفَةٌ * وَجِيْفَةٌ اٰخِرُهُ يَفْخَرُ

بۇ ئەسلىدە ھەزرىتى على ﷺنىڭ: «ما لابن ادم والفخر وانما اوله نطفة واخره جيفة» دېگەن سۆزى ئىدى.



عقد قرآننىڭ مىسالى مۇنۇ شېئىردۇر:

فان الله خلاق البرايا * عنت لجلال هيبة الوجوه
يقول اذا تداينتم بدين * الى اجل مسمى فاكتبوه

عقد حديثنىڭ مىسالى ابو الحسن طاهر بن معوذ الاشبيلىنىڭ مۇنۇ شېئىرىدۇر:

عُمْدَةُ الدِّيْنِ عِنْدَنَا كَلِمَاتٌ * اربعٌ قَالَهُنَّ خَيْرُ الْبَرِيَّة
اِتَّقِ الشُّبُهَاتِ وَازْهَدْ وَدَعْ مَا * لَيْسَ يَعْنِيْكَ وَاعْمَلْ بِنِيَّة

بۇنىڭدا تۆت ھەدىس نەزمىلەشتۈرۈلدى: 1) «انما الاعمال بالنيات». 2) «الحلال بين والحرام بين وبينهما مشتبهات»①. 3) «ازهد فى الدنيا يحبك الله وازهد فيما فى ايدى الناس يحبك الناس»②. 4) «من حسن اسلام المرء تركه ما لا يعنيه»③.

**حَلْ** ـــ نەزمىنى نەسرىلەشتۈرگەنلىكتۇر.

**تلميح** ـــ باشقىلارنىڭ شېئىرى، ياكى ضرب المثل، ياكى قىسسىسىگە ئىشارەت قىلغانلىقتۇر. مەسىلەن:

فَوَاللهِ مَا اَدْرِى أَاَحْلَامُ نَائِمٍ * اَلَمَّتْ بِنَا اَمْ كَانَ فِى الرَّكْبِ يُوْشَعُ④

بۇ، يوشع عليه السلامنىڭ قىسسىسىگە ئىشارەتتۇر.

متكلم شائىر بولۇشى ياكى كاتىپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تۆۋەندىكى ئۈچ خىل نەرسىگە چوقۇم ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى

---

① بۇخارى، مۇسلىم رىۋايىتى.
② ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
③ تىرمىزى رىۋايىتى.
④ احلام: چۈش. المت: چۈشتى. ركب: كارۋان.

لازىم: 1) قىلىدىغان سۆزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئالدىن بىلدۈرۈش. بۇ، براعة الاستهلال دەپ ئاتىلىدۇ. 2) مەقسەتكە ئائىت سۆزنى ئالدىن ئۇقتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئالدىنقى مەزمۇن بىلەن كېيىنكى مەزمۇننىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئەسلى مەقسەتنىڭ ئۆزىگە ئەپچىللىك بىلەن يۆتكىلىش. بۇ، تخلّص دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئالدىنقى مەزمۇنغا مۇناسىۋىتى يوق بىر مەزمۇنغا يۆتكەلسە، اقتضاب دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: حمد ۋە صلوةتىن كېيىن اَمَّا بَعْدُ دېيىلگەنگە ئوخشاش. 3) مەزمۇننى سامىئنىڭ زېھنىگە ياخشى تەسىر قالدۇرۇپ، كەمچىلىكنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان سۆز بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش.

زېرەك كىشىلەرگە مەخپىي ئەمەسكى، «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرىنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ھالەتلىرى ئەلا دەرىجىدە كەلدى تمّت ﷲ اكبر.

صَلَّى اللهُ تَعَالَى عَلٰى خَيْرِ خَلْقِهٖ مُحَمَّدٍ وَاٰلِهٖ وَاَصْحَابِهٖ اَجْمَعِيْنَ.

ئى الله! بىزنى ۋە بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنى ئىسلام دىنىنى سۆيىدىغان قىلغىن، قەلبلىرىمىزنى ئىسلامدىكى توغرا ئەقىدىگە مايىل قىلغىن، بىزلەرنى سەلەف ۋە خەلەف ئۆلىمالارنىڭ يولىنى تۇتۇشقا ھىدايەت قىلغىن، بىزنى ئۇلارنىڭ ۋارىسى قىلغىن، ئۇلارنى قەلبلىرىمىزگە چوڭ كۆرسەتكىن ۋە ئۇلارنىڭ يولىدىن چىقىپ كېتىشتىن ساقلىغىن، ئامىن!